# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى

1

1988

Altun0q

# دوكتور مۇھەممەت ئابدۇسالام مەكتىپىمىزدە



خەلقئارا نەزەرىيەۋى فىزىكا مەركىزى (ICTP) نىڭ
قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى، ب د ت ئىلىم-پەن مەسلىھەت ھەي-
ئىتىنىڭ رەئىسى، 3-دۇنيا پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ
باشلىقى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پاكىستان فىزىكا
ئالىمى مۇھەممەت ئابدۇسالام 1987 - يىل سېنتەبىردىكى
قەشقەردە بولغان كۈنلىرىدە مەكتىپىمىزگە كېلىپ، ئو-
قۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى ھەمدە مەكتەپ رەھبە-
رلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدى.



ئالىم مەكتەپ مۇدىرى چوڭ ھاجى
ۋە ش ئۇ ئار پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ
رەئىسى ئابباس بۇرھانىنىڭ ھەمراھلى-
قىدا فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخا-
نىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. قايتىش-
ئالدىدا كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ
خاتىرە قالدۇردى.

تۆۋەندىكى سۈرەتتە ئالدىنقى رەت:
ئوڭدىن 4-كىشى مۇھەممەت ئابدۇسالام




مۇھەممەت نۇرسۇن فوتوسى

AltunOq

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى

1988 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 28 - سان)

باش تەھرىر: چوڭ ھاجى    مۇئاۋىن باش تەھرىر: جاپپار روزى


## مۇندەرىجە


ئەدەبىي مىراس، ترادىتسىيە ۋە ناۋاتىرلىقلارنىڭ دىئالېكتىكىسى ............ شەرىپىدىن ئۆمەر (3)

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ............ يۈسۈپ ھۈسەيىن (30)

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەد يەسەۋى ۋە يەسەۋىچىلىك ............ ئا . مۇھەممەت ئىمىن (43)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى ............ ئابدۇكېرىم باقى (50)

لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئورنى ............ ئابدۇخېلىل روزى (57)

ئىككى جۈزئىي ئالدىنقى شەرت (ئاساس) تىن يەكۈن چىقارغىلى بولامدۇ؟ ............ توختاجى ئىمىن (62)

شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە سەل قارىلىۋاتقان بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ............ ھېزىم قاسىم (65)

ئاخبارات سۈرىتى بىلەن بەدىئىي سۈرەتنىڭ پەرقى ............ مۇھەممەت تۇرسۇن (87)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزمنىڭ ئىككى تەرەققىيات باسقۇچى توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ راۋاجىدۇر ...... ئىسمايىل ئىمىن (91)

جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە 13 - قۇرۇلتاي ...... نەجمىددىن تۇردى (99)

غەربىي تۈرك خاقانلىقى ...... تۇرغۇن ئالماس (104)

قۇربانغەلى خەلد ۋە «تاۋارىخى خەمسە شەرقى» ...... ئابدۇرەھىم مۇھەممەت (131)

خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى ...... شېرىپ خۇشتار (135)

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتۈشتىكى بىرقانچە مەسىلە ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ...... ئابدۇسوپۇر سەئىدى (154)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى ...... مۇھەممەت تۇرسۇن

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى روزاخۇن سىدىق

ھۆرمەتلىك ژۇرنالخان:

ئۆتكەن يىلى ئېلىپ بېرىلغان گېزىت - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش تەرتىپكە سېلىشتىن كېيىن، ژۇرنىلىمىزنىڭ داۋاملىق چىقىرىلىشى تەستىقلاندى. ژۇرنالنىڭ يېڭى تەستىق نومۇرى CN65 — 1014/Z بولغىنىدىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىڭىزنى سورايمىز. مۇشتەرى بولۇش رەسمىيىتى بۇرۇنقىدەك بېجىرىلىدۇ.

# ئەدەبىي مىراس، ترادىتسىيە ۋە ناۋاتىرلىق-لارنىڭ دىئالېكتىكىسى

شەرىپىدىن ئۆمەر ※

بەدىئىي ئەدەبىيات- ۋەقەلىكنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلىشنىڭ كۈچلۈك ۋاستىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئەڭ مۇھىم ھاياتى ۋە مەنىۋىي ئېھتىياجىنىڭ بايلىقلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بولسا ئۆزىنىڭ يارقىن ئوبراز-لىرىدا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي تېندېنسىيىلىرىنى دەۋرنىڭ جەمئىيەت مەنپەئەتدار بولغان زۆرۈر مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى تەربىيىلەشكە، يارقىن خاراكتېرلارنى شەكىللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بىزنىڭ زامانىمىزدا ئەدەبىيات كوللېكتىپ ئىش، ئومۇمىي دۆلەت ۋە پارتىيە ئىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. يەنى ئۇلۇغ ئۇستازىمىز

---

※ پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر

تارىخقا نەزەر سالىدىغىنىمىزدا ئۆز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەممىدە ئەجدادلىرىمىزغا زامانداش بولۇپ ئۆتكەن باشقا كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي دۇنياسىنى پاكىزە تۇتۇپ، سەزگۈر ۋە زېرەك بولۇپ باتۇرلۇق بىلەن تەرەققىيپەرۋەرلىك يولىغا ماڭغانلىقىنى، لېكىن غاپىللىق، نادانلىق ۋە زوراۋانلىقنىڭ ئۇلارنىڭ پاكىزە ماددىي ۋە مەنىۋىي دۇنياسىنى چىرىتىپ، سەزگۈر ۋە زېرەكلىكىنى يەرنىڭ قەھرىگە دەپنە قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ماڭغان تەرەققىيپەرۋەرلىك يوللىرىنى گۇمران قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قىلچىمۇ ئەھمىيىتى بولمىغان ماددىي ۋە روھىي ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. لېكىن، كىشىلەر تارىخىي تەرەققىياتنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ تۇرغان غاپىللىق، نادانلىق ۋە زوراۋانلىقلار ئالدىدا تىز پۈكۈپ ياتقان ئەمەس. ئۇلار: «بىلىمەن ئاسان ئەمەس، ئالدىدىكى مۇشكۈل سەپەر، باسىمەن ئالغا قاراپ، ھەرقانچە زور بولسا خەتەر» دېگەن يىمىرىلمەس ئەقىدە ۋە پىداكارلىق بىلەن غاپىللىق، نادانلىق ۋە زوراۋانلىققا قار-

ۋ. ئى. لېنىننىڭ «ئەدەبىيات ئومۇمىي پارتىيە ئىشىنىڭ ئاجرالماس قىسمى بولۇپ قېلىشى كېرەك» دېگەن ۋەسىيىتى ھاياتىمىزغا ئاللىقاچان سىڭىپ كىردى.

ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا ھەممە نەرسىنى ئىنچىكىلەپ بىلىشكە ئىنتىلىدىغان ئىنسان ھاياتتىن كېرەكلىك مەلۇماتلارنى ئەقىل - ئىدىرەك مۇلاھىزىلەر ياردىمى بىلەن ھەم ھېس - ھاياجان ياردىمى بىلەن ئېلىشقا قادىردۇر. ك. ماركس تەبىرىچە «ئادەمزات ماددىي دۇنيادا پەقەت تەپەككۇر ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، ھەممە سەزگۈ ئەزالار ۋاستىسى بىلەن ھەم دۇنيانى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىدۇر.

دېمەك پەن ئوبيېكتىپ بارلىقنى بىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئەمەس. بىلىش جەريانىدا ھېس - تۇيغۇلار، سەزگۈلەر ھەم ئىشتىراك قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك يوللىرى بىلەن بارلىقتىكى ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن ئىنساننى ئۆگىنىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئادەملەرنىڭ مېھنەت ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدىكى پائالىيىتى ئى- رەڭسىز، ھېسسىياتسىز بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئىجابىي ياكى سەلبىي مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن ن. ئا. روباكىننىڭ كىتابىغا يازغان تەقرىزىدە ئېيتىلغاندەك «كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىسىز، ھېچقاچان كىشىلەردە ھەقىقەتنى ئىزدەش بولمىغان ۋە بولمايدۇ، بولۇشى ھەم مۇمكىن ئەمەس» (1)

---

شى شىندە تىلىك ئۆزت ئىچىدە، ئۆزلىرى «ئاچقان» بۇ ئوتتا بەزىدە ئۆزلىرى كۆيۈپ، بەزىدە كۆيدۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىنى بۈگۈنكى دەۋرگە باشلاپ كېلەلىدى. بىز تەنتەنە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرنىڭ غەلىبىسى ئەقىدە ۋە پىداكارلىقتىن كەلگەن. ئەقىدە ۋە پىداكارلىق بولغاندا، چىققىلى بولمايدىغان چوققا، يەڭگىلى بولمايدىغان غاپىللىق، يەڭگىلى بولمايدىغان مۇددىئا بولمايدۇ. ئەقىدە ۋە پىداكارلىق روھىغا ئىگە كىشىلەر مىللەت ۋە خەلقنىڭ پەخرى، تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى سەركەردە - سەرۋازلار بولۇشقا مۇناسىپ،

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى، ئەدىب، تارىخچى ئەدىبىي تەنقىدچى نەزەرىيىچىسى، تەتقىقاتچى شەربەتدىن ئۆمەر ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ئەقىدە ۋە پىداكارلىق روھىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ بىرى.

كۈچ - قۇدرەتلىك بولۇپ، دىت، ئەقىل - پاراسەت بولمىسا، پەر - پىرىنى قورۇپ يەيدىغان، ئوتۇن تالىشىپ ئىشلەپ، پوچۇق دانىغا ئىگە بولالمايدىغان، دەرياغا كىرسە ئۇششۇقى سۇغا چىلاشمايدىغان كىرنا جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ، ئۆزىنى ۋە مىللەتنى ئەشۇ تازا بىنىڭ مەنبەسى بولغان غاپىللىقتىن، دىت، پەم - پاراسەتسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە بۇ ئەقىدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 35 يىل يۈرەك

AltunOq

ئەگەر پەن ۋە تېخنىكىدا ئېنىق فەرقلىرى ۋە ئۆزىگە خاس چۈشەنچىلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئۆزلەشمىشى تەس بولسا، ئەدەبىيات ئومۇمەن تەلىم-تەربىيە دەرسلىكى سۈپىتىدە ھەممىگە باراۋەر قورال بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ كەسپىي، بىلىم دەرىجىسىدىن قەتئىينەزەر ھەممە كىشىلەر ئۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتالايدۇ.

ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر يۇرت ئەدەبىياتى ئۆزىنى ياراتقان خەلقنىڭ بىسە-دىشىي خاتىرىسىدۇر. بۇ خاتىرىدە ئېستېتىك - تەربىيىۋى، تارىخىي - مەرىپىي خۇسۇسىيەتلەر مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ.

ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدا ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى، مىراس ۋە ۋارىسلىقنى تەمىنلەشتە ئەدەبىيات غايەت مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېڭى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ئەھلىلىرى ئۆز ئەجدادلىرى قالدۇرغان ئەدەبىيات-سەنئەت دۇر-دانىلىرىنى ئۆگىنىش، ئاساسلىق ۋە ئۆزىنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئارقىلىق ھەممىشە ئۆز ئەسەرلىرىغا مۇرا-جەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئەينى زاماندا ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتماسلىق، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇش ئۈچۈن، تېماتىكىنى، بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلارنى تىنىماي يېڭىلاپ تۇرىدۇ.

ئەدەبىي مىراسلارغا مۇنداق مۇناسىۋەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەرىپىدىن بەدىئىي ئوزۇق ئېلىپ، زامانداش كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقىنى يۈك-

---

قېيىنلىشىپ قالغان يولداش شېرىپىدىن ئۆمەر ئۆز ئەقىدىسى يولىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جاپالىق ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، بۇ ساھەدە تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ بولغان ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئالتۇن يەردە قالمايدۇ، خەلق، مىللەت ئۈچۈن ئىشلىگەن كىشىلەرنى خەلق ۋە مىللەت بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. ئۆز ئىجادىي مېھنىتى، جاپالىق ئەجرى بىلەن ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن ئۆچمەس بىر ئەسىر ئۆمرىنى ئايىماي سەرپ قىلغان يولداش شېرىپىدىن ئۆمەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پەخرى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى نەچچە ئون مىليون ئاھالىنىڭ پەخرى بولۇپ قالدى. يولداش شېرىپىدىن ئۆمەر بۇ شەرەپلىك نامغا ئاسانلا ئېرىشىپ قالغانمۇ؟ بىز ھەممىمىز پەخىرلىنىدىغان بۇ پروفېسسورنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچمىش، كەچۈرمىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باقساقمىزدا ئۇنىڭ بۇ شەرەپلىك نامغا ئاسانلا ئېرىشىپ قالمىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

يولداش شېرىپىدىن ئۆمەر ئۆزىنىڭ تارىخى توغرىسىدا گەپ ئېچىلغاندا: «مەن تۇغۇلغاندا، ئائىلىمىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى مىللىتىمىزنىڭمۇ ئاسمانىدا يۇلتۇزى، يەردە يىلتىزى يوق زامانلار ئىدى» دەپ خۇرسىنىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز

سەك غايىۋى — ئېستېتىك غايىلار روھىدا تەربىيىلەش ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن مە-نىۋىيىتىنى بېيىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مىراس ھەم ۋارىسلىق، ترادىتسىيە ۋە نەۋاتىرلىق جەريانىنىڭ دىئالېكتىكى-سى ئەنە شۇ تەرىقىدە چەكسىز ھالدا داۋاملىشىدۇ.

ئۆتمۈشتە ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەبىي - سەنئەت، مىمارلىق ۋە ھۈنەر سەنئەت ساھەسىدە بىزنىڭ پاراسەتلىك ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەدەنىيەت بايلىقلىرى بىز ئۈچۈن، بىزگىنىكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مەدەنىي مىراس ھېسابلىنىدۇ.

مەدەنىي مىراس ماددىي (ئارخىتېكتورا، ئابىدىلار، ماددىي بۇيۇم، سەنئەت ئاسارى ۋە باشقىلار) ۋە مەنىۋى (ئەدەبىيات، پەن، مۇزىكا، رەسساملىق، گۈزەل سەنئەتى ۋە باشقىلار) خا-راكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئەينى زاماندا شۇ خەلق، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى قانچىلىك پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەلەيدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلما چۈشەنچىسىگە كىرىدىغان مەدەنىيەت ئىنتايىن كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى مۇرەككەپ ھادىسىدۇر. ئۇنى ئۈزۈلمىلىك چۈشىنىش نۇقتىسىدىن شەرتلىك ھالدا ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قىسىملىرىغا ئاجرىتالايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار — يەككانە بىر پۈتۈنلۈك تەركىبىگە ئىگىدۇر.

---

تارىختا ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدۈاتقان، «ئاسماندا يۇلتۇزى، يەردە يىلتىزى» بولمىغان، چاپىنىدا يەڭ، ئايىغىدا چەم يوق زاماندا، يەنى 1932-يىلى ئىلىدا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسى پاراسەتلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، «زاماندا ئېشاپ قالمىغان، ۋىجدان زاۋال تاپقان، مىللەت مىللەت بولماي قالغان» بۇ دەۋردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىپ، «توخۇغا بوزەك بولمايدىغان» ھالغا يەتكەن زېرەك پەرزەنتى شەرىپىدىننى يېڭى مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ، ئۇ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ دەۋردىكى ئىلمىي بىلىم يۇرتى (گىمنازىيە)دە تۈگىتىپ سەبىداشلىرى بىلەن بىرلىكتە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن يولداش شەرىپىدىن 1951-يىلىدىن 1953-يىلىغىچە بولغان 3 يىللىق ئوقۇ-غۇچىلىق ھاياتىدا تەلەپچانلىق روھى بىلەن چوڭقۇر ئىزدىنىپ تىرىشىپ ئوقۇپ، ئالاھىدە زور نەتىجىلىرى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققەت ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. يولداش شەرىپىدىننىڭ ئۆگىنىشتە زادىلا قانائەتلەنمەسلىك، ئوقۇشلۇق قوللانمىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئەتراپلىق ئىزدىنىش تەتقىق قىلىش روھى يۇقىرى دەرىجىلىك ماھارەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆز كۆرۈل بولۇشىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز ئانا مەكتىپىدە ئوقۇت

مەدەنىيەت ھەققىدىكى ماركسىزملىق تەلىماتتا ئاساسلانغاندا مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە شەكىللىرى ھەم ئادەملەرنىڭ ماددىي، جىسمانىي پائالىيىتى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىيلىكىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى قىسمى ئىنساننىڭ ئەمگىكىدىن (جىسمانىي ۋە ئەقلىي) يارىتىلغان بولۇپ ئۆز ئارا مەنتىقى دىئالېكتىك باغلانغان بولىدۇ. قىسقىچە مەدەنىي مىراس ئۆتمۈش ئەجدادلار تەجرىبىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، كېيىنكى ئەۋلادلار تەنقىدىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز دەۋرى تەلەپلىرى ئاساسىدا بېيىتىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋىي يادىكارلىقتۇر.

مەدەنىي مىراس – تارىخىي كاتېگورىيىدۇر. ئۇ مەلۇم جەمئىيەت ئىجتىمائىي – ئىقتىسادىي فورماتسىيىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆز غايىۋى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. لېكىن كونىسىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ ئۇنى چۆرۈپ تاشلىمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر يېڭى فورماتسىيە ئاۋۋال قولغا كەلتۈرۈلگەن ماددىي ۋە مەنىۋىي ئۇتۇقلاردىن ئىبارەت بولماسلىقى، تەرەققىيات ئۇنىڭ ئالدىغا قويغان يېڭى ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىشتا پايدىلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ھەم ھاياتنى قايتىدىن قۇرۇشتا ئۆتمۈش يادىكارلىقلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ مىراسلارغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك؟

---

قوچىلىقتا تەقسىم قىلىنىدۇ. يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر 1953-يىلىدىن 1956-يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە 3 يىل ئىچىدە فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دەرسلىك، كونسپېكت ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغان ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، لوگىكا تارىخى دەرسلىكلىرىنى ئۆزلىكىدىن چوڭقۇر ئۆگىنىپ، دەرسلىكلەرنىڭ يېتەرسىز قىسىملىرىنى تولۇقلاپ ۋە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ دەرس ئۆتۈپ، يەنە ھەم ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلىدۇ. جۇش ئۇرۇپ تۇرغان تالانتىنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى، شۇ يىللاردا شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان سوۋېت مۇتەخەسسىسى چاردىم تىلەكوۋ (قازاق) تەسىس قىلغان (تەكلىپ بويىچە) فىلولوگىيە پەنلىرى ئاسپىرانتۇرىيىسىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇتىدۇ. 1956-يىلى يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر بىر بۆلۈم ئوقۇغۇچىلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئونىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرى ئاسپىرانتۇرىيىسىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ 1958-يىلى دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن، سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر 1958-يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېت ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ماركسىزم كىلاسسىكلىرىنىڭ بىزگە تەلىم بېرىپ ئۆتكىنىدەك كاپىتالىستىك جەمئىيەت شارائىتىدا ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنى شانلىق ئىنقىلابقا تەييارلىغان، جەڭگىۋار كۈرەشچى كادىرلار يېتىشتۈرگەن ۋە سىياسىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈر غايىۋى قورالىنى ئىشلەپ چىققان بولسىمۇ، مەدەنىي جەھەتتىن ئېزىلگەن، مەرىپەتتىن مەھ-رۇم قىلىنغان سىنىپ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆز مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى يا-رىتالمىغان ئىدى. جۇڭگولىدىن يېڭى جەمئىيەت ئالدىدا بۇ ساھەدە قىيىن ۋەزىپە-لەرنىڭ تۇرغانلىقىنى ئۇلۇغ پرولېتارىيات داھىسى ۋىلادىمىر ئىلىيچ قايتا - قايتا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ: «ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ بىر يېرىدە «كاپىتالىزم پەقەت ئازچىلىق ئۈچۈن مەدەنىيەت بەردى، بىز بولساق سوتى-سىيالىزمنى ئەنە شۇ مەدەنىيەت ئاساسىدا قۇرۇشىمىز كېرەك. بىزدە باشقا ماتېرىيال يوق، ② دەپ كۆرسەتسە، باشقا بىر جايىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن پەن - تېخنىكىدىن ۋە ئومۇمەن كاپىتالىستىك روسىيە بىزگە مىراس قىلىپ قالدۇرغان ھەممە نەرسىدىن تەل - تۆكۈس پايدىلىنىش زۆرۈر. ئەلۋەتتە بۇ يولدا بىز چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن، خاتالار بولۇشى مۇقەررەر.»③

بىز يۇقىرىدىكى بىرىنچى ئۆزىنىدە مەدەنىي مىراسلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇ-لۇشىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەك، ئىككىنچى ئۆزىنىدە ئۇنىڭدىن

---

يولداش شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ ئۇيغۇر مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بېغىشلىغان 35 يىللىق ھاياتى تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىقى بىلەن تاتلىقى، ئىسسىقى بى-لەن سوغۇقى، ئازاب ئوقۇبىتى بىلەن بەخت-سائادىتى ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەن ئەگ-رى-توقاي ھايات. ئۇ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئالىي ئونىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانت-تۇرىيەسىنى پۈتتۈرۈپ، دۆلىتىمىزگە قايتقان يىلى مەملىكەت بويىچە ئوڭچىل ئوپپور-تونىزم ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت كېڭەيتىۋېتىلگەن ئۇچىغا چىققان سولچىل ھەرىكەتنىڭ بوران - چاپقۇنى ئېلىمىزدىكى ھەر بىر زىيالىينىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. ھەر بىر زىيالىي «دۈچ قىزىل بايراق» دەپ ئاتالغان، خەلق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆز ئوقىدىن چىقىرىۋەتكەن بۇ سولچىل ھەرىكەت ئىچىدە ماڭغان - تۇرغان، يېگەن - ئىچكەن، ئاغزىنى ئۆمەللەپ قىلغان گەپ - سۆزلىرىدىن ھېساب بېرىۋاتاتتى. ياش ئاسپىرانتمۇ قۇترىغان بۇ بور-ران - چاپقۇندىن خالىي بولالمىدى. ئۇ، شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىنىڭ دەرۋازىسىدىن بې-شىنى تىقار-تىقمايلا باسماقتا چۈشۈپ قالدى. شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتىدا كېيىلدىغان باش تاپالماي، ساماندەك ئۇچۇپ يۈرگەن «ئوڭچى»، «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بۇ ياش ئاسپىرانتنىڭ بېشىغا موككىدە كەيدۈرۈلۈپ، ھېساب بېرىدىغانلار سېپىگە

پايدىلىنىشتا، «قىيىنچىلىقلارغا» ھەتتا «خاتالىقلارغا» دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىنلىكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى.

مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە 1957 - يىلىدىن باشلانغان «سولچىللىق» ئېقىمى تا 4 كىشىلىك گۇرۇھ تار - مار بولغىچىلىك ئارىلىقتا نىگىلىستلارچە ئىنكار قىلىنىشنىڭ ئەنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى كەلتۈرگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان.

بىز مەدەنىي مىراسلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ئۇلۇغ لېنىننىڭ پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى مۇنۇ تەلىماتىغا — «پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئاللاقاياقلاردىن كېلىپ چىققان بىر نەرسە ئەمەس، پرولېتارىيات مەدەنىيىتى بويىچە ئۆزلىرىنى مۇتەخەسسىس دەپ ئاتايدىغان ئادەملەر تەرىپىدىن ئويدىلاپ چىقىرىلغان بىر نەرسىمۇ ئەمەس، بۇنداق دەپ ئويلاش پۈتۈنلەي خاتا. پرولېتار مەدەنىيىتى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ، پومېشچىكلار جەمئىيىتىنىڭ، چىنوۋنىكلار جەمئىيىتىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا كىشىلىكنىڭ ئىشلەپچىقارغان بىلىم زاپاسلىرىنىڭ قانۇنىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بولۇشى لازىم»④ — قەتئىي ئەمەل قىلىشىمىز لازىم.

ئۇلۇغ داھىنىڭ بۇ پىكرى ئۇنىڭ «مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تەنقىدىي مۇلاھىزىلەر» دېگەن ئەسىرىدە تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلۇغ داھى بۇ ئەسىرىدە ئانتاگونىستىك سىنىپلار مەۋجۇت جەمئىيەتتە ئىككى مىللەت، ھەر — مىللىي مەدە-

---

كىرىپ قالدى. لېكىن، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەيۋاتقان ئەشۇ يىللاردا، ئۇ، كېچىسى «كۆرەش قىلىنىپ» ئەيجىقى چىقىرىلسا، كۈندۈزى مۇنبەرگە چىقىپ چاقىلدىتىپ دەرس سۆزلىدى. «ھېساب» بەرگەچ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەستېتىكا، سوۋېت ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات تارىخى، 19- ئەسىر روس ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق ئەدەبىياتى، جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات مېتودىكىسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كونسېپكىنى تەييارلىدى، ھاجەتسىز مەزمۇنلارنى يىغىرەكلىك بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ، زۆرۈر مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ تولۇقلىدى، رېئال ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ دەرسلىك مەزمۇنى ۋە دائىرىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ باردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مۇۋاپىق تەكلىپ، لايىھەلەرنى سۇنۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. ئوقۇغۇچىلار بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىغا بېرىپ-پاراڭلىشىپ، پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ قالغان، ئۆگىنىشتە يېتىشەلمەيۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا مەدەت ۋە ياردەم قولىنى سۇنۇپلا قالماستىن، بەلكى، خىزمەتداشلىرى ئىچىدە ئۆز كەسپىدىن رازىمەنلىكى بولمىغان، تەۋرىنىپ تۇرغان، يۆتكىلىپ كېتىش ئۈچۈن تەرەددۇت قىلىۋاتقان ياش ۋە ياقا يۇرتلۇق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن



AltunOq

نەيەتتە ئىككى مىللىي مەدەنىيەت بارلىقىنى كىنئال رەۋىشتە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ ئەسەر پرولېتارىيات مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ خەلقمەنپەئەتلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ئىلغار نەمۇنىلىرىدا تايىنىش كېرەكلىكىنى، شۇ ئاساستا پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنى يارىتىش مۇمكىنلىكىنى ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەدەنىيەت مىراسلارغا ئەنە شۇنداق ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەن «شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى ئېلىش»، «كونىنى يېڭى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن ئىخچاملاشتۇرۇلغاندۇر.

ۋ. ئى. لېنىن ك. سېتكىن بىلەن بولغان سۆھبەتتە مەدەنىيەت مىراسلارغا بولغان مۇناسىۋەتنى مۇنداق ئىزاھلىغان ئىدى: «گەرچە «كونا» بولسىمۇ، ھەممە گۈزەل نەرسىلەرنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، ئۇنىڭدىن نەمۇنە سۈپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك. نېمە ئۈچۈن بىز ھەقىقەتەن ھەم گۈزەل بولغان نەرسىلەردىن ئۇ «كونا» بولغانلىقى تۈپەيلى يۈز ئۆرۈپ كېتىمىز، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەلگۈسى تەرەققىيات يولىدا نېگىز سۈپىتىدە پايدىلانمايدىكەنمىز؟...» لېنىننىڭ بۇ سۆزىدە ناھايىتى چوڭ تارىخىي ۋە ئەمەلىي مەنا بار.

ئەدەبىيات – سەنئەت ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ، ئېستېتىك تەسەۋۋۇرىنىڭ

---

ھال-ئۆزگىلىشىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش سېپىدىكى جەڭ قىلىشىنىڭ يىراق ستى-راتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى كەڭ سۆزلەپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقى ۋە كۈچەي-تىلىشىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ياش، ئىستېداتلىق تالانت-لارنى بايقاش ۋە ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر يىللىق مەكتەپتە ئېلىپ قالى-دىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە لايىقلىشىشىغا مۇتلەق ئەھمىيەت بېرىپ، مەكتەپ تەشكىللىي بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، دائىم دېگۈدەك مۇۋاپىق ۋاقىت ئاجرىتىپ باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بىللە ئالغا باستى. مەكتەپ رەھبەرلىكى، ئوقۇغۇچىلار يولداش شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ تىرىشچانلىق ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرۈۋاتقان نەتىجىلىرىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تىرنىقى ئاستىدىن كولىۋالغان «كىر»لەرنى دەستەك قىلىۋالغانلار، داق يەردىن توپا توزىتىپ ئۆگىنىپ قالغانلار ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈشنى خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن پالاكەت يېتىپ كەلدى،

١ يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر 1964-يىلى ئېلىپ بېرىلغان«4 نى ئېنىقلاش» ۋە سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتىدە ئىككىنچى قېتىم يەنە باسماقچىغا چۈ-

دۇنيانى تونۇپ، بىلىش پائالىيىتىنىڭ ۋە قايمۇقتۇرۇش ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئوبرازلىق سەنئەت-
رىسى بولۇپ، بەلگىلىك جەمئىيەت بازىسىنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئۇ، ئۆز ۋەقتىدە ئۆز با-
زىسىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئەدەبىي سەنئەتنىڭ
ئىجتىمائىي بارلىققا نىسپىي بېقىنمىدىلىق قانۇنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەندۇر.

ئەدەبىيات - سەنئەت ھۆكۈمران سىياسىي ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرىگە، خەلق
ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى پىكىرىي تەسىرىگە، ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك،
دېموكراتىزم، گۈزەل ئارزۇ ئىستەكلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارنىڭ تەسىرىگىمۇ
ئۇچرايدۇ. بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەسىرىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىيات - سەنئەت ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى سىياسىي مەنپەئەتى-
نىڭ تەسىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى ۋە تارىخىي يۈزلىنىشىنىڭ
كۈچلىرى تەسىرىدە راۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەييەن بىر دەۋر مەزمۇنلىرى، سىنىپىي
ۋە نىسپىي ئېستېتىك مەزمۇنلار بولۇپ قالماستىن يەنە پۈتكۈل تارىخىي ئامىللار، ئو-
مۇمىي خەلق خاراكتېرىدىكى ئامىللار ۋە مەزمۇنلار بولىدۇ. ئومۇمەن خەلقپەرۋەرلىك
ئامىللىرى ئۈستۈنلۈك ئالغان ئەدەبىيات - سەنئەت، بولۇپمۇ بۇنداق ئۆلمەس ئومۇ-
مىي خەلق خاراكتېرىدىكى ئامىللارنى كونكرېت تارىخىي مۇھىت، يارقىن ئوبرازلار
بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ، كېيىنكى دەۋرلەر ئۈچۈن مەنىۋىي ئوزۇق تەييارلىغان ئەدە-

---

شىپ قالدى. قولغا چىقمايدىغان. تۇتسا سېپى، تۇۋلىسا ئېتى يوق» توقا - لەنەتلەر
ئىچىدە تونقۇزلۇپ 1965 — يىلى مەلۇم دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەمگەك
بىلەن «ئۆزگەرتىش» كە ئەۋەتىلدى.

يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر شىنجاڭدىن كېيىن ئۆزىنى مانارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن
ئاتىغان بىر كىشى يالغۇز كەسىپ ئەھلى بولۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن،
بەلكى داھايىتى سەزگۈر سىياسىي كالىلغا ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى، ئۇلۇغ ۋەسۋالدىن
كېلىدىغان خىلمۇ - خىل بۇزغۇنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان سىياسىي
سېزىمچانلىقىنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. لېكىن،
ئۇ ئەمگەك مەيدانىدا كەسپىي تەتقىقاتنى زادىلا تاشلاپ قويمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي
يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر ئۆتەۋاتقان دەرسلىكلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولمىغانلىقىدىن، ئۇ، ئەمگەك مەيدانىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ،
يەنە سىنىپتا كۆرگۈزۈلۈپ، «دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئىدىيە ئۆزگەرتىش»
جېكلەندى. ئۇ «ئىدىيە ئۆزگەرتىپ» بولغىچە قالايمىقانچىلىق يەنە باشلاندى.

1966- يىلى باشلانغان ئون يىللىق «ئۇلۇغ» ئۆرە - تۆپىچىلىكنىڭ دەسلەپ-
ۋىدىلا، ئۇ يەنە ئۈچىنچى قېتىم باسماقتا چۈشۈپ قالدى. ھەممە يەرنى زۇلمەت

بىيات - سەنئەت ئۆلمەس مىراس ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىيا-
تىنىڭ بۇ قانۇنىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئازاتلىقى، ئىجتىمائىي ئازاد-
لىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان دەۋردە، خەلقنىڭ پىكىر قىلىشى ئۈستۈنلۈك ئالغان
دەۋردە، خەلقنىڭ ساغلام ئېستېتىك ئۆلچەملىرى ئىگىلىگەن دەۋردە ئەدەبىيات -
سەنئەتنىڭ ھەقىقىي گۈللىنىشكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۈچىنچى قانۇنى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيولو-
گىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىردەك-
لىك قانۇنىيىتى، ۋارىسلىق قانۇنىيىتى، راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا
ئۇچرايدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت مۇئەييەن دۆلەت ياكى مۇئەييەن مىللەتنىڭ مۇئەييەن
دەۋردىكى رېئال ھاياتىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، ئۇ، بىر ئالەمشۇمۇل
تارىخىي مەدەنىيەت جەريانىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭدا ئەنئەنە، چەتتىن قوبۇل
قىلىش ۋە بەدىئىي غايە غايەت زور رول ئوينايدۇ. شۇ نەرسىنى تەكىتلەش لازىمكى
ئەدەبىي - سەنئەتتە ئىپادىلەنگەن تىل، پىسخولوگىيىلىك ئامىللار ھەم تۇرمۇش
پۇرىقى قاتارلىقلار گەرچە مۇئەييەن مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما
ئۇنىڭدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قانۇنىيىتى، يۈكسەكلىك، تىراگېدىيىلىك،

---

قاپلىغان بۇ كۈنلەردە ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا قانداقمۇ
گەپ ئاچقىلى بولسۇن؟ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈرەش قىلىش، تەنقىت قىلىش، مەسىلە
تاپشۇرۇش ھەرىكىتىدە يۈرىكى مۇجۇلغان بۇ پىشقەدەم ئارىپچى تولىمۇ تەڭقىسلىقتا
قالدى. تاكى «ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىشچىلار تەشۋىقات دۆيلىرى» مەكتەپ-
لەرگە «رەھبەرلىك قىلىپ»، «رەھبەرلىك» قىلىنغانلىرى ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئىزىدىن
چىقىپ، مەكتەپتىن قوغلانغاندىن كېيىنلا، ئۇ، كەچكىچە بېسىپ تۇرغان زۇلمەت
بويۇنتۇرۇقىدىن ئازات بولغاندەك بولدى. ئەمما، ئۇ، مۇشۇنداق بېسىم ئاستىدىمۇ
دەرسلىك تەتقىقاتىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. يوشۇرۇن ھالدا،
رۇس تىلىنى پىششىقلاپ ئۆگىنىپ، رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان فىلولوگىيە پەن-
لىرى تەتقىقاتىغا دائىر ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭدى.

10 يىللىق مالىمانچىلىقنىڭ ئاياقلىشىشى بىلەن ئۇزۇن يىللىق ئاسپىرانتلىق
شارائىتىدا، ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئەتراپلىق يېتىشىپ قالغان بۇ پىشقەدەم
ئاسپىرانتنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ئازادە سەھنە بارلىققا كەلدى. ئۇ،
كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن يەنە مۇنبەرگە چىقتى. ئۇزۇن يىللىق مالىمانچىلىقتا ئوقۇش،
بىلىمىنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەن ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭۈل ھېسلىرىنى چۈشىنىدىغان

كومېدىيەنىڭ كاتېگورىيەلىرى ھەقىقەت ۋە ساختىلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرى پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيەت يۈزلىنىشىدە بىردەكلىككە ئىگە. بۇ قانۇنىيەت گۈزەللىك ۋە ئۆتمۈش مەۋجۇتلۇق ھەم ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش تارىخىدىكى بىردەكلىكى تۈپەيلىدىن مەيدانغا چىقىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش دۇنياۋى بىردەكلىككە ئىگە.

ماركسىزمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمىنىڭ ئۈچ مەنبەدىن مەيدانغا كەلگەنلىكى دەل يۇقىرىقى قانۇنىيەتنىڭ دۇنياۋى بىردەكلىك، ۋارىسلىق راۋاجلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى دۇنيا ئىنقىلابى، ئىلغار ئەدەبىياتنىڭ مېتودى — سوتسىيالىستىك رېئالىزم ھەم دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە رۇس كىلاسسىكلىرىنىڭ بەدىئىي تەجرىبىسىگە تايىنىپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. بۇ يېڭى مېتودنىڭ ئاساسىنى ياراتقان م. گوركى ئەينى زاماندا بۇ مېتودنىڭ پىرىنسىپال تەرىپىنى بېرىپ، ئۆتمۈش بەدىئىي تراديتسىيەلەر بىلەن زىچ ئالاقىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «لېكىن تراديتسىيەلەرنى تەتقىق قىلىش، سوتسىيالىستىك رېئالىزم سەنئىتى پەقەت شۇ يولدىن مېڭىپ راۋاجلىنىدۇ دېگەن سۆز ئەمەس. بۇ يېڭى مېتودنىڭ كۈچى شۇ يەردىكى ئۇ مىراسلارنى

---

بۇ يەشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ يېڭى ماتېرىيال، بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك ۋەكونسپېكتلەر ئاللىقاچان كۆيدۈرۈلىدىغانلىرى كۆيدۈرۈلۈپ، پىچەتلەنگەنلىرى پىچەتلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇق قول قالغان ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر بىر ئۆزى بىر نەچچە خىل دەرسنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە بىر-بىرلەپ بۇ دەرسلىكلەرنىڭ رەسمىي كونسپېكتىنى تەييارلىدى. ئۇ، يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى، لوگىكا، ئەدەبىيات مېتودىكىسى، ئېستېتىكا، يېزىقچىلىق ئىلمىي، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى ۋە ھەممىسىنىڭ رەسمىي ۋەغەيرى رەسمىي كونسپېكتلىرىنى، دەرسلىك قوللانمىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى كەسپىنى يولغا قويىمىز ۋە شۇنداق بىر كەسىپنى تەسىس قىلمىسا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا تەشكىلگە تەكلىپ بېرىپ، ئۆزى بۇ كەسىپنى تەسىس قىلدى ھەمدە بۇ كەسىپكە دائىر لازىملىق بولغان ھەممە زۆرۈر شارائىتلارنى ئۆزى ياراتتى ۋە ئىزنىڭ ئەھدىدىن چىقتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ئۆزى تەسىس قىلغان بۇ كەسىپنىڭ مەزمۇنلىرىنى تولۇقلاش، دەرسلىكنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەش، دەرس تەييارلاش بىلەن بولسا، يەنە

ئىجادىي ھالدا قايتا ئىشلەپ چىقتى، ئۆز كىلاسسىكاسىنى، تىرادىتسىيىلىرىنى يا-
راتتى، جاھان سەنئىتىدە ئۆزىنىڭ يېڭى سۆزىنى ئېيتتى.»

مەدەنىي مىراسنى پايدىلىنىشنىڭ ئىككى مۇھىم تەرىپى بار: بىرىنچىدىن ئۆتمۈشنىڭ تارىخىي يادىكارلىقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ۋە خەلقنىڭ مۈلكىگە ئايلانغان ئارخىتىكورا، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاسراش، بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش. ئىككىنچىدىن، نامى بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن ماھىر مىمارلار (موخاندىسلار) ياراتقان سارايلار، مەقبەرىلەرنىڭ، ئاجايىپ موي قەلەم ئىگىلىرى قالدۇرغان تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك زەبەردەست يازغۇچىلار ئىجادىغا مەنسۇپ ئەسەرلەرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي نەپىسلىكى ۋە خەلقچىل تىرادىتسىيىلىرىنى داۋام ئەتتۈرۈشتۇر. چۈنكى ئۇستازلار تەپەككۇرىنىڭ ۋە ساپ قەيسەر قەلبىنىڭ سەمەرىسى بولغان نادىر ئەسەرلەر ئىبرەت مەكتىپى بولسا، ھەۋر مەدەنىي مىراسنى سىنچىلاپ سىناقتىن ئۆتكۈزگۈچى ھېكىمدۇر. ئۇنىڭ ھۆكۈمى بىلەن مېھنەتكەش ئاممىنىڭ ئىرادىسىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىگەن سەنئەتكارلار بىز بىلەن مەڭگۈ ھەمنەپەستۇر.

مەسىلەن: ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرى فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى، رابغۇزى، لوتفى، ئاتايى، سەككاكى، نەۋايى، ئەھمەت يۈكنەكى، مىرزا ھەيدەرقەشقىرى،مۇھەممەت سادىق قەشقىرى، خىرقىتى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نازارى، نورۇز ئاخۇن زىيايى، توردى غەرىبى، بىلال نازىمى قا-

---

بىرتەرەپتىن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن پىكىر ئېلىپ، مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىپ، تاكى بۇ دەرسلىك سىناقتىن ئۆتۈپ، رەسمىي دەرسلىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگىچە، ئۇنىڭدىن دىققەت-ئېتىبارىنى بوشاشتۇرمىدى. يەنە بىرتەرەپتىن ئۇ، ناھايىتى زور ھەجىملىك، ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئۆچېركلار» ناملىق 3 توملۇق دەرسلىك تۈزۈش ئۈچۈن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولغان ئىزدىنىش ۋەتىلىك جايلارغا بېرىپ، ماتېرىيال، ئارخىپ ئۆيلىرىدە كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، سانسىز مىقدارى، ھەجمى جەھەتتە كىشىنىڭ ئىشەنگىسى كەلمىگىدەك دەرىجىدە ئىنتايىن كۆپ ۋە مول ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولدى. نەتىجىدە، ئۇ 5 يىل ئۈزۈلدۇرمەي جەڭ قىلىپ، ئاخىرى 270 مىڭ خەتلىك بۇ كىتابنىڭ 1- تومىنىڭ كونسپېكتىنى تەييارلىدى ۋە سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن 1982- يىلى رەسمىي دەرسلىك قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ھازىر بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئالىي مەكتەپلەردە بىرتۇتاش ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك بولۇپ قالدى. بۇ دەرسلىكنىڭ 2- كىتابى باسمىغا ئۆتكۈزۈلدى. XV ئەسىردىن XX ئەسىرگىچە بولغان ناھايىتى زور مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3- قىسمىنىڭ

AltunOq

تارىخىي كىلاسسىكلىرىمىز ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن دۇنيا ئاللاقاچان گۇمران بو-
لۇپ بىزدىن ناھايىتى ئۇزاقتا قالدى. ئۇلار تەسۋىرلىگەن شاھلار، سۇلتانلار، خا-
نىش ۋە مەلىكىلەر، شاھزادىلەر بىزنىڭ ئېسىمىزدىن كۆتىرىلىپ ئاللاقاياقلاردا قال-
دى. ئەمما بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا گەۋدىلەنگەن ئوتتۇرا ئەسىر مەن-
زىرىلىرى، ئىنسان پسىخولوگىيىسىنىڭ تەسۋىرى، يارىتىلغان تۈرلۈك - تۈمەن بە-
دىئىي خاراكتېرلار، بۇ خاراكتېرنى يارىتىشتا ئىشلىتىلگەن سېھىرلىك بەدىئىي تىل
ۋاستىلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنسان بەخت - سائادىتىنى كۈي-
لەشتەكى ناھايىتى زور ئېستېتىك غايىلىرىدىكى ھەقىقەتكە شۈبھە قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇلاردىكى كېلەچەك ئىستىقبالغا ئىشەنچ، ساغلام ئىنسانىي روھنىڭ قۇدرىتى
ۋە ئىنسان بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ گۈلتاجى ئىكەنلىكىدىن زوقلىنىپ پەخىرلىنىش
ھېسسىياتى ھازىرمۇ بىزنى ھاياجانلاندۇرۇپ قەلبىمىزنى ئېرىغۇتالايدۇ. بىز ئەنە شۇن-
داق ئۆتمۈشنى ۋە دەۋرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە ياردەم بېرەلەيدىغان
تراديتسىيە، ئەنئەنىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ بېيىتىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا تراديتسىيە (ئەنئەنە) نىڭ ئېتمولوگىيىسى نېمە؟

تراديتسىيە لاتىنچە — Traditio ئۆتكۈزۈش، تاپشۇرۇش، بېرىش، دېگەن
مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

تراديتسىيە دۇنيانى ۋە ئىنساننى بەدىئىي ھېس قىلىش، بىلىش، ۋە ئۆزگەر-
تىش ساھەسىدە دەۋردىن - دەۋرگە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ كەلگەن، زامان

---

مۇتلەق كۆپ قىسمى يېزىلىپ بولدى. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن
ئوچېركلار» نىڭ بىر تۇتاش دەرسلىك قىلىنغان 1- كىتابى ھەر قايسى ئالىي
مەكتەپلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە باھالاپ مۇكاپاتلاش
پائالىيىتىدە 2- دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق ۋە كۆپ قىرلىق ئوقۇتقۇچى تەجرىبىسىگە ئىگە پولا-
داش شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسىنى پارتىيە
ۋە خەلق ئاممىسى كۆرمەي قالمىدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن 1983-
يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالىي مەكتەپ مائارىپ
ساھەسىدىكى تۇنجى، بىردىن - بىر دوتسېنت بولۇپ قالدى.

پولاداش شەرىپىدىن ئۆمەر پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن بۇ شەرەپلىك نامدىن
قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇ، يۇقىرى ئابروي، مەرتىۋىگە ئېرىشكەنسېرى كەمتەر بو-
لۇپ، تېخىمۇ تىرىشتى ۋە مائارىپ ساھەسىدە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ئەمدىلا باش-
لانغانلىقىنى، قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى،
مۇندىن كېيىن باسىدىغان سەپەرنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن ۋە مۇشكۈل بولىدىغانلى-

تەلىپىگە جاۋاپ بېرەلەيدىغان ئەدەبىي تەجرىبىلەر يېغىندىسى بولۇپ، ئۇ كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىجادىي تەجرىبىخانىسىدا سىناقتىن ئۆتكەن، ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان، ئىلغار ئىستېتىك غايىنى، ئاكتىۋال تېماتىكىنى، گۈزەل، پىشقان، تاۋلانغان تەسۋىرىي ۋاستىلارنى، ئۇسلۇبتىكى رەڭمۇ - رەڭلىكنى، ۋەتەنپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، خەلقچىل روھتىكى ئەدەبىي-سەنئەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارنى ئەمەلدە قوللىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كىلاسسىكلارنىڭ تراددىتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇش پاسسىپ، ئۆلۈك، دوگما بولماستىن بەلكى ئاكتىپ ئىجادىي جەريان بولۇپ، ھەرىكەتتىكى بەدىئىي ئالاقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى ھەرقانداق جانلىق ئالاقىگە ئوخشاش، تىرادىتسىيىدىمۇ تەكرار ئېلېمېنتلار ئۇچرايدۇ. بىراق بۇ ئېلېمېنتلار سەنئەتكارغا يېڭى ئىپادىلەش ۋاستىسى رولىنى ئويىنىشى شەرت. يازغۇچىمۇ، كومپوزىتورمۇ، رەسساممۇ، شائىرمۇ يېڭىلىققا قويىدىغان بىرىنچى قەدىمىنى ئۆزىگە قەدەر مەۋجۇت بولغان ئەمما كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئاساسلاردىن باشلايدۇ. ئىجادىيەت جەريانىدا، سەنئەتكارنىڭ دۇنيا قارىشى، پىكىر مۇلاھىزىلىرى، ھېس - تۇيغۇ، تەسۋىرىي دېتى (زوقى)، تالانتى، ماھارىتى ئىشتىراك قىلغىنى ئۈچۈن تراددىتسىيىلىك ماتېرىياللاردىن سەنئەتكارنىڭ يۇقىرىقى كودوكسلىرى ⑤ تاللىنىشىدىن ئۆتكۈزۈپ پايدىلىنىدۇ.

---

ئىلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ: «بىلىمەن ئاسان ئەمەس ئالدىمىدىكى ئۇزۇن سەپەر، باسىمەن ئالغا قاراپ ھەر قانچە زور بولسا خەتەر» دېگەن نەزمىنى خاتىرىسىگە يېزىپ قالدۇردى.

ئۆزى يول تېپىپ، تاغنىڭ ئالدىغىچە كېلىش ناھايىتى قىيىن، لېكىن تاغ ئالدىغا كېلەلىگەن ئادەم ھەرگىز يولسىز قالمايدۇ. ئالدىدىي بىر گىمنازىيە ئوقۇغۇچىسىدىن دوتسېنتلىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكىچە بولغان ئۇزۇن يىللىق ھايات مۇساپىسىدە يولداش شەر دېيىدىن ئۆمەرپارتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، ئەنە شۇ ئاندىن قالسا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا «تىك يەرلەر»، «چاتقاللىقلار» ئارىسىدىن تىرىشىپ-تىرمىشىپ «يول» ئېچىپ، «تاغ ئالدىغا»- دوتسېنتلىققا ئىگە بولالىدى. ئۇ، يالغۇز دەرسلىك تۈزۈپ، دەرس ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپلا مۇشۇنداق شەرەپلىك نامغا ئىگە بولالامدىمۇ؟ بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىم ۋە بولمىسا بولمايدىغان تەرىپى. لېكىن ئۇ، دەرسلىك تۈزۈش ...بىلەنلا قالماي، بەلكى ئەقىل- پاراسىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا قاراتتى.

ترادىتسىيە ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىلغار - تەرەققىيپەرۋەر، كونسېرۋاتىپ(كونىرىغان) ۋە ئەكسىيەتچى بولۇشى مۇمكىن.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ترادىتسىيە تارىخىي كاتېگورىيە بولغىنى ئۈچۈن ھەر قايسى خەلقنىڭ تارىخىي تەرەققىيات، ماددىي - ئىجتىمائىي ھاياتى، ئۆرپ - ئادىتى، چۈشەنچىسى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇپ راۋاجلىنىدۇ. ئۇ مۇئەييەن تا- رىخىي شارائىتتا، ھاياتنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىدا ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ترادىتسىيە، باشقا بىر دەۋر-يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى ما- ھىيىتىنى يوقىتىپ، ھەتتا كونسېرۋاتىپ، كونىرىغان ھالەتكە ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدا ئوتتۇرا ئەسىر فارابىدىن باشلانغان «پەزىلەت- لىك ئادىل شاھ خەلقنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرسا، خەلق بەختلىك بولىدۇ» دېگەن ئىجتىمائىي ئىدېئال ئارقىلىق مەركەزلەشكەن فېئودال دۆلەتنى قۇرۇش، مۇس- تەھكەملەش غايىسى XI ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى ھەم دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» دە ئېستېتىك غايىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ھۆكۈمران ئېستېتىك غايىسىگە ئايلاندۇرۇلدى. بۇ ئېستېتىك غايە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە يېرىم مىڭچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن دۆلەت ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى توغرىسىدىكى

---

يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە ئىلىيېڭىدىن بېغىشلىنىپ چىقىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىدا قويۇلغان بىرقاتار نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، 1955 - يىلى «ئەدە- بىياتنىڭ تىپىكلىك مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات سا- ھەسىگە كىرىپ كەلدى ۋە 1970- يىللىرىدىن 80- يىللىرىغىچە بولغان قىسقىغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە: «بىر ئەنگۈشتەر»، «ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا»، «موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپنىڭ ئىجادىيىتى ئالەمىتى»، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي ئەپسانە، رىۋايەتلىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر شېئىرشۇناسلىق توغرىسىدا»، «ئوبرخۇن دۆلىتىنىڭ بە- دىئىي ئوبرازى»، «ئىلى 12 مۇقامىنىڭ تارىخى ھەققىدە»، «ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ سەركەردىسى»، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇ- تەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بەدىئىي مېتودى»، «رېئالىزم- نىڭ ئېستېتىكىدا ئىتىراتلاردىن ئۆرنى» قاتارلىق كەڭ ساھەلەر بويىچە نەچچە ئون پارچە مەزمۇنلۇق ۋە زور ھەجىملىك ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ كەسپىي ئىلمىي تەتقىقات خادىملى- رى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا ئىگە بولدى. ئەترەپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان دوتسېنت يولداش شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ:

تەسەۋۋۇر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. «ئۇلۇغ ئۆكتەبىر» سوۋېت سوتسىيالىستىك دۆلىتىنى، يېڭى تىپتىكى دېموكراتىيىنى — مېھنەتكەشلەر ئۈچۈن دېموكراتىيىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك تۈزۈمى تايىنىپ تۇرغان ئىقتىسادىي بازىسىنى يىمىرىپ تاشلىدى.... سوۋېت ھاكىمىيىتى.... ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مىللىي زۇلۇم كىشەنلىرىنى پارچىلاپ تاشلىدى، مىللەتلەرنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىغا قەدەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېلان قىلدى ۋە تەمىنلىدى». بۇ ماركسىستىك تەلىمات ئۇلۇغ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈنلەي تەنتەنىلىق. شۇنداق قىلىپ، ھېچقانداق قانۇن بىلەن ھوقۇقى چەكلەنمەيدىغان زالىم ھۆكۈمدار- لار زامانىدىكى مەركەزلەشكەن دۆلەت، ئادىل شاھ ئارزۇسى ھەققىدىكى ئۆز زامانىسى- نىڭ ئىلغار ئېستېتىك غايىسى ئەمدى كونىراۋاتىدۇ، ئەكسىيەتچى چۈشەنچىگە ئايلاندى.

بەدىئىي ئەدەبىيات ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر قىسمى بولغىنى ئۈچۈن تراديتسىيىنى داۋام ئەتتۈرۈش ھەم سەلتەنەتكارلىق دۇنياغا قارشى، غايىۋى پوزىتسىيىسى بىلەن چەمبەر چاس باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا مىنىچە جەمئىيەتتە ئىلغار تراديتسىيىلەر قاتارىدا ئەكسىيەتچى تراديتسى- يىلەرمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ. يېرىك سوپىست ئەھمەت يەسەۋىينىڭ «ھېكمەت» لىرى ۋە مەھمۇت ئىبنى ئەلىنىڭ «نەھجۇل فارادىس» كىتابلىرىدىن باشلانغان دىنىي-مىستىك تراديتسىيە، تەركىدۇنياچىلىق پەلسەپىسى كېيىنكى ئەسىرلەردە سۇلايمان باقىرغانى، سوفى ئاللايار ۋە ئاخىرى خازىنىلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلدى.

---

«ماياكوۋسكىنىڭ (لېنىن) پوئېمىسى ھەققىدە»، «گوركىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا»، «تاجىمىدىن قادىر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى»، «قۇتادغۇ بىلىك ۋە ئۇنىڭدىكى بەدىئىي مېتودى توغرىسىدا» قاتارلىق يوبىلېيتىك ماقالىلىرى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە تەنقىدى ئۈچۈن يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ماقالىلار سۈپىتىدە، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولدى.

دوتسېنت شەرىپىدىن ئۆمەر يالغۇز ئىلمىي تەتقىقات ۋە نەزەرىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالمىدى. ئۇ، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدىمۇ كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدىلا يوقىرىدىكى ئىجادىيىتىگە ھەۋەس باغلاپ، يەرلىك ۋە مەركىزىي گېزىت ۋە ژۇرناللاردا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى ئېلان قىلغان ئىدى. كېيىن، ئۇ ئۆزىنى پروزا ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتى بىلەن تونۇشىپ باقتى. «تۆمۈر ئادەم»، «مالچىنىڭ قەلبى»، «ياسىن ئۆگەتكەن چەققان ئەرۋاھلار»، «سوغا»، «ئۆچۈرۈلمەش»، «ئاخىرەت»، «ئالۋاستى»، «مېنىڭ قەلبىمدىكى ئۇھ يېڭىل بار»، «قېرىنداشلار مۇھەببىتى»، «كاككۇككە نەسايىردى»، قاتارلىق ئۆچېرك، ھېكايە، ژاۋېن، پوۋېست- لار دوتسېنتنىڭ كۆپ قىرلىق بىلىمىگە ۋە كىملىك قىلالايدىغان ئەسەرلەر بولۇپ ھا-

ئەدەبىياتنىڭ بىۋاستە مەزمۇنىغا، يازغۇچىنىڭ غايىۋى پوزىتسىيىسىگە ھەم ئېستېتىك غايىسىگە باغلىق بولغان ترادىتسىيىلەر، ئىجتىمائىي فورماتسىيە، مەدەنىيەت ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىللە ئۆزگىرىپ كونىرىغان ئىكەن، ئەدەبىي - سەنئەتنىڭ شەكلىگە تەئەللۇق بولغان تىل، ئۇسلۇب ۋە تەسۋىرىي ۋاستىلىرىگە تەئەللۇق ترادىتسىيىلەرمۇ يۇقىرىدىكىلەرگە ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئەسىردىكى بەدىئىي ئەسەر يېزىشنىڭ كىلاسسىك ئۇسلۇبى بولغان ئەسەرنىڭ باشلىنىشى «خۇدا» غا ۋە چارىيارلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن باشلىنىپ تۈگىشى ھەم شۇ شەكىلدە بولۇشى، ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە رابغۇزىدىن باشلانغان پروزا ئەسەرلىرىدىكى دىئالوگلاردا «تېدى»، «ئايدى»، «سوردى» دېگەنگە ئوخشاشلار ئاللىقاچان ئارخائىزمغا ئايلىنىپ كەتتى.

غەربىي ياۋروپا، جۇڭگو ۋە روس ئەدەبىياتىدا، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەدەبىياتىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلەر ئەدەبىياتىدا شۇنداق مىللىي ترادىتسىيە باركى ئۇلار ئەسىرلەر ئۆتىشى بىلەن كونىرىمىغان ھەم يالقۇنلۇق جەزبىدارلىقىنى يوقاتمىغان. مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامىي، لۇتفىي، ئاتايى، سەككاكى، ناۋائىي، ئەھمەت يۈكنەكى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نازارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، توردى غەرىبى، بىلال نىزامىي، شېكسپىر، گېيوتې، پۇشكىن، لېرمونتوۋ، تولستوي، شۈچىڭكو، ئاباي چۇيەن، ساۋشۈچىڭ، لۇشۈن، گومورو، ماۋدۇن ئەسەرلىرىدە كۆيلەنگەن ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنگە مۇھەببەت، خەلقلەر دوستلۇقى، ئادىمىي - مە-

---

مائىيەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ بىر نەزەرىيىچىلا ئەمەس، بەلكى قەلىمى پىشقان يازغۇچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىدى. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنىڭ تېما تىكىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

دوتسېنتنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئېلىپ بارغان نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە قازانغان نەتىجىلىرى، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىمۇ زور دەرىجىدە كۆتەردى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭگو يېزىقچىلىق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭگو يېزىقچىلىق جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ پەخرىي باشلىقى، غەربىي ئاسىيا ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن - تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

دوتسېنت شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىجتىمائىي پائالىيىتى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ ھەر خىل يىغىنلاردا ھەر خىل تېمىلاردىكى لېكسىيىلەرنى ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇچمۇ-ئۇچ ئېچىلىدىغان، ئۇزۇندىن-ئۇ-



AltunOq

روھىيىتىنىڭ خىسلىتى، ئىنسان ماھىيىتى ھەققىدىكى پىكىرلەر ئەسىرلەر بويى ئۆزگى-
رىشنىڭ ئاكتۇئال ماھىيەتلىك قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. بۇنداق تىرادىتسىيە ئىنسا-
نىيەت ئەۋلادىدا مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ.

ئەمدى تىرادىتسىيە ۋە نوۋاتورلۇقنىڭ دىئالېكتىكىسىغا كەلسەك، بۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ماھارەت ۋە زامانىۋىيلىك چۈشەنچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلىدۇر.

ئەدەبىيات – سەنئەت ئەھلىلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە ھەم ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ھەم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا ھەم ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ تىرادىتسىيىلىرىدىن ئىلھاملىرىنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، يېڭىلىق ئۈچۈن كۈرەش قانداق يوللارنى بېسىپ ئۆتىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە ھەمىشە مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىپ ئىزدەنگەن. بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدىن ئېيتقاندا ياشاشقا، داۋاملاشتۇرۇشقا لايىقەتلىك يارقىن تىرادىتسىيىلەرنىڭ يىلتىزى ناھايىتى ئۇزاق تارىختىن باشلانغان. ئۇلار ھەممە ۋاقىت يالت – يۇلت قىلىپ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئېنىق ھالدا ئەمەس، بەلكى ئۈزۈلمەيدىغان زەنجىرنىڭ بەزەن سېزىلەر – سېزىلمەس، بەزەن ئېنىقراق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھالقىلار سۈپىتىدە ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا ئۆتىدۇ. مەسىلەن ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدىن ئالغاندا، «ئوغۇزنامە»، «ئافراسىياپ»، «ئاۋېستا» «چىستانى ئىلىك بەگ»دىن باشلانغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك تىرادىتسىيىسى بىزنىڭ زامانىمىزغىچىلىك قانداق يوللارنى بېسىپ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئەسە-

---

زۇڭغا، سوزۇلىدىغان يىغىنلارغا قاتنىشىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن جامائەت ئەربابلىرى بىلەن بىللە بولۇپ، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئىلگىرى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە تەسىر يەتمەي قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت تۇنجى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. تەقسىم قىلىنغان دەرسلەرنى ناھايىتى ئەتراپلىق، پۇختا تەييارلاپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم يەتكۈزۈشنى بىرىنچى ۋەزىپىسى قىلدى. ياش ئوقۇتقۇچىلارنى يېتەكلەپ يېتىشتۈرۈشكە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە تېما چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ يىل ئوقۇغان بىلىمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىگىلەنگەنلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بۇ ئىشقا بەكمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

دوتسېنت شەرىپىدىن ئۆمەر ھەم ئوقۇتقۇچى، ھەم تەشكىلاتنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى. ئۇ، دائىم تەشكىلاتقا دېگەندەك يېڭى تەكلىپ-لايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش-ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن تىرىشتى. ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش جەھەتتە مۇستەقىل پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرىغا يېقىندىن ھەمكارلاشتى.

لەش كۇپايە قىلسا كېرەك.

تىرادىتسىيە چۈشەنچىسى يەنە بىر مۇھىم كاتېگورىيىلىك چۈشەنچە — ۋاقىت چۈشەنچىسى بىلەن زىچ ئىچكى ئالاقىغا ئىگە. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى چوڭ ۋەقە سۈپىتىدە يۈز بەرگەن روھىي ئېموتسىئونالىلىق يېتىلىپ ھاياتقا سىڭىپ، ئۆز قانۇنى ئىگىلىگىچە خېلىلا ئۇزۇن بىر ۋاقىت كېرەك بولىدۇ.

ھاياتقا سىڭىپ، كۆپچىلىك ئېڭىدا مەھكەم ئورۇن ئېلىپ يىلتىزلاش-كەن ئۇلۇغ تىرادىتسىيىلەر ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا مەڭگۈ ھايات بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار دائىم ئالغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدىغان، راۋاجلىنىدىغان؛ ئاخىرى ھازىرقى زامان دەرىجىسىدە تۇرغان ۋە تۇرىدىغان، بولغان، ئەمەلىيەتتە ئۆز ئارا مەنتىقى ئالاقىسىدىن دېرەك بەرگۈچى ئىجادىي جەرياندۇر.

ئاتاقلىق رۇس تەنقىدچىسى ۋ. گ. بېلىنسكى ئېيتقاندەك، ئەدەبىياتتا ھەممە ۋاقىت جانلىق تارىخىي ئالاقە داۋام قىلىدۇ. يېڭى نەرسە كونىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. كېيىنكى ھادىسىلەر ئاۋۋالقىلىرى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ. ھېچقانداق نەرسە پەۋقۇلئاددە تاسادىپىي پەيدا بولمايدۇ.

ئادەتتە بەلگىلىك خەلق ھاياتىدا تارىخىي تەييارلىنىپ كېلىنگەن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىش پەيتلىرىدە تىرادىتسىيە ۋە نوۋاتورلۇق مەسىلىلىرى يېڭىدىن كۈن تەرتىپكە قويۇلىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇ مەيدانغا كەلگەن يېڭى جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى

---

ئۇ، مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان 36 يىلىدىن بۇيان، ھەر يىلى يۈزلەپ ئوقۇغۇچىنى يېتىشتۈرۈپ قولىدىن ئۆتكۈزدى. ھازىر ئۇنىڭ دەرس، لېكسىيىسىنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلاردا مۇھىم رەھبەرىي خادىم بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئەمما بۇ رەھبەرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرگەن شەرىپىدىن ئۆمەر يەنىلا مۇنبەردە ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ، بىرەر قېتىممۇ يۇقىرىنىڭ ئۆزىگە ئېتىبار بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ باقمىدى، تاماداۋ قىلمىدى. خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ تەمەننالىق قىلمىدى، بەلكى، باشتا قانداق قىزغىنلىق بىلەن مۇنبەردە تۇرغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن مۇنبەردە تۇرماقتا.

خەلق ئۇنىڭ سەممىمىي، ساددى، ئۇلۇغۋار ئىنسانىي ئەخلاقى پەزىلىتىگە، تىرىشچان ئىجادىي مېھنىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. دوتسېنت شەرىپىدىن ئۆمەر 1986 - يىلى شەرەپلىك ھالدا پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بويىچە تۇنجى پروفېسسور بولۇپ قالدى.

لېكىن يولداش شەرىپىدىن ئۆمەر بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپمۇ قالمىدى،

ئېستېتىك تەرەققىياتى بىلەن باغلاپ مۇھاكىمە قىلىنىشى كېرەك بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەدەبىيات - سەنئەت نامايەندىلىرىنىڭ ئىجادىيەت مەنبەسى، بىرىنچىدىن جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ۋەقەلىك بولسا، ئىككىنچىدىن كىلاسسىكلار ئىجادىي تەجرىبىسىدىن ھاسىل بولغان ئىجادىي مەلىكە خورىغا تايىنىدۇ.

بۇ جايدا شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى بەدىئىي تەپەككۇر مەھسۇلى بولغان ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتىگە، نىسپىي مۇستەقىللىقىغا تايىنىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ھالدا ئەمەس بەلكى ئەتۈر تاقاشىپ ھالدىمۇ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇنداق ھالدا ئۇنىڭ مەنبەسى بىۋاستە ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بولسا، ئىككىنچى ئۇ شۇ چاغ قالاق جەمئىيەتنىڭ ئۆتكۈر ئىجتىمائىي توقۇنۇشلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. نەتىجىدە قالاق جەمئىيەتتىمۇ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئەدەبىيات مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى گىرېك ئەدەبىياتى، XIX ئەسىر رۇس، فرانسۇز ئەدەبىياتى ھەم XI ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەرەققىياتى يۇقىرىدىكى سۆزىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى بولالايدۇ.

تەرەققىيات ۋە نىسبەتۋازلىق مەسىلىسى زامانىمىزدا ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەممە شەيئى ھەمىشە ئۆز پېتىدىن ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. مەۋجۇدىيەتنىڭ ھېچقانداق يېرىدە تۇرغۇنلۇق يوق، ھاياتتا دائىما يېڭى ۋە كونا، تۇغۇلۇۋاتقان، ئۆلۈۋاتقان، پەيدا بولۇۋاتقان ۋە يوقىلىۋاتقان نەرسىلەر بار، دېگەن قانۇنىيىتى ياتىدۇ. دىئالېكتىكىنىڭ يۇقىرىدىكى قانۇنىغا ئاساسەن يېڭى نەرسە ھەممە ۋاقىت كونىنىڭ راۋاجى مەنىسىدىكى ئىنكار سۈپىتىدە پەيدا بولىدۇ. ك. ماركس تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا: «ھەر قانداق تەرەق-

---

ھاياجانلىنىپمۇ كەتمىدى. بەلكى، تېخىمۇ كىچىك پېئىل بولۇپ، ئوقۇتۇش ساھەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، بىر ئەۋلاد يېڭى، مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆتىرەڭگۈ روھ، يۈكسەك ۋە يېمىرىلمەس ئەقىدە، پىداكارلىق بىلەن ئالغا باسماقتا.

پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر بۇ يىل ئەمدىلا 55 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ تېنى ناھايىتى ساغلام، كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقىل - پاراسىتى بۇلاق سۈيىدەك جۇش ئۇرۇپ، ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ راسا ئەقلى توشقان، قىيامىغا يەتكەن ۋاقتى. پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر بۇقىممەتلىك ۋاقتىنىڭ قەدرىگە يەتمەكتە. ئۇ ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەن ئادەملەرنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى ئىكەنلىكىنى بىزدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ.

ھېزىم قاسىم

1987 - يىل ئاۋغۇست. ئۈرۈمچى

قىياتنى ئۇنىڭ ئىززەتلىرىدىن قەتئىينەزەر، بىرى ئىككىنچىسىنىڭ ئىنكارى بولۇپ ئۆز ئارا باغلانغان يېڭىلىنىشنىڭ تورلۇك باسقۇچلىرى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ھېچقانداق ساھەدە ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى ياشاش شەكلىنى ئىنكار قىلمايدىغان راۋاجلىنىش يۈز بەرمەيدۇ⑥ شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى ۋە كونا ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىياتنىڭ ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى باسقۇچلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەممىشە ئىچكى ئالاقە بولىدۇ. بۇ ئالاقىلار تۈپەيلى تەرەققىياتتىكى ئۈزۈلمە باسقۇچ يۇقىرى باسقۇچقا ئاساس تەييارلايدۇ. نەتىجىدە ئۈزۈلمەس ئالاقە زەنجىرى مەيدانغا كېلىدۇ. ئەدەبىيات ۋە سەنئەتتىكى ترادىتسىيە ۋە نەۋاتىرلىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدىكى ئىنكارنى ئىنكار قىلىش كاتېگورىيىسىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. چۈنكى نەۋاتىرلىق ترادىتسىيىنى ئۈزۈل - كېسىل رەت قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى ئۇتۇقلارنىڭ تەنقىدىي ئۆزلەشتۈرۈلۈشى، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەممە قىممەتلىك نەرسىلەرنى ساقلىغان ھالدا يېڭىچە رونىق تاپتۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى ھادىسىنى بىر- بىرىدىن ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھېچقاچان ترادىتسىيىسىز نەۋاتىرلىق ۋە نەۋاتىرلىقسىز ترادىتسىيە بولمايدۇ. ئۇلارنى ئۆز ئارا قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويۇش، تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئارىسىدىكى ئىجادىيەت باغلىنىشى بىر - بىرىگە تايىنىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ مەڭگۈ ئەنە شۇ تەرىقىدە ئەسىرلەر تەرەققىيات يولىنى باسىدۇ.

ترادىتسىيە بىلەن نەۋاتىرلىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىدىكى ماھىيەت جەھەتتىن بىر جەرياننىڭ ئىككى قۇتۇبىدۇر. بۇ ئىككىسى قارىتىپ ھاياتنى بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈشكە خىزمەت قىلىدىغان بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئۆتمۈشتىن كېلەچەككە قاراپ كېلىدىغان ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت كۆرۈنۈشىدۇر.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بويىچە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەرىكەت مۇتلەق، تۇرغۇنلۇق نىسپىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ترادىتسىيە دائىما ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىپ بارىدۇ. بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ، ترادىتسىيىنى يىغىلىش ۋە ترادىتسىيىنى ئوبرازلار تەسىرىدىن بىردىنلا ئاجرىتىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر تەدرىجى تاكامول قانۇنىيىتى بىردىنلا بۇزۇلسا، ئېستېتىكىنىڭ ئاساسى شەرتى بولغان — مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپلىق بۇزۇلۇپ فورمالىزىم باش كۆتۈرىدۇ.

ترادىتسىيىگە مۇناسىۋەت ئايرىم سەنئەتكارلارنىڭ دېتى ۋە خاھىشىغا باغلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئەڭ ئالدى بىلەن غايىۋىيلىك بەلگىلەيدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن يولى ترادىتسىيە

لەرنىڭ يېڭىلىنىپ بېرىش يولىدۇر. بۇنداق يولىدىكى باش ئۆلچەم ھەممە ۋاقىت رېئالىزم ئۆلچىمى بولۇپ كەلدى.

ئالدىنقى ئەۋلادنىڭ ترادىتسىيىلىرىدىن كېيىنكى ئەۋلادلار ھەركىم ئۆزىگە لايىق كېرەكلىكىنى يەرلىرىنى ئالدى. بەزىلىرى ئۇلىمىش غايىلەرنى ئالغان بولسا، بەزىلىرى سېزىۋېت قۇرۇلۇشىدىكى ماھارەتنى ۋە بەزىلىرى قەھرىمانلار پسىخولوگىيىسىنى تەسۋىرلەشنى، باشقا بىرلىرى بولسا، شەخس روماننىڭ تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىنى، سۆز - تىل ئۈستىدە چىدام بىلەن غەيرەت قىلىپ ئىشلەشنى ئۆگەندى. ترادىتسىيىدىن ئۆگىنىش مەلۇم مەنىدە بەدىئىي تەتقىقاتقا ئايلاندى. كېيىنكى ئەۋلاد ئالدىنقى ئەۋلادنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە ئىگىلىگەن ماھارەت نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەت ئىككىنچىسىنى سىنچىلاپ تەكشۈردى. بىراق مەۋجۇت تېمىلارنى، ئوبرازلارنى ۋە تەسۋىردى ۋاستىلارنى تەكرارلىمىدى. بىر دانىشمەن ئېيتقاندەك سۆز سەنئىتىدە ھەممە بىر - بىرىنىڭ شاگىرتىدۇر. ئەمما ھەركىم ئۆزىگە خاس بولغان يول بىلەن ماڭىدىغان بولدى. بەدىئىي ئەسەردە ئۆزىنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنى ئاجراتقىلى بولمىغاندەك ترادىتسىيە بىلەن ناۋاتورلۇق بىر - بىرىدىن ئاجرالمايدۇ. ھازىر بىز ئەڭ ياخشى ترادىتسىيە سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان بەدىئىي ئەسەرلىرىمىز ۋە ئۇلار ئىپادىلىگەن جەڭگىۋار، ئىزلىغۇچى ئىدىيەلەر ۋە ئۆزىنىڭدىكى بۇ ئىدىيىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ۋە ئوبرازلار ئۆز زامانىدا ئەڭ جەسۇر ناۋاتورلۇق ئىدى. جۈملىدىن ئازادلىقتىن كېيىن بىرىنچى ئەۋلاد يېرىك يازغۇچىلىرىمىز يارىتقان ئەڭ ياخشى ناۋاتورلۇق ئەسەرلەر ھازىرقى ياشلىرىمىز ئۈچۈن ترادىتسىيە بولۇپ قالدى.

بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا بەدىئىي ئىجادىيەت ھاياتىدا بىر - بىرلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تېمىلار، غايىلەر، ئۇسلۇبلار تارىختا ناھايىتى مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي ئىزلارنىڭ قالغىنىنى كۆرىمىز. بۇ جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن سەنئەتكارلار ئەنە شۇ ئەگرى - توقاي يوللاردىكى قىيىنچىلىقلارنى سەگەكلىك بىلەن بېسىپ يېڭىپ ئۆتەلىگەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخس تالانتىنى تولۇق نامايىش قىلالىدى.

ئۇلار ئۆز زامانداشلىرى ۋە ئۆتمۈشداشلىرى بىلەن بولغان غايىۋى ئېستېتىك مۇنازىرىلەردە ئۆزلىرى ئۈچۈن يېڭى بولغان، يېڭى زامان بەخش ئەتكەن ئىلغار كۈچ - قۇۋۋەت تەرەپىدە غالىب چىققان ئىدى. ئۇلارنىڭ غەلىبىسى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلىك ھالدا ئېچىپ تەسۋىرلەپ بەرگەن چاغلىرىدىلا ئوچۇق نامايەن بولغان ئىدى.

مانا شۇ مەنىدە شەرق ئويغىنىش دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدە-
بىياتىنىڭ سەركەردىسى بولغان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە قاراخانىيلار دۆلەت
ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىر فېئوداللىزم دەۋرىدىلا ئەڭ ئالدى بىلەن
ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە باي ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئىلغار
ترادىتسىيەسىنى؛ ئەرەبلەر ئارقىلىق غەرب - گىرېتسىيەدىن كىرىپ كەلگەن ئىلغار
ئەدەبىيات - سەنئەت ترادىتسىيەسىنى؛ شەرق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ
ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەت ترادىتسىيەسىنى ۋە جۇڭگونىڭ ناھايىتى ئۇزاق
تارىختا ئىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەممىدىن ئەدەبىيات-
سەنئەت ترادىتسىيەلىرىنى، ترادىتسىيەنىڭ دۇنياۋى يەرلىك قائىدىلىرى ۋە ۋارىسلىق قانۇنىيىتى
بويىچە ئىجادىي ھالدا ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نى مۇ-
جەسسەملەشتۈرگىنى ئۈچۈن XI ئەسىردىلا، فېئوداللىزمنىڭ ئۈلگىلەنگەن دەۋرىدە مەيدانغا
كەلگەن شەرق ئويغىنىش دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان بۈيۈك مۇتە-
پەككۇر شائىر بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مانا شۇ مەنىدە ئالىگىردانتى يۈسۈپ خاس
ھاجىپتىن 200 يىل كېيىن كاپىتالىزم دەۋرىدە غەرب ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇقەددى-
مىسىنى ئاچقان XIII ئەسىرنىڭ ئاۋازى بولۇپ قالدى. ۋىلىيام شېكسپىر بولسا، بۇنى
ئۆز خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ھالدا ياۋروپا تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلان-
غان XVI ئەسىر ئاخىرىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، روھىي - ئەخلاقىي ۋەقەلەرنىڭ
ئىپادىلىگۈچىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

XV ئەسىرگە كەلگەندە شەرقتە ناۋايى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىزىدىن مېڭىپ،
ئۇنىڭ ترادىتسىيەلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بېيىتىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى خوراسان
ۋە ماۋارائۇننەھر مەنزىرىسىنى زور ماھارەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن سىزىپ بەردى
ۋە ئويغىنىش دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك مۇخلىسى بولۇپ قالدى. ئۆتمۈش باي ئە-
دەبىياتىمىزدىن ترادىتسىيە قوبۇل قىلغاندا ماركسىزمنىڭ ۋارىسلىق قىلىش نۇقتى-
ئىنەزەرلىرىنى ئېنىقشاي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ئۆتمۈش ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئىلغار ترادىتسىيەلىرىنى قوبۇل قىلىش-
ىمىزدا ئەڭ ئالدى بىلەن تەقلىدچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

تەقلىد ئادەتتە ئىبرەت تېرىقىسىدە، ئىجادىي قوبۇل قىلىنمىدىغان نەمۇنىلەرگە
ياسىمىپ ئەگىشىش، بار مەزمۇننى، بەدىئىي ئۇسلۇبنى بىر ئاز باشقىچە سۆزلەر بىلەن
تەكرارلاپ قويۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق تەييار ۋاستىلارنى كۆچۈرۈپلا ئىشلىتىش،
غايىۋى - بەدىئىي جەھەتتىن بىرەر يېڭىلىق يارىتالماسلىق، شۇ مىللەت ئەدەبىيا-
تىنى مۇنقەرزگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا مۇنداق دوگمىچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز
كېرەك. م. گوركىي ئۆگىنىمەك — كىمىگىدۇر تەقلىد قىلىش ئەمەس، بەلكى ماھارەت
نەتىجىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش دېمەكتۇر. ئىش پىرىيوملىرىنى ئىگىلەش — ئىرەمۇمەن

ئەشۇ پەرىيولەردىنى پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئۆزىنىڭ قەلەمۇبلەش دېگەن سۆز ئەمەس. پەقەت ئىشنى باشلىغۇەت، كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆزى سائگا ئۆگىتىشكە باشلايدۇ... ئەگەر ئۆگىنىش پەقەت تەقلىدتىن ئىبارەت دەپ قارالسىدىغان بولسا ئىدى، بىز دەيمەن هەم، تېخىمۇ كۆپ هەم بولمىغان، قىسقىسى ئەدەبىيات ھەمزۆرلۇرى تەرەققىياتتا ئېرىشەلمىگەن... بولار ئىدى ⑦ دېگەن ئىدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئەدەبىياتتىكى ئىلغار غايىۋى مەزمۇن ۋارىسلىق يول بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتىدىغان، ئۇزاق ياشايدىغان ھادىسىدۇر. بۇنىڭدە پەقەت مەلۇم ئەدەبىي شەكىللەر ئارقىلىقلا يېتىپ كېلىدۇ.

ئۆتمۈشنىڭ بۈيۈك يازغۇچىلىرى ياراتقان، ئاللىقاچانلاردىن بېرى ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەدەبىي شەكىللەر بىزنىڭ ھازىرقى سوتسىيالىستىك ۋەقەلىكىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، ئېستېتىك بىلىش، ھىس قىلىش ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىۋېرىدۇ. ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ كىرمىزىستىك غايىۋىيلىكى، خەلقچىللىقى، كىلاسسىكلارغا خىزمەت قىلغان ھەر قانداق تەسۋىرى ۋاستىلار ھەممىدە بەدىئىي ژانىرلارنى ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنى تەمىنلەيدۇ.

ۋ. ئى. لېنىننىڭ تەربىيىچە ئۆكتەبىردىن كېيىن، خەلقئارا كوممۇنىزم نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا شۇنداق مۇستەھكەم، شۇنداق كۈچلۈك، شۇنداق قۇدرەتلىك ئىش مەزمۇن مەيدانغا كەلدىكى، ئۇ ھەر قانداق شەكىلدە ئۆزىنى نامايەن قىلمىقى لازىم، يېڭى شەكىلدە ھەم، كونا شەكىلدە ھەم. ئۇ، ھەممە شەكىللەرنى تېپىپ ئۆزگەرتىدىكى، ئۆزىگە بويسۇندۇرمىقى ۋە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلماقتى كېرەكلىكى مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى. بۇ پىكىرلەر ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى شەكىلگە-تۈر - ژانىرلارغىمۇ تەئەللۇقتۇر.

ئىجادىيەت جەريانىدا كونا شەكىللەردىن ئۈزلۈكسىز پايدىلىنىش ئۈچۈن ماياكوۋسكىينىڭ مۇنۇ قارىشىغا: — يېڭىلىق شۈبھىسىز، ئەقىلگە توغرا كەلمەيدىغان ھەقىقەتلەرنى دائىما تەكرارلاپ تۇرۇشنى نەزەردە تۇتمايدۇ. يامبا، خەركىن شېئىر، ئاللىتېراتسىيە، ئاسسونانس، ھەر كۈنى يارىتىلىۋەرمەيدۇ. ئۇلارنى داۋام ئەتتۈرۈش، جارى قىلىش، يېيىتىش ئۈستىدە ئىشلەش، ھەم مۇھىمدۇر — غا تولۇق قوشۇلىشقا بولىدۇ.

ئەمدى ئاۋانگارلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، تارىخنىڭ ئاجايىپ بورۇلۇش يىللىرىدا تۇغۇلغان جەمئىيىتىمىز ئاجايىپ يېڭى كىشىلەرنىڭ تىپىنى مەيدانغا كەلتۈردى. جەمئىيىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىسلاھات دەۋرىشەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى پۈتۈنلەي باشقىچە ھەل قىلدى. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى، خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىشتىكى رولىنى يېڭىچە باھالاش باشلاندى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئالدىغا ئىلگىرى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن يېڭى

ۋەزىپىلەر قويۇلدى. ھازىر بىزنىڭ زامانىمىزنىڭ كىشىلىرى ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا ناۋاتىرلار سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىق تۈپەيلى ئۇنى كۈزىتىشكە، ياراتقۇچلىق، ئىجادكارلىق پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ھەم ناۋار بولۇشى لازىم. ئەلۋەتتە.

ئۇلۇغ لېنىن ئەسىرىمىز بېشىدىلا پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچىكى قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇنداق بېشارەت بەرگەن ئىدى:

«بۇ ئەدەبىيات ئەركىن ئەدەبىيات بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سەپلىرىگە بارا - بارا يېڭى كۈچلەرنى تارتقۇچى نەرسە مەنپەئەتپەرەستلىك ۋە نەپسەپەرەستلىك بولمايدۇ، بەلكى سوتسىيالىزم غايىسى ۋە مېھنەتكەشلەرگە خەيرى - خاھلىق بولىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ئىنسانىيەتنىڭ ئىنقىلابىي پىكىرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىجادىنى سوتسىيالىستىك تەجرىبىسى ۋە ئىجادىي ئىش بىلەن بېيىتىپ، ئۇنىڭغا ھاياتبەخش ئېتىدىغان... ئەدەبىيات بولىدۇ». مانا بۇ تەلەپلەر ھازىر بىزدە ئەمەلگە ئاشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟

يېڭىلىققا ئىنتىلىش ھەر قايسى كونكرېت تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتى تەقەززا قىلىدىغان ئېھتىياجنىڭ تەلەپىدۇر.

ناۋاتىرلىق — زامان سادىسى، بەدىئىي تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدۇر. ماركسىزمنىڭ ئېستېتىكىسىنىڭ تەستىقلىشىچە، ناۋاتىرلىق سەنئەت ماتېرىيالىنى كېڭەيتىش، بەدىئىي ئىدىراكنىڭ تېخى ئوقۇپ، بىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەن تەرەپلىرىگە چوڭقۇر كىرىپ بېرىش جەريانىدۇر. ناۋاتىرلىق ئوقۇپ چىقىلغان كىتابلاردىن، ئوقۇپ ئالغان سۆھبەتلەردىن ئەمەس ئەڭ ئالدى بىلەن كۈندىلىك رېئال ھاياتنىڭ ئۆزىدىن، ئۇنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىنتىلىشتىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭىلىقنىڭ باش مەنبەسى خەلقىمىز قۇرغان گۈللەپ - ياشناۋاتقان تۇرمۇش، خەلقىمىز قىياپىتىدە شەكىللىنىۋاتقان ئەڭ ياخشى ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەردۇر. ئەنە شۇ يۇقىرىقى بىر پۈتۈن گەۋدىنى بىلىپ يېتىش، ئۇنى بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرۈش ناۋاتىرلىق كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيىۋىلىك، خەلقچىللىق، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ تۇرغۇچى قۇدرەت بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ناۋاتىرسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن ئۆزى ئاساس سالغان پارتىيىنى خاراكتېرلەپ، ئېنگېلسنىڭ قانداقتۇ بىر پەسكەش بۇرژۇئا پروفېسسورىغا، نېمىس كادېتىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، مۇنداق يازغان ئىدى: «بىزدە، ئىنقىلابىي پارتىيىدە ياشلا كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىشى، تەبىئىي بىر نەرسە؛ ئاخىرى؟ بىز- كېلەچەك پارتىيىمىز، كېلەچەك بولسا ياشلارنىڭ قولىدىدۇر. بىز ناۋاتىرلار پارتىيىسىمىز، ياشلار بولسا، دائىم ئىشتىياق بىلەن ناۋاتىرلارغا ئەگىشىپ بارىدۇ»⑧ دەپ ئالدىن ئالا دانىشمەنلىك بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى.

١

بىزنى بەخت بىلەن ئۇچراشتۇرغان پارتىيىمىزنىڭ غايىۋى قۇرالى - ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۆزگەرمەس راۋاجلانغۇچى، دائىما ئىزدەنگۈچى، ھەممە ۋاقىت يېڭىلىقنىڭ ئىجادكارى بولغان نەزەرىيىدۇر. جەمئىيەتتە كوممۇنىستىك پارتىيىۋىيلىك پرىنسىپىنى ئۆزگەرمەس بايراق قىلغان بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ناۋاتورئەدەبىيات بولالىشى، ئىزدەنگۈچى، يېڭىلىق ياراتقۇچى ئەدەبىيات بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، دەۋرنىڭ ئېستېتىك تەلىپى ھېسابلانغان ناۋاتورلۇق ئاسماندىن چۈشكەن ياكى يەردىن ئۈنۈپ چىققان نەرسە بولماستىن، ئەسىرلەر جەريانىدا توپلانغان باي بەدىئىي خەزىنىلەردىن مەيدانغا كەلگەن ئىنسانىيەت بايلىقىدۇر.

ناۋاتورلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتتە غايىۋى، بەدىئىي جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىش، بەدىئىي مەزمۇن ۋە ئېستېتىك شەكىلنى يېڭى ئىمكانىيەتلەر ھېسابىغا بېيىتىش دېمەكتۇر. كونكرېت ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن پروتېستلىكپىكىردە، تەسۋىردى ۋاستىلاردا تېخى ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ئورگىنالىقنى تېپىش، باشقىلار كۆرمىگەن نەرسىلەرنى بىرىنچى بولۇپ كۆرۈش، ھېس قىلىش قابىلىيىتىدۇر. ناۋاتورلۇق يېڭى ھاياتنى ۋە ئىنسانى مۇناسىۋەتلەر ئىنكاسى، يېڭى تىپلار، خاراكتېرلار، تۇيغۇلار، ژانىرلار، يېڭى قاپىيىلەر، ۋەزنلەر، ئومۇمەن سۆز سەنئىتىنىڭ سېھرى- سىرلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان، بارلىق تەركىبلەردىكى سابلىق، (ئۇچرىمىغان يېڭى) قويۇق جۇلالىقتۇر. ئۇ خەلقىمىزگە شاتلىق ۋە ئىلھام مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان يۈكسەك غايىلارنىڭ — ياشاش ئۇسۇلى، ئىپادىلىنىش شەكلى، مەزمۇنى يېڭىچە تەشكىل قىلىشتا ئېرىشىلگەن ئۆزگىچە خاسلىقتۇر. كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا سوتسىيالىستىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىدە مەيدانغا چىقىۋاتقان يېڭى تراديتسىيىلەرنى، يېڭى خۇسۇسىيەتلەرنى زىرەكلىك بىلەن كۆرۈشنى بىلىش ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلەش مەملىكىتىمىز خەلقلەر ھاياتىدا ھەر كۈنى پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى نەرسىلەرنى پۈتۈن ۋاستىلار بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھەقىقى ناۋاتورلۇق بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ تراديتسىيە ۋە ناۋاتورلۇق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرىدىن بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زامان ۋە ماكانغا باغلىق رەۋىشتە قارىغاندا ئۇزاق ۋە يېقىن تراديتسىيىلەر بار. بىز ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، رابغوزى، ئەخمەت يۈكنەكى، لوتفى، ئاتايى، سەككاكى، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، نۇرۇز ئاخۇن زىيائى، تۆردى غەرىبى قاتارلىقلار تراديتسىيىسى يىراق ۋە يىراقراق تراديتسىيە بولسا، مۇللابىلال نازىمىدىن باشلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپكىچە بولغان ئەدەبىي تراديتسىيىلەرنى يېقىنراق تراديتسىيە دېيىشكە بولىدۇ.

بۈگۈنكى ئەدەبىيات ئۈچۈن تراديتسىيە بولۇپ ھېسابلانغان خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقلەر دوستلۇقى، قەھرىمانلىقنى كۈيلەش تۇيغۇلىرى ۋە ئىلگىرى ئۈچ-

رىمغان تەسۋىرىي ۋاسىتىلار، ئوبراز، خاراكتېرلارنى داستانلىق بىلەن راۋاجلاندۇرۇش قاچانلادۇ ناۋاتىرلىق بولغان ئىدى. ئەدەبىياتتىكى كوممۇنىستىك پارتىيىۋىلىك، ئۆتمۈش ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ناۋاتىرلىق بولىدۇ.

مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئۆز ئارا تەسىر دۇنياۋى بىرلىك قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى، راۋاجلاندۇرۇش قانۇنىدىن تاشقىرى، تراددىتسىيە ۋە ناۋاتىرلىق مەسىلىلىرىنى توغرا ھەل قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۆز ئارا تەسىرنىڭ ئاسان ۋە قىيىن شەكىللىرى بار. تىل، تارىخ، تىرىكچىلىك شەكلى بىر - بىرىگە يېقىن خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئاسانلا بىر - بىرى بىلەن بەدىئىي ئالاقىغا كىرىشىپ، بىر - بىرىنىڭ تراددىتسىيە ۋە ناۋاتىرلىقلىرى بىلەن ئورتاقلىشالايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تاتار قاتارلىقلار. تىلى، ئۆرپ - ئادىتى بىر - بىرىگە يىراق بولغان خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، بۇ چاغدا تەرجىمان ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: بىزگە خەنزۇ ۋە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى پەقەت تەرجىمە ئارقىلىقلا كىرىپ كەلدى.

مەلۇم بىر ئەدەبىيات ئۆزىدىن تەرەققىي قىلغان ئەدەبىياتتىن ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ئالىدۇ. بۇ بەدىئىي غايە، مەزمۇن، تەسۋىرىي ۋاسىتە، ۋە ژانىر، خاراكتېر يارىتىش ماھارىتىگە تەئەللۇق بولۇشى مۇمكىن.

تراددىتسىيە ۋە ناۋاتىرلىق دىئالېكتىك مۇناسىۋەتتىكى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتىكى مەسىلە بولۇپ، ئۇنى بىر ئەندىزە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ھەممە مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئوخشاش تەدبىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلىدە ھەر بىر مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېرى، يوللىرى بولىدۇ.

مەدەنىي مىراس ۋە مىللىي تراددىتسىيىلەر، ھەر بىر خەلقنىڭ ئىپتىخارى بولۇپ ئۇنى ئۆگىنىش شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، ئۆتمۈشنى بىلمەي تۇرۇپ ھازىرقىنى چوڭقۇر تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

تراددىتسىيە ۋە ناۋاتىرلىقنى بىلىشتىكى مەخسەت غايىۋىي ۋە بەدىئىي جەھەتتىن يۈكسەك ئەدەبىي سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. ئەمما بەدىئىي مىراس، تراددىتسىيە، ۋارىسلىق، ناۋاتىرلىق مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن ماركسىتىك ئېستېتىكا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئاچقۇچ قىلىش لازىم.

1987 - يىل ئاۋغۇست ئۈرۈمچى

---

① ۋ. ئى. لېنىن ئەسەرلىرى. 22 - توم ئۆزبېكچە. 126 - بەت

②③ لېنىن مەدەنىيەت - سەنئەت توغرىسىدا. رۇسچە، 270 - 268 - بەت.

④ ۋ. ئى. لېنىن «ياشلار سويۇزىنىڭ ۋەزىپىلىرى» ئۇيغۇرچە 12 - بەت

⑤ بۇ جايدا كودوكس سەنئەتكارلىرىنىڭ يۇقىرقى ئامىللىرىنىڭ يىغىندىسى مەنىسىدە ئىشلىتىلدۇ.

⑥ ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى. 24- توم (1955 نەشرى) رۇسچە 296 - 297 - بەتلەر

⑦ م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» رۇسچە 417 - بەت

⑧ ۋ. ئى. لېنىن ئەسەرلىرى 14 - توم 182 - بەت

AltunOq

# «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى

يۈسۈپ ھۈسەيىن

## 1. ئىلمىي قۇياشنىڭ ئەتىگەنلىكى

ھېكمەت:

**«ئەگەر بىر ئادەم ئاسمىزالنىڭ مۇھەببىتىنى قوزغىيالىسا ۋە يۇقىرىداقى مۇھەببەتلىنى سەزەلىسە، ئۇ، يۇلتۇزنىڭ ئۇچقۇن ھەممىدىن ۋازكەچسە بولىدۇ، راھەت ئېيتسا بولىدۇ. بۇنى ئىلاھى بايلىق دىسە ۋە پەخىرلەنسە بولىدۇ. بىراق، ئادەمزاتقا تەقدىم قىلىنىدىغان يۇقىرىداقى مۇھەببەت ھەر قانداق شاتلىق ۋە پايدىلىق مەقۇلىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. بىشارەت مەنبەسى بىلەن دۇنيادىن ھالقىغان ۋە ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ سەممىي مۇھەببەت بىزگە ھەممىنى بېرىدۇ. بۇ روھى مۇھەببەت. ئۇنىڭ بىشارىتى يۈكسەك تۈزۈلۈش ۋە مۇقەددەس ئىلھامنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى»**

—خاتىرىدىن

بۇ ماۋزۇنى يورۇتۇش ئۈچۈن، كەپنى تەبىئەت پاكىتلىرىدىن باشلايلى.

يەر يۇلتۇزىمىز ئالەمنىڭ ماگنىتلىق مەيدانىدا قۇياشنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش جەريانىدا تۆت پەسىل ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن يەر شارىنىڭ جەنۇبىي يېرىم شارى بىلەن شىمالىي يېرىم شارىدىكى جايلىنىشلار نەزىرىدە تۆت پەسىل سەككىز تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن: شىمالىي يېرىم شاردا باھار بولسا، جەنۇبىي يېرىم شاردا كۈز بولىدۇ؛ شۇنداقلا يېرىم شارىمىز ئۆز ئوقىنى بىر سوتكىدا بىر قېتىم ئايلىنىش جەريانىدا تۆت ۋەقىل ھاسىل قىلىدۇ ۋە بۇ تۆت ۋەقىل يەر شارىنىڭ شەرقىي يېرىم شارى بىلەن غەربىي يېرىم شارىدىكى جايلىشىشلار نەزىرىدە سەككىزگە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن: شەرقىي يېرىم شاردا ئەتىگەن بولسا، غەربىي يېرىم شاردا كەچقۇرۇن بولىدۇ؛ شۇنداقلا پەسىل بىلەن ۋەقىلنىڭ «تۆت تادۇ» ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. مەسىلەن: باھار پەسلىنىڭ ھۆل، ياز پەسلىنىڭ ئىسسىق، كۈز پەسلىنىڭ قۇرۇق، قىش پەسلىنىڭ سوغۇق بولىدۇ؛ ئەتىگەن ۋەقلىنىڭ ھۆل، چۈش ۋەقلىنىڭ ئىسسىق، كەچقۇرۇن ۋەقلىنىڭ قۇرۇق، تۈن ۋەقلىنىڭ سوغۇق بولىدۇ؛ مانا بۇ پۈتكۈل ئا-

دىمىزاتنى چوڭ مەڭگە مۇجەيىردىلىرى قىلغان، باشقا جانلىقلارنى ئوتتۇرا-كىچىك مەڭگىسى قىلغان ۋە قىزىرۇقلىرىق، دېگىمىز قىلغان يەر شارىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئانا دەمەلىك مەنجەزى.

## يۇقىرىدىكى مۇلاھىزە ئۈچۈن بىرىنچى ئاساس

مەدەنىيەت تارىخى باشلانغاندىن بۇيان، بارلىق خەلقلەردە تىل شەكلى جەھەتتە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن تۈپ مەناسى جەھەتتىن ئوخشاش بولغان شەرىئەت، تەرىقەت، پەزىلەت ۋە ھەقىقەت چۈشەنچىلىرى گەرچە بىر پۈتۈنلۈكنىڭ تۆت قەۋەت قۇرۇلمىسىنى ئىپادە قىلسىمۇ، ئەمما، ماكان، زامان ئۆزگىرىشى بويىچە مۇھىم نۇقتا بىلەن قوشۇمچە نۇقتىسىنىڭ نۆۋەتلىشىپ گەۋدىلىنىشىدۇر. ئادەمنىڭ شەخسىي ھاياتىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن تارىختىن ئىبارەت جەمئىيەت ئۆمرىدىمۇ نۆۋەتلىشىپ گەۋدىلەنگەن ۋە گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن: شەرىئەت قۇللۇق جەمئىيەتكە تەرىقەت فېئوداللىق جەمئىيەتكە، پەزىلەت كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە، ھەقىقەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنداق خاراكتېرلىك تارىخ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى ئىخچاملاشقا ۋە ئۆزىمىزنىڭ چۈشەنچىلىرىدىكى شۇ ئۇقۇملارغا بولغان تەسەۋۋۇرلىرىمىز سەۋەبلىرىنى تارىخنىڭ قايسى باسقۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. مەسىلەن: قۇللۇق جەمئىيەتنى شەرىئەت دەۋرى دېگەندە كەپ تۈنجى ئىجتىمائىي قانۇنلارنىڭ قۇللۇق جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگىنىگە قارىتىلغان. چۈنكى تۈنجى قانۇنلار تەبىئەتتىكى گۆشخور ھايۋانلار بىلەن ئوتخور ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىزمنىڭ تەقلىدى قۇلدار بىلەن قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ دەۋردە پەقەت قۇلدارنىڭلا تەپەككۇر ھوقۇقى بولۇپ، ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى قۇللارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. قۇللۇق جەمئىيەتتىكى ئەدەبىياتنى «شەرىئەت ئەدەبىياتى»، يەنى «ماددىي ئەدەبىيات» دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، قۇلدار ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق تەسەۋۋۇرىدىكى خىيالىي قۇرۇلمىنى شەرىئەت زەنجىرلىرى بىلەن باغلانغان مىليونلىغان قۇللارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ماددىي قۇرۇلمىلارغا ئايلاندۇراتتى؛ قەدىمكى مىسىرنىڭ پىرامىدالىرى، قەدىمكى رىمنىڭ ئولىمپىك تىياتىرخانىلىرى، جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلى ۋە باشقىلا كاتتا سەنئەت يادىكارلىقلىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. شۇڭا، قۇللۇق جەمئىيەتتە ماددىي كۈچنىڭ قەھرىمانلىقىلا ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ئىگە ئىدى. ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلغان بەزى يولداشلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمگە خاس ئەدەبىي يادىكارلىقلارنى «قەھرىمانلىق داستانلىرى» دەۋرى دەپ قارىغانلىقى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

فېئوداللىق جەمئىيەتنى تەرەققىي دەۋرى دېگىنىمىزدە، كۆپ، ئاسمان كۈچلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ بۇ دەۋردە ئەۋج ئالغانلىقىنى قارىتىلغان. فېئوداللىق جەمئىيەت قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى ھايۋانىي زۇلۇم ئۈستىگە بىر قەۋەت ئەللاھلاشقان پەردىلەرنى ياپقان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە مەنىۋىي ئەدەبىيات ئەۋج ئالدى، دىنلار كېلىپ چىقتى ۋە فانتازىيىلىك ھېكايىلار بىلەن بېزەلدى؛ يەنى تەرەققىي ئەدەبىياتنىڭ فانتازىيىلىرىدە قۇللۇق تۈزۈمىدىن قالغان ئىجتىمائىي ئورۇنلار سىڭىپ ھوقۇق قاتلاملىرى ۋە مۇھىم شەخسلەر — ئالەم قەۋەتلىرىگە ۋە ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئۇرغۇن دەرىجىلىك يۇلتۇزلار ھېسابىدىكى مالائىكىلار، پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تەرەققىي بىلەن نىقابلانغان شەرىئەت ئۆگۈنلىرىدە سىقىلغان يۈرەكلەردىن چىققان تۈيغۇلار ئالەم بوشلۇقى توغرىسىدىكى خىياللار بىلەن ئارام تاپىدىغان تەپەككۇر ئادىتى شەكىللەندى. شۇڭا، تەرەققىي ئەدەبىياتنىڭ ئىلھامى ئاسماندىن، يەنى، قېدىمكى قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدە ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكەن ئەرۋاھلاردىن، ئەمەلىيەتتە ئۆتمۈش ئىزلىرى قالغان بەدەن ۋە ئىگە قاتلاملىرىدىن بولىدۇقلايتتى. بىزنىڭ مۇشۇ ماۋزۇچاققا مۇناسىۋەتلىك كېيىنكى دەل مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ (كېيىنكى ئىككى جەمئىيەت خاراكتېرى ھەققىدە ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك جايدا توختىلىمىز).

XI ئەسىرگىچە بولغان قېدىمكى دۇنيا، يەنى قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ۋە بىز بىلىپ يەتكەن مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر نەچچە قېتىم چوڭ دۇنياۋىي ئۇرۇش ۋە دۇنياۋىي تىنچلىق ۋەزىيىتى بولغان. شۇ دەۋرنىڭ خاتىرىلىرى تەرىقىسىدە نۇرغۇن قەھرىمانلىق داستانلىرى، فانتازىيە داستانلىرى كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ روھلۇق سىستېمىسىنى تىكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆزى بىر تۇرۇقلۇق نۇرغۇن روھىي كۈچلەرنىڭ، ئەرۋاھلارنىڭ ئاتموسفېرادەك ئېغىر بېسىملىرى ئاستىدا تېپىرقاپ كەلگەن.

VI ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە دۇنيادا بىر قەدەر نىسپىي دۇنياۋىي تىنچلىق ۋەزىيىتى ھۆكۈم سۈردى. بۇ تىنچلىق دەۋرىدە كۈن چىقىش تەرەپتە تاڭ سۇلالىسى بىلەن كۈن پېتىش تەرەپتىن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى ۋە تېز گۈللەندى. شۇڭا، بۇ دەۋرنى ئىلىم قۇياشى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئەتىگەنگە ئوخشىتىش مۇمكىن. نېمە ئۈچۈن؟

«قۇرئان» نىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن مۇتلەق بىردىن - بىر ئاللاھلىك بىرلىكىنىڭ نامى بولغان ئاللاغا بىلىم سۈپىتى بېرىلدى، ھەممىدە، ئاللادىن باشقا ھەر قانداق ماددىنى، روھنى شېرىك كەلتۈرۈش خاتا، دېگەن كەسكىن ھۆكۈم ئوتتۇرىدا

قويۇلدى. بۇ خۇددى قۇياش كۆتىرىلگەندە باشقا بارلىق يۇلتۇزلار غايىپ بولغاندەك مۇھىم بىلىش تەرەققىياتى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر بىلىم ئىگىسى ئۆزىنى قۇياش خىسلەتلىك، دەپ ھېس قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. شۇندىن كېيىن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تەبىئەت پەلسەپىسى بىلەن ئادەمشۇناسلىق بىرلىشىپ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلدى، بەلكى ئالىم مىساللىرى بىلەن بەدەن پاكىتلىرى ئارقىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى باشلاندى. بىز بۇنداق پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ماركس قىزى ژېنىنغا دائىم ئوقۇپ بېرىدىغان ۋە يادىكار قىلىپ قالدۇرغان ئەرەپ تەمسىلى «كېمىچى بىلەن پەيلاسوپ» ئىچىدىكى مۇنازىرىنى ئەنگوشتەرەدەك ئەتىۋالىغان مىسال ئارقىلىق ھۆكۈم قىلالايمىز. «قۇرئان» دىن كېيىنكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئالەملىك بىر پوتېنسىيالنى گەۋدىلەندۈرگەن «ماددا» ئۇقۇمى بىلەن تەڭ قىممەتتىكى ئاللا ئۇقۇمى ھەر بىر خاس ئادەمنىڭ ئەقلى ئارقىلىق بىلىنگەنلىكى ئۈچۈن، تىپىك ئادەمنى ئالەمگە كېڭەيتىپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ تەكشۈرۈش ئەۋج ئالدى. مەسىلەن، «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دەل شۇنداق ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ غەربتىكى قانداقتۇر ئىنتايىن مۇھىم بىر دىنىي كىتابنى ئەكىلىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلىدۇ. بۇ تۆت پېرسوناژ ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈن تىپىك ئادەمنىڭ دىئالېكتىك پارچىلىنىشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، تاڭ سېڭ باشتا، سۈن ۋۇكۇڭ كۆكرەككە، جۇباجې قۇرساققا، شياخېشاڭ پۇتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دېمەك، بۇ دەۋردە سىردىكەرچىلىك ئەۋج ئالغان بولۇپ، سىردىكەرچىلىك — كاپىتالىستىك ئىدىيە بىخلاندى ۋە پەزىلەت (بىلىم قىممىتى) گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. شۇڭا، شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكى ئېستېتىك خىياللارنىڭ ئورنىنى تېخنىكىلىق خىياللار ئىگىلەشكە باشلىغان.

گەرچە، XII ئەسىردىن كېيىن تاكى XX ئەسىرگىچە نۇرغۇن قېتىم دۇنياۋى ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا، ئۇ پەقەت ئەتىگەندىكى جۈدۈن — چاپقۇن تۇمانلىرى بولۇپ، تېخنىكا خىياللىرىدىن تۇغۇلغان سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىيالمىدى.

دېمەك، يۇقىرىدىكىلەردىن ئەسلەپ بولغاندىن كېيىن XI ئەسىرگە قايتىپ قارىساق، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن، دۇنيا VI ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان بىر تىنچ تەرەققىيات دەۋرىنى ھازىرلىغان. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتاب ئۈچۈن كەلگەن ئىلھام قۇشلىرىنى يېزىش بىلەن ھىندىستاندىن كەلگەن ۋە بۇ كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ئوت ئىچىدىن يېشىل چىمەن ئىچ باغچە ساقلىنىدۇ، دەپ يازغان. غەرب بىلەن شەرق، شىمال بىلەن جەنۇبنى تۇتاشتۇرغان سوقاق يولى (يىپەك

يولى) نىڭ مۇنە كە ئوخشاش تۈگۈنى بولغان قەشقەردە. دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا مۇ-
ھىم موقۇق تۇتقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلھام قۇشلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى
سى مەدەنىيەت رايونلىرىدىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە سايرىغان.

## 2. قاراخانىلار ۋە يۈسۈپ

ھېكمەت،

«دوغادىن ئىسە كەلدى. ئوكدىن يەلى
ئاچۇن ئىتەكىگە ئىچىپ ئۇشماق يولى.»
(شەرقتىن ئۇچۇپ كېلىپ باھار شامىلى،
جاھان باغرىدىن ئاچتى جەننەت ۋادىسى)
——«قۇتادغۇ بىلىك»دىن

### 1. قاراخانىلار دۆلىتى ھەققىدە

VI ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە بولغان تارىخنى ئەسلىسەك، مۇنداق ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆرىمىز:

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خەن سۇلالىسىدىن كېيىن تەخمىنەن 4 ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىگە تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن خاتىمە بېرىلدى ۋە دەسلەپتە سەددىچىن ئىچىدە بىرلىك ئەمەلگە ئاشتى. ئەنە شۇ دەۋردە، تۈرك، ئوغۇز (ئۇيغۇر) خانلىقى مىلادى ئەتراپىدىكى تۇران ئىمپېرىيىسىدىن كېيىنكى تەخمىنەن 5 ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن ئۇششاق بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ خاقانلىق تەشكىل قىلدى. شۇنداقلا تۈبۈتلار (تىبەت) خاقانلىقمۇ كۈچىنىيپ قاغلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خاقانلىقى بىلەن تۈبۈت خاقانلىقىغا نىسبەتەن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى يولغا قويدى. گېرمانىيە شەرقشۇناسى گابايىن خانىم بەرگەن دوكلاتىدا: ئۇيغۇر خاقانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋە ئىچكى توپىلاڭنى تىنجىتىش جەريانىدا كۆپ ھەربىي ياردەم بەرگەن، دېگەن.

IX ئەسىردە، ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئورخون بويلىرىنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خاقانلىقى تەركىبىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ نااھايىتى كۆپ قىسمى ئىچكى ئۇرۇش ۋە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن خاقانلىقنىڭ شەرقىي تېرىتورىيىسىدىن (تاشقى موڭغۇلىيىدىن) غەربىي تېرىتورىيىسىگە (ئوتتۇرا ئاسىياغا) كۆچتى. شۇنىڭ

Altun Oq

بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىلار دۆلىتى (جەنۇبىدىن ئىدىقۇت خانلىقى) گەۋدە-
لەنگەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بولسا سۇڭ سۇلالىسى بىلەن لياۋ سۇلالىسى گەۋدىلەنگەن.

قاراخانىلار نامى بىلەن ئاتالغان دۆلەتنىڭ III ئەسىردىن كۆپرەك دەۋرىنىڭ ⅓ قىسمى مانى دىنىي تەسىرى ئاستىدا ئۆتتى. IX ئەسىردە قاراخانىلار ۋە ئىدىقۇت خانلىقى خەلقلىرى مانى دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ئۈچۈن، تارىم ئويمانلىقىنى تەسىر دائىرىسىگە ئالغان تۈبۈتلار بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان.

سامانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا كۆچۈپ ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ بىر دوستى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەربىي قاراخانىلار بىلەن بولغان دىنىي رەقابىتى كۈچەيدى. رۇس تارىخچىسى بارتولدنىڭ يېزىشىچە، تەخمىنەن 860 - يىلى بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان غەربىي قاراخانىلار ئىسلام دىنىغا ئۆتتى. لېكىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي قاراخانىلار يەنىلا مانى ئەقىدىسىدە تۇرىۋەردى...

بۇ دەۋرگىچە ئىران ۋە غەربىي قاراخانىلاردا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي فورمىسى — خرىستىيان، مانى، بۇددا دىنلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىلىرىدىن ھاسىل بولغان يېڭى ئىسلام قاراشلىرى ئەۋج ئالدى. نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار مەيدانغا كەلدى. شۇڭا، سامانىلار بىلەن غەربىي قاراخانىلار تارىم ئويمانلىقىنى قىلىچلىق سەپەرلىك يوللار بىلەن بويسۇندۇرۇش ئەقلىي كۈچىگە ئىگە بولالمىغاچقا، كاراماتلىق باشچىلىقىدىكى دىنىي ئەلچىلەر ئۈممىتىنى ئەۋەتىپ سۇتۇق بۇغراخان بىلەن قەشقەر ئاھالىسىنى تىنچ يول بىلەن ئىسلامغا كىرگۈزدى.

بۇ يەردە قەشقەر ئاتالمىسى ھەققىدە ئىزاھ بېرىپ ئۆتسەك ئارتۇق كەلمەس.

① قەدىمكى كارۋان يولى — سۇقاق يولى (يىپەك يولى) بۇرۇن تارىم دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان بولۇپ، ھازىرقى تاغ باغرىدىكى ساي يوللىرى يوق ئىدى.

② پامىر تاغلىرىدىن چۈشكەن تارماق ئېقىنلار ھازىرقى دۆلان رايونىدا تارىم دەرياسىغا قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋات بوستانلىق شەكىللەنگەن ۋە بۇرۇنقى تۇران (ئافراسىياپ) دۆلىتىنىڭ پايتەختى «تۇرقۇز سارايى» (ئوردۇكەنت) بار ئىدى. ئۇ چاغدا قەشقەر ۋە قەشقەرنىڭ ھازىرقى ئورنى يوق ئىدى. («سۇزاق» دېگەن يېزا نامى دەل سوغداق، سوغدى سۆزىدىن قالغان.) بۇ يەر پەقەت تۇرقۇز سارايى شەھىرىدىن غەربكە ئۆتىدىغان — ئارتۇش ۋە تۇققۇزاق ئارقىلىق ئۆتىدىغان يولنىڭ بىر مۇھىم ئۆتكىلى ئىدى.

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئارتۇش ۋە تۇققۇزاق تەرەپتىن كېڭىيىپ كەلگەندە، خانئۆي، سۇزاق، دۆلەتباغ يېزىلىرىدا دەسلەپكى قەشقەرلىك — يەنى تۈرك تىلىدا بۆرىنىڭ بىر خىلى بولغان قاشقىر نامى بىلەن ئاتالغان شەھەرنى

مەرپا قىلدى. دېمەك: «قەشقەر» ئاتالغۇسى قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، سۇتۇق بۇغراخان ۋە قەشقەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي زىددىيەت تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. بىز «تەزكىرە بۇغراخان» بىلەن «تەزكىرە ئارسلانخان» ناملىق ئىككى كىتاپتىكى ماتېرىياللىنى «قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى بىلىش ماتېرىيالى قىلىمىز.

«تەزكىرە بۇغراخان» دا قەشقەرنىڭ ئىسلامغا كىرىش ۋاقتىدىكى ۋەقەلەر ۋە بەزى كەلگۈسى بېشارەتلەر ھېكايە قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى بىر چۆچەكسىمان ھېكايىدە، بۇغراخاننىڭ قىزى نۇر ئەلانۇر خېنىم خۇددى خىرىستىيانلارنىڭ ئايال پەيغەمبىرى بولۇۋى مەريەم ۋەلىقۇددۇستىن يەنى داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ روھىدىن ھامىلدار بولۇپ، ئەيسا پەيغەمبەرنى تۇغقاندەك شىر سۈپەتلىك ئەلى روھىدىن ھامىل بولۇپ ئارسلانخاننى تۇغقان، دەپ ھېكايە قىلىنغان.

«تەزكىرە ئارسلانخان» دا ئارسلانخاننىڭ ئىسلام ئېچىش يولىدا شېھىت بولغان ۋەقەلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋەقەلەر مىلادىنىڭ 980 - يىللىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايىدا يەكەن خانى (دولان خانى) ئارسلانخاننى يوقىتىش ئۈچۈن بىر ھوماينى قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇ ھوماي ئارسلانخاننىڭ مەلىكىسى ئارقىلىق ئارسلانخاننىڭ نامازدىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قىلىچ ۋە ئوقيا ئۆتمەيدىغان سىرنى بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دولان بۇددىست قوشۇنلىرى ئارسلانخان قوشۇنلىرى نامازدىكى ۋاقتىدا (خۇددى ئەلى كۆپىدا شېھىت بولغاندەك) ھۇجۇم قىلىپ، ئارسلانخاننى ئۆلتۈرىدۇ. ئارسلانخاننىڭ بېشى قەشقەرگە ئۇچۇپ كېلىپ دۆلەتباغقا دەپنە قىلىنىدۇ.

كىتابنى تۈزگۈچىلەر ئەڭ ئاز دېگەندە تۆۋەندىكى 3 مەسىلىنى سىڭدۈرمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن:

1. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، قەشقەر رايونى ۋە ئۇنىڭ غەربىي تاكى خارەزمگىچە تارىختا سوغدىلار يۇرتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ئىجتىمائىي پسىخولوگىيىسى تىجارەتچىلىك بولۇپ، بۇ ئاھالىنى پۇل مۇناسىۋەتلىرى يەنى ئەقلىي تەدبىرلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش مۇھىم بىلىنگەن. شۇڭا، ئارسلانخاننىڭ بېشى قەشقەرگە دەپنە قىلىنغان دەپ سىمۋوللاشتۇرۇلغان، ئەمەلىيەتتىمۇ قەشقەر رايونىدا شەرىئەتچى ئۆلىمالار ھۆكۈمران بولۇپ كەلگەن.

2. تارىم ئويمانلىقى مىڭ يىللىرى بۇددىزم ئەنئەنىسىدە تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، توقۇدىلار ياكى تارتىلار دەپ ئاتالغان بۇ ئاھالە بۇددا ئەنئەنىسى بويىچە ئىبادەتپەرەس (يەنى دىنىي سەنئەتخۇمار) بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى سەن-

ئەت تەدبىرلىرى ئارقىلىق باشقۇرۇش مۇھىم بولىدىكەن. شۇڭا ئارسلانخاننىڭ تېنى قۇملۇقتا قالغان دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ رايوندا تەرىقەت ئۆلىمالىرى ھۆكۈمرانى ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن.

3- شەرىئەت تەدبىرلىرى بىلەن تەرىقەت تەسىرى، ئۇنى بىرلەشتۈرگۈچى ۋۇجۇددىدا زىتلىق ھاسىل قىلالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ۋە بۇ زىتلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كېچە- كۈندۈز پەرقلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ «كاللا كېسىپ، كاللا ئېلىش» ئىبادەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىش لازىملىقى ئالغا سۈرۈلگەن.

دېمەك يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇغراخانۋە ئارسلانخان ۋەقەلىرىدىن كېيىن ياشىغان.

## 2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ زادى كىم؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە مەخسۇس تارىخىي ھۆججەت يوق، پەقەت «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۆزىدە بالا ساغۇنلۇق زاھىت. كىتابنى بالا ساغۇندا 18 ئايدا يېزىپ قەشقەرگە كېلىپ ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىپ، خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن» دېگەن غۇۋا ئىزلا بار.

تەتقىقاتچى يىللاردا شۇ كىتابنىڭ يېزىلغان ھىجرىيە ھېساۋىنى تەھلىل قىلىپ، بەلى كىتاب يېزىلغان 1069 يىللىرىدىن ۋە ئاپتورنىڭ 50 نەچچە ياشاتىق ۋاقتىنى پەرەز قىلىپ، 1020 - يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان دەپ يەكۈن چىقارغان.

يۇقىرىقىلار بىۋاستە تارىخىي پاكىتلار بولماستىن كېيىنكىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان قىياس ۋە تەھلىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر نەچچە نىسە ئۈچۈن، مېنىڭ غەيرىي ۋە سەممىي ئىزلىنىشلەرگە جەلپ قىلىپ كەلدى؛

① «قۇتادغۇ بىلىك» كىتابى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامى بىزگە مەلۇم بولۇشتىن ئىلگىرى يۈسۈپ ھاخاس جىپنىڭ مازىرىنى ئادەتتىكى خەلق «يۈسۈپ قادىر خان غازى پادىشاھىم مازىرى» دەپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. بۇ تارىخىي ئۇقۇشماسلىقمۇ ياكى مەلۇم ئاساسى بارمۇ؟

2) فېئودالىق جەمئىيەتتە كىتابنىڭ نۇسخىسى ئاپتور نۇرىزى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كىتاب يېزىش، كۆچۈرۈش، كۆپەيتىش ئۈچۈن، سىياسىي ئىقتىسادىي ھوقۇق لازىم بولىدۇ. دۇنيادىن ئۆزىنى ئايرىغان زاھىت ئۈچۈن بۇنداق ئىمكانىيەت يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاھىت جەمئىيەتتىن ئالاقىنى ئۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن ھۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان كىتاب يېزىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە ئاۋارىگەرچىلىك. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

③ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە يېزىلغانىدەك، «قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ خانلىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، نۇرغۇن چىرايلىق ناملار
بىلەن ئۇلۇغلانغان ۋە ھەتتا قازانشەھىرىدىن تېپىلغان كۆزىدىكى نەقىشلەر قاتارىدا
«قۇتادغۇ بىلىك» بېيىتلىرى چېكىلگەن. بىر ئاددىي زاھىت كىتابىنىڭ تەكەببۇر خانلار
تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن مېنىڭ شەخسەن تەسەۋۋۇراتىم مۇنداق:

① يۈسۈپ ياش ۋاقتىدا بالاساغۇندىن قەشقەرگە كەلگەن. بۇ، كىتابتىكى ئايىتول-
دى ھەققىدىكى ھېكايىدا سىڭدۈرۈلگەن. ② تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا مەشھۇر
پادىشاھ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى 1030 - 1040 - يىللىرى بولۇپ،
بۇ ۋاقىت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ راسا تورشقان ۋاقتىغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ③ يۈسۈپ
خاس ھاجىپ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىپ يازغان بېيىتلىرىدە: «جا-
ھان سورىغان پادىشاھلاردەك ئۆتتۈم. نۇرغۇن ئەللەرنى قاخشاتتىم. ئۆمۈر بىراندەك
ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى» دېگەن.

مۇشۇ تەرەپلەرگە ئاساسەن قىياس قىلىشقا بولىدىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆزى. يەنى يۈسۈپ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ۋاقتىدا دۆلەت سو-
راپ، 50 — 60 ياشلىرىدا پادىشاھلىقتىن زاھىتلىقنى تاللاپ، ئىلمىي ئىشلار بىلەن
شۇغۇللىنىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» نى يېزىپ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن
مەنىۋى ئاساس قالدۇرماقچى بولغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۆۋەندىكى پىكىرنى ئەس-
لەش زۆرۈر:

ئىسلامنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بالىسىغا يازغان مەخپىي مەكتۇپلىرىنىڭ
بىرىدە: «بالام، يارىتىلىشىمغا باغلانغان بۇ مۇئامىلىنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن بۆلەك بىر
چوڭ كارخانىدا ماڭا ھاۋالە قىلىنغان. مېنى بۇ يولغا مۇرتلۇق ئۈچۈن كەلتۈرمىگەن. مېنىڭ
مەقسىتىم ناقىسلارنى تولۇقلاش، خەلقنى باشلاش ئەمەس، كىمكى مەن بىلەن مۇنا-
سىۋەتلەشسە پەيز ئالىدۇ. ناقىسلارنى تولۇقلاش خەلقنى ھەقكە باشلاش ئۇ كارخانىغا
نىسبەتەن يولدا تاشلانغان بىر نەرسىگە ئوخشايدۇ. پەيغەمبەرلىك مەنسىۋى ئاخىر-
لاشقان بولسىمۇ لېكىن پەيغەمبەرلىك كامالىتى خۇسۇسىيەتلىرىگە نىسبەت بار...»
دەپ يازغانىدەك، دۇنيا سىرلىرىنى چۈشەنگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ۋە بىلىم
ئىشلىرىدا بېسىپ ئۆتكەن يولىنىڭ خاتىرىسىنى ۋە ئۇنىڭدىن چىققان ئارزۇسىنى
كىتاب قىلىپ يازغان.

بۇنىڭدىن باشقا كىتابتىكى شېئىرىي ھېسلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئادەم پىسخى-
كىسىدىكى چوڭقۇرلۇق تۈيغۇسى ئېلىپ كېلىدىغان دىراماتىكلىق نەتىجىسى، تۆرىسىدىكى

قانۇنىيەتكە ئاساسەن يەنە مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ: يۈسۈپنىڭ پادىشاھ ئاتا - ئانىسى ئىسىم قويغاندا «قۇرئان»دىكى «يۇسۇپ» سۈرىسىنى ئەسلىگەنلىكى ئېنىق. ۋە كىچىكىدىن قۇرئان ئوقۇغان يۈسۈپمۇ ئىسمىداش پەيغەمبەر نامى تىلغا ئېلىنغاندا ئىختىيارسىز ھالدا ھاياجانلانغانلىقى ئېنىق. چۈنكى ئادەمدىكى قىزىقىش، چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭ تەكرارلىنىشى تەپەككۇر ئىنېرتسىيىسىنى، نېرۋىلار رېفلېكسىيىسىنى، مىجەز ئادەتلىرىنى ھاسىل قىلىشتىكى تۈپكى ئاساس بولىدۇ. مۇشۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن خۇددى قاراخانىيلار دەۋرىدىن قالغان «يۈسۈپ ئەخمەت» داستانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرەر ۋەقە، مەسىلەن قارا كۆز ئايىم ھېكايىسىگە ئوخشاش بىر خىل شەخسىي ھايات سەرگۈزەشتى شاھنىڭ زاھىتقا ئايلىنىشىدىكى بىر سەۋەب بولغانمۇ، قانداق؟

يۈسۈپنىڭ «خاس ھاجىپ» دېگەن ئۇنۋانى ھەققىدە بەزى تەتقىقاتچى يولداشلار، ئۇنى «ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچى» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىزنىڭچە نىسبەتەن مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق: «خاس» ئاتالغۇسى ھەممىمىزگە ئېنىق. «ھاجىپ» دېگەن ئاتالغۇ ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلمىسى بولۇپ، «ھاج» — ھاجەت دېگەن مەنانى، «ىب» ھەرپى بىلگۈچى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، خاس ھاجەتلەرنى بىلگۈچى دېگەن مەنانى ئىپادە قىلىدۇ. ئەگەر يۈسۈپ راستىن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆزى بولسا ۋە پادىشاھلىقنى ھەسەن بۇغراخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، «قۇتادغۇ بىلىك»نى يېزىپ، ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان بولسا، خۇددى مۇھەممەتنىڭ چاريارلىرى ئۇنى «ئاللانىڭ ئەلچىسى، ئىككى ئالەم سەرۋىرى» دەپ ئۇلۇغلىغاندەك ھەسەن بۇغراخان ئۇستازىنى ئۇلۇغلاپ، «ئاللانىڭ خاس ھاجەتلىرىنى بىلگۈچى، بېجىرگۈچى» دەپ ئۇلۇغلىغان دېگەن قىياسنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار گەرچە قىياس بولسىمۇ كەلگۈسىدىكى تاسادىپىي بايقاشلاردىن كېلىپ چىقىدىغان يېڭى ئۇچۇرلارنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە سەلبىي ماتېرىيال بولۇپ قالالىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

## «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەھمىيىتى

ھېكمەت:

«كىشىلەر ۋەزىيەت ۋە تەربىيىنىڭ مەھسۇلىدۇر، دېمەك ئۆزگەرگەن كىشىلەر ئۆزگىچە ۋەزىيەتنىڭ ۋە ئۆزگەرگەن تەربىيىنىڭ مەھسۇلىدۇر دەپ دەۋا قىلىدىغان ماتېرىيالىستىك تەلىمات ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتكۈچىلەر دەل كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە تەربىيىچىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەشنى لازىملىقىنى ئۇنۇ-

تۇرۇپ قويىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ تەلىمات مۇقەررەر يوسۇندا جەمئىيەتنى ئىككى بۆلەككە بۆلىدۇ. بۇلاردىن بىرى جەمئىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كىشى پائالىيىتىنىڭ بىر - بىرىگە ماس كېلىشىنى پەقەت ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت تەرىقىسىدە ئېلىپ تەكشۈرۈش ۋە چۈشىنىش مۇمكىن.»

ماركس: «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىسلار» دىن

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئەڭ مۆجىزىلىك كىتاب «قۇرئان» بىلەن قىسقىچە سېلىشتۇرۇش كېرەك.

«قۇرئان» ئەلۋەتتە، قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشاش ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان، تارىخنىڭ باشلىنىشىغا باش مەنبە خاراكتېرلىك رول ئوينىغان مۇھىم كىتاب. ئادەم ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە تاقالغان ئۇلۇغ بۈيۈك دەپ ئاتالغان «قۇرئان» مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن كېيىن يەنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 40 يېشىدىن كېيىن، ئۇ سۆزلىرىنى باشقىلارغا خاتىرىلىتىش ھوقۇقى بىلەن نوپۇزغا ئىگە بولغاندىن كېيىنكى سۆزلىرىنى رەتلەش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كىتابنىڭ ھەقىقىي ئاپتورىنى ۋەھى سۆزلىگۈچى مۇھەممەت پەيغەمبەر بىلەن ئاڭلاپ خاتىرىلەپ، رەتلىگۈچى ئوسمان دەپ قاراش مۇمكىن. كىتاب ئىلاھىي خىياللار بىلەن تارىخ ۋە ھايات مەسىلىلىرى ئارىلاشقان ھالدا يەنى بىر نەچچە زامان، ماكاندا ئۆزۈندىلەر تەرىقىسىدە ئىپادىلىنىپ، كېيىن مۇتلەق سادىقلىقتا يېقىن دەرىجىدە رەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، يەنى ئىككى كىشىنىڭ دەخلى بىلەن تىلىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەر بىر ئوقۇغۇچى تەبىئىي ھالدا ئىككى خىل روھىي كۈچكە پارچىلانغاندەك بولىدۇ. يەنى ئاپتاپ نۇرى تېگىشى بىلەن ھەر خىل شەيئىلەردىن ھەر خىل رەڭ چىققاندەك، ئايەت تەسىرى بىلەن ئوقۇغۇچى مىڭىسىدە تەپەككۇر دولقۇنى قوزغىلىدۇ.

بۇنىڭدىن ئادەم مىڭىسىدىكى تەپەككۇر ئىنېرتسىيىسى بەدەندىكى نېرۋىلار رېفلېكسى تۈپەيلىدىن ئېنېرگىيىنىڭ ماددىغا ئايلىنىش قانۇنىنى چىقىدۇ. قۇرئاندا ئىلاھىي كۈچى شۇنچىلىك مۆجىزىلىك قۇدرەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنكى، ئاللا پۈتكۈل ئالەمدىكى بارلىق يۇلتۇزلارنى كۈكۈم تالقان قىلىپ، ئېرىتىپ، سۇپ - سۈزۈك مۇيۇللۇقتا (بىرشارۇقتا) ئايلاندۇرۇۋېتىپ ئاندىن يەنە ئۆزى خالىغان بولسا يەنە ئۆز پېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھاياتلىقنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاش تالانتىغا ئىگە دەرىجىدە سۈپەتلەنگەن. بۇنداق ئۇلۇغلاش ئەمەلدە ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئارزۇسىغا بەدەن ئادەتلىرىنى، تۈيغۇلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىچكى، تاشقى زىتلىقلارنى ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەنگەنلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەقلىي ئارزۇسىغا لايىق بەختلىك ياشاش ئادىمزاتنىڭ تېپىك ئارزۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنى

سىنىپىيلىكتىن ھالقىپ تۇرىدىغان مۇنداق مۇتلەق بىر خىل ئارزۇ ئارقىلىق ئۆزئارا كۆرەش قىلىشۋاتقان سىنىپىي ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئەۋزىنى تىزگىنلەش جەھەتتە ئۈنۈمى بولغانلىقى ئۈچۈن تارىختا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەپسۇسكى ئىسلام دۇنياسىدا مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى سادىقلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇش لازىم بولغان چارىيالارنىڭ «قۇرئان»نى چۈشىنىشتىكى پەرقلىرىدىن كېلىپ چىققان رىقابەتلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلار چىقىپ، پەيغەمبەرنىڭ ۋە «قۇرئان»نىڭ تەسىرى خېلى دەرىجىدە خىرەلەشتى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان بۇرۇنقى دىنىي ئەنئەنىلەر ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام مەزمۇنىدىكى شەرىئەت، تەرىقەت، پەزىلەت، ھەقىقەت مەنالىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، ئەبەدىي ساھەلەر تۇغرا ئەمەلىيلىشىشىگە تەسىر يەتتى. بولۇپمۇ يىراق شەرق، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرى تۇمانلىشىپ قالدى. ئەۋزىنى ۋارىس دەپ ئاتىۋالغان نۇرغۇن «ئەۋلىيا» «ئەنبىيالار» ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتلىرىنى بازارغا سالدى ۋە خىلمۇ - خىل مەزھەپلەرنىڭ كۆرەشلىرى ئەۋج ئالدى.

«قۇرئان»نىڭ ئەسلى مەنبەلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى سەممىيلىك بىلەن چۈشەنگەن مۇتەپەككۇرلار پەلسەپىۋى سىستېما تىكلەپ، «قۇرئان»نىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنداقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئىسلام دىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللىي دىنىي «زەردۇشت» دىنىغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما، ئىسلامنىڭ تېخىمۇ بىر يۇقىرى ئارتۇقچىلىقى شۇكى، قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئارىسىدىكى سان - سۈپەت ئۆزگىرىش قانۇنى ئاللانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بۇ قانۇن پەقەت بىلىم ئارقىلىق ئاللانىڭ ئادەمگە مەلۇم بولىدۇ. بۇ قانۇن ئادەمدە بىلىم بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» — مەۋجۇد كىتابىدۇر. ئۇنىڭ «بەخت ياراتقۇچى بىلىم ۋە پاكى، بىلىم بەخت ياراتقۇچىدۇر دېگەن مەناسىدىن باشقا «قۇۋۋەت ياراتقۇچى بىلىم» ۋە پاكى بىلىم قۇۋۋەت ياراتقۇچى، دېگەن مەناسىمۇ بار. چۈنكى «قۇت» سۆزى ئىچىگە ئە (ە) ھەرپى قوشۇلسىلا قۇت — قۇۋۋەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى سىزالىشى ئۈچۈن بەدەن ۋە ئەقىل قۇۋۋىتى زۆرۈر.

ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەدەننى، ئادەمنى (غايىۋى ئادەمگە خاس بولمىغان نەرسىلەر بىلەن تىزگىنلىنىپ چەكلىنىپ قالغان ئەقىلنى) قانداق تونۇش

تۇغرىسىدىكى بارلىق ئەقلىي تەجرىبىسىنى سىيا، ئۆزىنى قەلەم، جەمئىيەتنى قەغەز قىلىپ يېزىپ چىققان. يەنى «قۇرئان» مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ مۇقەددەس تۈيغۇسىغا ئەگىشىپ ئەتكەن ئىلھامىنىڭ خاتىرىسى بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك» يۈسۈپ خاس ھاجىپ-نىڭ ئىلھامى تۈيغۇنى ۋە ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى مەنبەئىنى، تەسىرلىرىنى نەتىجىسىنى ۋە ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەبىئەت ئىلمى ۋە جەمئىيەت ئىلمى ئارقىلىق ئوبيېكتىۋىزم روھى بىلەن تەكشۈرۈپ نەزەرىيىۋىي يەكۈن چىقارغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ يەكۈنلەرنى كونكرېت ھېسسىي سىزىقلارغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن يەنى ماھىيەتنى ھا-دىسىلەرگە قايتۇرۇش ئۈچۈن پەلسەپىۋى دېلىنى سەنئەت تىلىغا ئايلاندۇرغان ۋە «قۇرئان» دىن كېيىنكى چاردىيالارنىڭ چۈشەنچە رىقابەتلىرىدىن كېلىپ چىققان تا-رىخىي ئەگرى - توقاي يىلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆت قەۋەت مەنتىقە ئارقىلىق خاتا چۈشىنىشتە ۋە چۈشەندۈرۈشكە يول قويمايدىغان دەرىجىدە مۇكەممەل بەدىئىي سىستېما تىكلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇرئان» بارلىق مۇسۇلمان پۇقرانىڭ ئوقۇشلۇق كىتابى بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك» قۇرئاننىڭ ئىچكى مەنالىرىنى ئېچىش سۈپىتى بىلەن يېزىلىپ، مەخسۇس پادىشاھلارنىڭ دەستۇرى بولۇپ قالغان.

ھازىر بولسا، خەلق ئاممىسى دۆلەتنىڭ خوجايىنى. بىزدە خوجايىنلىق روھى بار. شۇڭا، بۇرۇن فېئودال پادىشاھلارنىڭ ئىچكى تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ كىتابنىڭ ئەمدى ئۆز-ئۆزىگە خوجىلىق روھى بار. شۇڭا كىتاب ھەربىر سوتسىيالىزم ئادىمى ئۈچۈن دەۋر پەرقلىرىدىن ھالقىپ تۇرىدىغان ئورتاق بىر مەنتىقىنى ئەڭ بولمىغاندا سەلبىي، تەنقىدىي روھتا قاراپ، تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك.

(داۋامى كەلگۈسى ساندا)

1987 - يىل 4 - سانغا مۇھىم تۈزىتىش

ھۆرمەتلىك ژۇرنالخان! سەۋەنلىكىمىزدىن خاتا بېسىلىپ قالغان 72 - بەت يۇقىرىدىن 3-قۇردىكى «道»نى «理»دەپ؛ 111- بەت تۆۋەندىن 4- قۇردىكى «بىلەن» «  »نى «论» بىلەن «主义» دەپ؛ 112 - بەت تۆۋەندىن 11- قۇردىكى «تۈزۈپ ئېلىنغانۇ» نى «تۈزۈ» دەپ ئېلىنغانۇ، دەپ؛ 115 - بەت يۇقىرىدىن 6 - قۇردىكى «本语质词» نى «本语借词» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇغايسىز.

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەھمەت يەسسەۋىي ۋە يەسسەۋىيچىلىك

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

ئەھمەد يەسسەۋىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ئىدىيە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس. ئەھمەت يەسسەۋىي سۈپىزمنىڭ روھانىيەتچىل تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان يەسسەۋىيە — جەھرىيە — قادىرىيە ئېقىمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئىران ۋە ئىسلام شەرقىدىكى تەسەۋۋۇپ پىكىر ئېقىمى تارىخىدىن كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان.

ئەھمەت يەسسەۋىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق شەكلى بىلەن يەسسەۋىزملىق سوپىزم ئىدىيىلىرىنى تۇنجى بولۇپ بايان قىلىپ، دىنىي روھانىيەتچىل ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ساپ ئۇيغۇر جانلىق خەلق تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۇغدار «خاقانىيە تىلى» بىلەن «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇئەييەن تارىخىي قىممەت ياراتتى.

## 1. ئەھمەت يەسسەۋىينىڭ ھايات- پائالىيىتى

ئەھمەت يەسسەۋىي تەخمىنەن XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىغا قاراشلىق يەتتىسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرى بولغان تۈركىستان— يەسسى دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى مەھمۇت بولۇپ، دادىسى سايرام شەھىرىنىڭ شەيخلىرىدىن ئىبراھىم يەسسى دېگەن كىشى، ئانىسى قاراچاچ ئانا دېگەن ئايال ئىدى.

ئەھمەت يەسسەۋىينىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتكەن، ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم شەيخ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئارسلان بابا ئىسىملىك ئىشاننىڭ

قولىدا داۋاملىق تەربىيىلەندى. ئۇ كىشى قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇ، سايرام شەھىرىدىن بۇخارا شەھىرىگە كېلىپ، مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شەيخ يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. يۇسۇپ ھەمەدانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ مەشھۇر ئىشانىنىڭ ئورنىدا ئەھمەد يەسەۋىي خەلىپىلىك قىلىپ، داڭ چىقاردى. بۇ جەرياندا، ئەھمەد يەسەۋىي تولىمۇ تەركىدۇنيالىق بىلەن تولغان ئۆز قاراشلىرىنى — يەسەۋىيچىلىك ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەھمەد يەسەۋىي مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئىشان سۈپىتىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، شەيخلىق پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، شۇنچىلىك زور شۆھرەت قازاندىكى، ھەتتا مەدىنىدە مۇھەممەد، تۈركىستاندا خوجا ئەھمەد دېگەن سۆزلەر تارالغان.

ئەھمەد يەسەۋىي ئۆز يۇرتىدا — يەسسىدە (تۈركىستاندا) 1166 — يىلى ۋاپات قىلغان. ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سىرلىق رىۋايەتلەر بىلەن يۇشۇرۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ گەرچە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشاشلىقنى ئارزۇلاپ، 63 يېشىدا چىللىخانىغا كىرىپ، روزا تۇتۇپ، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى پەيغەمبەر يېشى — 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

تۈركىستان شەھىرى ئەتراپىدا، ئەھمەد يەسەۋىينىڭ قېرىنداشلىرى لاتىپ ئاتا، مۇستاپاقىزىل ئاتاۋە دادىسى ئىبراھىم شەيخ، ئانىسى قاراچاچ ئانىنىڭ، قىزلىرى جامال خانىم، گۆھەر خۇشتار خانىمنىڭ قەبرىلىرى جايلاشقان. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس»، «نەسائىمۇل مۇھەببەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇچۇر قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات كىلاسسىكلىرىدىن شەيخزادە ئاتايى ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىسمايىل ئاتىنىڭ ئوغلى ھېسابلانغان.

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ قەبرىسى ۋە يەسەۋىيلەرگە ئائىت دۆل مال-مۈلۈكلەر ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ (جوجىخان ئۇلۇسىنىڭ) خانلىرىدىن توختامىشخان تەرىپىدىن بۇلاپ — تالانغان ئىدى. تۆمۈرلەڭ توختامىشخان ئۈستىدىن جەڭدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، 1395 — 1397 — يىللىرى بۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، يەسەۋىيلەر قەبرىلىرىنى كېڭەيتىپ، نەقىشلەپ ياساتقۇزدى. ئەھمەد يەسەۋىي قەبرىستانلىقى 80 — يىللاردا يەنە قايتا رېمونت قىلىنىپ، خەلقئارا سەيلى — ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى.

## 2. ئەھمەد يەسەۋىي ئىدىيىسىنىڭ مەنبەلىرى

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ سوپىزملىق قاراشلىرى مەنبەسىز ھالدا ئاساسىي شەكىللەنگەن ئەمەس.

AltunOq

ئەھمەد يەسەۋىي ئىدىيىلىرىدىكە خاراكتېرلىق مەنبە بولغان نەرسە ئىسلام شەرقىدىكى روھانىيەتچىل سوپىزم ۋە بۇددىزملىق (سونياتاچىلىق — تەركىدۇنياچىلىق) پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، سوپىزملىق قاراشنىڭ رەسمىي مەنبەلەردىكى ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى ئايال روپاش لەببەر ئەددۇبىيە (717—801) دېيىلمەكتە. ئۇ چۈشىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنى كۆرگەنلىكى ۋە تەڭرى بىلەن قوشۇلغانلىقىنى ئېيتقان.

سوپىزم تارىخىدا، ئەبۇل مۇغىس ئەل ھۈسەيىن ئىبنى مەنسۇر ئىبنى مۇھەممەد ئەل بەيداۋى ئەل ھەللاجى (858—922) ئالاھىدە تەسىرلىك ئورۇن تۇتقان. لەببەر ئەددۇبىيەدىن مەنسۇر ھەللاجغىچە ئىبنى ئەل ئەرەبى، ئىبراھىم ئەدھەم، جۇنەيدىل باغدادى قاتارلىق مەشھۇر سوپىزم ۋەكىللىرى ئۆتكەن. مەنسۇر ھەللاجى ئاتەشپەرەستلەرنىڭ دىنىدىكى كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 873—897-يىللىرى جۇنەيدىل باغدادىدىن سوپىزملىق تەلىم ئالغان. ئۇ ئىران، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايلىنىپ، 908-يىلى باغدادقا كەلگەن ۋە 922-يىلى 26-مارتتا خەلىپە مۇقتەدىر تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، باباكوھى (1050—؟)، ئابدۇللا ئەنسارى (1002—1088)، ئابدۇلمەجىد سەنائى (1150—؟)، مۇھەممەد غەززالى (1058—1111) قاتارلىق مەشھۇر روھانىيەتچىل سوپىلار مەيدانغا كەلدى.

يۇسۇپ ھەمەدانى موزدۇز ئىدى. ئۇ بۇخارا — سەمەرقەنت مۇداپىئە جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئۇ، خەلققە ۋە ئۆز يۇرتىغا يېقىن ھېسسىياتتا ئىدى. ئۇ، ھۆنەر — ئەمگەكنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئابدۇلخالىق غىژدىۋانى (بۇخارا يېنىدىكى ھازىرقى غىژدىۋانى) يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ بۇ خىل رېئاللىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمىغان قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئەھمەد يەسەۋىي بولسا ئۇچىغا چىققان تەركىدۇنياچىلىق يولىنى بويلاپ ماڭدى.

بۇددىزم تەركىدۇنياچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ رېئال دۇنيا ھېچكىمگە ئازاب، دېگەن قاراشنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش نىجادىيىتىنى ئىزدەش ئاساسىدا ئۆز تەلىماتىنى ئويۇشتۇرغان. ئۇ پەقەت نىرۋانا دۇنياسىدىلا ئازابتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن، دەپ قارىغان. بۇ دۇنيانى «قۇرۇق»، ئەرزىمەس، ھەقىقىي دۇنيا پەقەت نىرۋانا دېگەن قاراش بۇددىزم پەلسەپىسىنىڭ نېگىزلىرىدىن ھېسابلىناتتى.

بۇددىزمنىڭ تەركىدۇنياچىلىق ئەنئەنىسى ئوتتۇرا ئاسىيا — شىنجاڭ رايونىدا كەڭ تارقالغان، ھەتتا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى زاھىد ئودغۇرمىش ئوبرازىدا مۇنداق بۇددىزمچە تەركىدۇنياچىلىق ئىسلام سوپىزمى شەكلىنى ئالغان ئىدى.

ئەھمەد يەسەۋىي ۋە ئۇنىڭ سۇلايمان باقىرغانى، سەئىد ئاتا، ھاباماچىن

قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ روھانىيەتچىل سوپىستىك قاراشلىرىنى چىڭگىزخان ئىستىلاچى-
لىقى كۈچايغان ۋە ئىقتىسادىي خانىۋەيرانلىق ئېغىرلاشقان، فېئوداللىزمنىڭ ئوتتۇرا
باسقۇچى ئېغىر بۆھرانغا تولغان زاماندا تېخىمۇ ئۇمىدسىزلىك تۈرتكىلىرى بىلەن
تولۇقلاپ، رەسمىي يەسەۋىيچىلىك ئېقىمى ئىزىغا سالدى؛ يەسەۋىيچىلىك بىرمەزگىل
رەسمىي ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن بىللە ھۆكۈمران دىنىي ئىدىيە دەرىجىسىگە كۆ-
تۈرۈلدى.

## 3. يەسەۋىيچىلىك دەستۇرى — «دىۋان ھېكمەت»

ئەھمەت يەسەۋىينىڭ سوپىزملىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ «دىۋان ھېكمەت» (پەلسە-
پىلىك ھېكمەتلەر) ناملىق ئەسىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

«دىۋان ھېكمەت» جانلىق، ئاھاڭدار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بويىچە يېزىلغان تە-
سەۋۋۇپ دەستۇرى بولۇپ، ئۇنىڭدا سوپىزملىق ئىدىيە ۋە ئۇيغۇر شېئىرى شەكلى ئىككى
گەۋدىلىك قىممەت ياراتقان. ئۇنى ھەم ئەدەبىيات ھەم پەلسەپە-ئىدىيە نۇقتىسى-
دىن تەتقىق قىلىش مۇمكىن.

ئەھمەت يەسەۋىي دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدۇر، ئىنساننىڭ
ماھىيىتى دۇنيانىڭ ماھىيىتىدۇر، ئىنساننىڭ ياشاشتىن مەقسىتى، مۇشۇ ماھىيەتنى
بىلىش — ھەقىقەتكە ئېرىشمەك، دەيدۇ.

ئەھمەت يەسەۋىي ھەقىقەت يولى — سوپىلىق يولىدۇر، ھەقىقى سوپى — ھانا
بولۇش ئۈچۈن، تۆت باسقۇچلۇق ھېكمەت (پەلسەپە) دىن خەۋەردار بولۇشى لازىم،
دەپ قارىغان. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئىسلام قائىدە — نىزامى بولغان شەرىئەتنى بىلمەكلىك؛

(2) سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) پىكىرىنىڭ ئاساسىي بولغان تەرىقەتنى بىلمەكلىك؛

(3) ئىشقى ئىلاھىيە (تەڭرىگە مۇھەببەت) بولغان مەرىپەتنى بىلمەكلىك؛

(4) تەڭرى بىلەن قوشۇلۇش كۈرسى (دەرىجىسى) بولغان ھەقىقەتنى بىلمەكلىك.

ئەھمەت يەسەۋىيچە بۇ تۆت باسقۇچ سوپىلىقتا كۆتۈرۈلۈشنىڭ تۆت دەرىجىسى
بولۇپ، بىرىنچىسى بولمىسا ئىككىنچىسى بولمايدۇ.

روشەنكى، بۇ نۇقتىدا ئەھمەت يەسەۋىي ئىسلام سوپىزمىنى ئىدېئالىستىك
جەھەتتە كامالەتكە يەتكۈزدى.

ئەھمەت يەسەۋىي خۇددى بۇددىزم ئەقىدىلىرىدىكىدەك، رېئال دۇنيانى «ئازاب
دېڭىزى» دەپ قارايدۇ. ئۇ، بۇ دۇنيانى خۇنۇك، زۇلمەتلىك، ۋاپاسىز، ئۆتكۈنچى،

جىنايى دۇنيا، دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز غەزەللىرىدە، ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقەت يولى پەقەت سوپىلىق شەرتلىرىنى ئادا قىلىپ، ياللۇغلۇق ئىشقى ئىلاھىيە ئىچىدە قەلەندەرى بىلەن بىرلەشمەكتىن ئىبارەت. ئىلاھى روھ ۋە ئىنسان روھى ھەر ئىككىلىسى ئېپسىل روھلار، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ئەڭ ئالىي بەخت، قالغان ھەممە نەرسە — مەۋجۇت نەرسىلەر، مال — مۈلۈكلەر ... ھەۋەس قىلارلىق ئەمەس، بەلكى «قاباھەتلىك». ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قاباھەتلىكنى، ئۇ كىشىنى ئىشقى ئىلاھىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ھېرىس قىلىدۇ، دەپ تەرغىپ قىلىدۇ.

ئەھمەت يەسەۋىيچە، مۇنداق سوپىزملىق ئىستىقامەت يولى تەركىدۇنياچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، «قاباھەتلىك» بۇ رېئال دۇنيادا «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلگەن (مۇقۇ قەبلە ئەنتە مۇتۇ) دەك ئۆتۈش» نى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەھمەت يەسەۋىينىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق شېئىرى ئەسەرى ۋە ھەر قايسى «باياز» توپلاملىرىغا كىرگەن شېئىرلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ رېئال دۇنيانى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئەرزىمەس دەپ كەمسىتكەنلىكىدىن باشقا، ئەينى زامان مۇھىتىنى ئىجتىمائىي نۇقتىدىن تەنقىتلەيدىغان؛ زالىملار، زوراۋانلىق قىلغۇچىلار، پارىخور ئەمەلدارلار، مال—دۇنيا غېمىدە قالغان، ئاقنى قارىغا ئايلاندۇرىدىغان قارا كۆڭۈل دىنىي كەسىپ ئەھلىلىرىنى سۆكىدىغان پاش قىلغۇچى، رەت قىلغۇچى ئامىللار يېتەرلىك ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، خورلانغان ئەمگەكچى خەلق ھەققىدە قىزغىن ھېسداشلىق بىلدۈرىدىغان نۇرغۇن مىسرالار تۈزگەن. بۇنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## 4. «دىۋان ھېكمەت» نىڭ بەدىئىي قىممىتى

«دىۋان ھېكمەت» شەكلەن شېئىر ژانىرىدىكى بەدىئىي ئەسەردۇر؛ ئۇنىڭ مۇئەييەن شېئىرى قىممىتى، شېئىرى تارىخ قىممىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەھمەت يەسەۋىينىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق ئەسەرى ياللۇز ئازاب ئىچىدە ئىجادىيەتكە تەلپۈنگەن تۆۋەن قاتلام جامائەتچىلىكنى ئۆزىنىڭ شېرىن كەيپ قىلغۇچى دىنىي—سوپىستىك مەزمۇنى بىلەن ئارقىسىغا ئەگەشتۈرگەنلىكى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ رېئال جەمئىيەتتىكى يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمران تەبىقىلەرنى مەلۇم جەھەتتە ئوچۇق—ئاشكارا پاش قىلىپ تەنقىتلىگەنلىكى تۈپەيلى تېز تارقىلىپ، قاتتىق تەسىر پەيدا قىلىپ قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ شېئىرىي رىتىمى، شەكلى ۋە تىلى تۈپەيلىدىنمۇ ئەنە شۇنداق زىلزىلە پەيدا قىلدى.

ئەھمەت يەسەۋىي سوپىستىك پىكىرنى پەرىدىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمى،

شەيخ سەئىدىدىن ئىلگىرى شېئىرى شەكىلگە سالدى. ئۇ پەرىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقە-قۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى)، جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋىي رۇمى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن كۆرۈنەرلىك، پەرقلىق ھالدا ئۆز ھېكمەتلىرىنى ئاھاڭدار خەلق شېئىرىيىتى ئاساسىدا، دەرۋىشلىك، قەلەندەرلىك، خانىقا مۇقاملىرى رىتمىدا ئىشلىدى. ئۇنى ئوقۇش ساماغا ئېلىش، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىش ناھايىتى ئاسان بولۇپ، مېلودىيىلىكى كۈچلۈك ئىدى.

شۇنىسى روشەنكى، ئەھمەد يەسەۋىينىڭ شېئىرلىرى سوپىزملىق ھېكمەت بىلەن تولغان، تولىمۇ خىتابەتلىك (رىتورىك)، ۋەزىنلىك ۋە رىتىملىك بولغان؛ ھەتتا سوپىزم ئىدىيىسىگە قارشى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ شېئىرى ئاھاڭدارلىقىدىن تەسىرلەنمەي قالمايتتى. بۇ ھال ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى مۇمكىنچىلىكلىرىدىكى بۇ بىر خەزىنىنى ئۈستىلىق بىلەن ئاچقانلىقى ئاساسىدا يۈز بەردى، بۇ يەنىلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپتىخارى ھېسابلىنىشى كېرەك.

ئەھمەد يەسەۋىينىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىدە تىسەك گۈزەل ۋە بىر قەدەر ئىلغار تېماتىك شېئىرىي مىسرالار ئۇنىڭ ئەينى زامان ھۆكۈمران تەبىقىسىنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن پاش قىلىپ، دىنىي جەھەتتىن مەجازلىغان. تۆۋەندىكى ھېكمەتلىرىدا روشەن گەۋدىلەنگەن:

«دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر،
جاھان مېلىن ئالغانلار.
كەركەس① قۇشتەك بولۇبان،
ئۆل ھارامغا باتمىشلار.
مولا، مۇپتى بولغانلار،
يالغان داۋا سورىغانلار،
ئاقنى—قارا قىلغانلار،
ئول تامۇغقا② كىرمىشلەر.

قازى—ئىمام بولغانلار،
ناھەق داۋا سورىغانلار،
ھىممار③ يەگلىغ بولۇبان،
يوك ئاستىدا قالمىشلار.
ھارام يېگەن ھاكىملەر،
رىشۋە④ ئېلىپ يېگەنلەر،
ئۆز بارمىقىن تىشلەبان،
قۇرقۇپ تۇرۇپ قالمىشلەر.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ جۈملىلەر ئۇلۇغ ئىتالىيان شائىرى دانتې ئالىگېرى يازغان «تەڭرى كومېدىيىسى» نىڭ «جەھەننەمنامە» داستانىدىكى بۇ دۇنيادا يامانلىق بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ دوزاقتىكى مەجازلىنىشى، كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. مەلۇم مەنىدە، بۇ، «دۇم كرە تۇرۇلگەن»، رېئالىزملىق تەنقىدىي قىممىتىگە ئىگە ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» زامانىسىدىن «چاغاتاي» ئەدەبىياتى باشلانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، جۈملىدىن يەتتىسۇ ۋە كەڭ قىپچاق دالاسىدىكى «ئۇيغۇرىزم» ھادىسىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە «دىۋان ھېكمەت» نۇپۇزلۇق كونا ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغانلىقى تۈپەيلىدىن ئايرىمچە ئەدەبىيات تارىخى قىممىتىگە ئىگە.

①كەركەس-ئۆلۈمتۈك (تاپ) يەيدىغان قۇش؛ ②تامۇغ-دوزاخ؛ ③ھىممار- ئېشەك؛ ④رىشۋە-پارا

## 5. يەسەۋىيچىلىكنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەقدىرى

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دىنىي-مىستىك ئىدىيە سۈپىتىدە يەسەۋىيچىلىك XIV ئەسىرگىچە داۋام قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ سوپى-ئىشانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆز تەسىرىنى تەدرىجىي يوقاتتى.

XIV ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەسىرلىك سوپىستىك يېڭى ئېقىمى سۈپىتىدە نەقشىبەندىيچىلىك مەيدانغا كەلدى. مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد فەزل بۇخارى-باھاۋۇددىن نەقشىبەندى (1314-يىلى بۇخارادا تۇغۇلغان) تەركىدۇنياچىلىق، تەڭرى بىلەن قوشۇلۇش قاتارلىق قاراشلارنى ياقلاپ چىقماستىن، ئىچكى دۇنياغا تەڭرى بىلەن، تاشقى دۇنيادا خەلق بىلەن بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدىسى «خىلۋەت دەر ئەنجۇمەن» (ئىنسانلار ئارىسىدا ياشاش كېرەك)، «سەفەر دەر ۋەتەن» (بىر جايدا تۇرۇۋالماي، ئالەمدىن خەۋەردار بولماق كېرەك)، «نەزەر دەر قەدەم» (ھەر بىر قەدەمنى قەدىرسىز، ئېھتىياتسىز، نەزەرسىز باسماسلىق كېرەك) «خۇش دەر دەم» (ھاياتنى لەززەتلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش كېرەك)، دېگەنلەردىن ئىبارەت. باھاۋۇددىن نەقشىبەندى ئىنسان ئۈچۈن جەمئىيەت خەيرىيەتلىك. جاھان ساياھەتكە لايىق، ھايات خۇشۋاق ئۆتمەكى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئۈممىدۋار، رېئاللىستىك سەنئەتكە ئىلھام بېغىشلىدى.

نەقشىبەندىينىڭ بۇ قاراشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا، شىنجاڭدا، ئوتتۇرا شەرقتە كەڭ تارقالدى ۋە ئىسلام شەرقىدىكى «كەنجى» (ئاخىرقى) مەدەنىيەت ئۆركىشى دەپ ئاتالغان، XIV XV ئەسىر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئۈچۈن ئىدىيىۋى مەنبەلەرنىڭ بىرى بولدى. ھاپىز شىرازى («دىۋان ھاپىز تۈركى» ناملىق ئەسەرنىڭ نامەلۇم ئاپتورى)، ئابدۇراخمان جامى ۋە ئەلىشىر ناۋائىي بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

سەددىدىن قەشقەرى باھاۋۇددىن نەقشىبەندىدىن كېيىنكى مۇشۇ خىل يېڭى ئېقىمنىڭ خۇراساندىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئىدى. ئۇنىڭ كۆيئوغلى ۋە شاگىرت-مۇرىدى ئابدۇراخمان جامى بۇ تەسىرنى سەددىدىن قەشقەرىدىن ناۋائىيغا يەتكۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ناۋائىي مۇشۇ تەسىر ئاساسىدا پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق سوپىزملىق داستانىنى ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگەرتكەن ھالدا ئۆز خەلقىنىڭ «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

باھاۋۇددىن نەقشىبەندى ئىدىيىلىرى بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى شېئىرىيىتىدىكى مەجازىي مەزمۇنلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن.

قىسقىسى، ئەھمەد يەسەۋىينىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىدە ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، شېئىرىي ۋەزنى، بېيىت شەكلى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق بايلىقى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

1987-يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى


AltunOq

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تاۋۇش- لارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى

ئابدۇكېرىم باقى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە — قانۇنىيەتلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر قانۇنىيەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان تاۋۇشلار ئېيتىلىشىغا ۋە تىلدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ، سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلار بولسا، تىل ئورنى ۋە ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار (ئە، ئۆ، ئۈ)، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار (ئا، ئو، ئۇ)، ئارا سوزۇق تاۋۇشلار (ئې ئى،) دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلار يەنە لەۋ ھالىتىگە قاراپ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ تەلەپپۇز قىلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ بۆلۈنىدۇ.

تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىشىنىڭ شۇ تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. چۈنكى تىلىمىزدىكى تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن، شۇنىڭدەك جاراڭلىق ۋە جاراڭسىزلىق جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ ۋە بىر-بىرىگە تەسىر قىلىپ ئۆز ئارا بىر-بىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ كېلىدۇ.

بۇ خىل فونېتىكىلىق مۇناسىۋەت تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى (سىنگارمونىزم) دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە: ① تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش «ئا، ئو، ئۇ» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە تىل ئارقا سوزۇق

تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: باش+لار=باشلار، ئوت+قا=ئوتقا، باش+لا=باشلا، تۇت+قان=تۇتقان، باش+تا=باشتا ۋە باشقىلار.

بۇ مىساللىرىمىزدىكى «باش، ئوت، تۇت» دېگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش «ئا، ئو، ئۇ» بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلانغان، يەنى سۆز تومۇرىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇش ماسلىشىپ كەلگەن.

② تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە، ئۆ، ئۈ» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كەل+گەن=كەلگەن؛ كەل+سە=كەلسە؛ كۆز+لەر=كۆزلەر؛ ئۈزۈم+گە=ئۈزۈمگە.

بۇ مىساللاردىكى «كەل، كۆز، ئۈزۈم» دېگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولغاچقا، بۇ سۆزلەرگە يەنە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن، يەنى سۆز تومۇرىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇش ماسلىشىپ كەلگەن.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە: ① لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە، شۇنىڭدەك ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

قول+ۇم=قولۇم، قول+ۇڭ=قولۇڭ، تۈز+ۈم=تۈزۈم، تۆز+ۈڭ=تۆزۈڭ، كۆز+ۈم=كۆزۈم، كۆز+ۈڭ=كۆزۈڭ، ئۈزۈم+لۈك=ئۈزۈملۈك .

بۇ مىساللىرىمىزدىكى «قول، تۆز، كۆز، ئۈزۈم» دېگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بولغاچقا، قوشۇمچىلارنىڭمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلۇپ كەلگەن، يەنى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇش ماسلىشىپ كەلگەن.

② لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش «ئا، ئە، ئې، ئى» بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە شۇنىڭدەك ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشقاندا، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەل+ىم=ئېلىم، ئەل+ىڭ=ئېلىڭ؛ ئات+ىم=ئېتىم؛ ئات+ىڭ=ئېتىڭ؛ قىز+ىم=قىزىم؛ قىز+ىڭ=قىزىڭ؛ ئۆگەن+ىش=ئۆگىنىش، ئۆگەن+ىپ=ئۆگىنىپ.

مىسال كەلتۈرگەن «ئەل، ئات، قىز ئۆگەن» قاتارلىق سۆزلەر لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن ياكى ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇلارغا قوشۇمچە قوشقاندا، قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق

تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلۇپ كەلگەن، يەنى سۆز تەركىبىدىكى، ياكى ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشقا قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇش قانۇنىيەت بويىچە ماسلىشىپ كەلگەن.

مانا بۇ يۇقىرىدىكىلەر سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ياتىدىغان مەسىلىلەردۇر.

ئەمدى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا كەلسەك: ① بۇنىڭدا جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ، يەنى سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى جاراڭلىق تاۋۇش بولسا، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى تاۋۇش جاراڭلىق بولۇپ ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: شەھەر — شەھەرگە، شەھەردە، شەھەردىن؛
يول — يولغا، يولدا، يولدىن؛ نىياز — نىيازغا، نىيازدا، نىيازدىن.

بۇ مىساللاردىكى «شەھەر، يول، نىياز» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى (ر، ل، ز) جاراڭلىق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ سۆزلەرگە قوشۇلغان قوشۇمچىلارنىڭ بېشىدىكى (گ، غ، د) تاۋۇشلىرى جاراڭلىق تاۋۇشلاردىن بولغان.

② جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ، يەنى سۆزنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولسا، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچىنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: ئەھمەت — ئەھمەتكە، ئەھمەتتە، ئەھمەتتىن؛ ئاتۇش — ئاتۇشقا، ئاتۇشتا، ئاتۇشتىن؛ ئالماس — ئالماسقا، ئالماستا، ئالماستىن؛ مەكتەپ — مەكتەپكە، مەكتەپتە مەكتەپتىن.

كەلتۈرگەن مىساللىرىمىزدىكى «ئەھمەت، ئاتۇش، ئالماس، مەكتەپ» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى تاۋۇش (ت، ش، س، پ)لار جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولغىنى ئۈچۈن، بۇ سۆزلەرگە قوشۇلغان قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى (ك. ق، ت) تاۋۇشلىرى جاراڭسىز بولۇپ ماسلىشىپ كەلگەن.

مانا بۇنىڭدىن بىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىنىڭمۇ تىلىمىزدىكى مۇھىم قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ (سوزۇق ھەم ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ) ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر.

تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدە — قانۇنىيەتلىرى ئىچىدىكى خېلى مۇھىم بىر قانۇنىيەت بولسىمۇ، بۇ قانۇنىيەتلەر مۇتلەق ئەمەس، نىسپىيدۇر. چۈنكى تىلىمىزدىكى ھەممە سۆزلەرلا بۇ قانۇنىيەتكە چۈشۈۋەرمەيدۇ. تىلىمىزدىكى تۈرلۈك — تۈمەن سۆزلەرنىڭ ئىچىدە بۇ قانۇنىيەتكە چۈشىدىغانلىرىمۇ بار، چۈشمەيدىغانلىرىمۇ بار.

بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ بەزىلىرى كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ماس كېلىدىغان تۈرلىرى بولىدۇ. بەزى قوشۇمچىلار يەككە (بىرتال) بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدىكىدەك قانۇنىيەتلەرگە چۈشمەيدۇ. مەسىلەن، ئىسىملاردىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ»، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» يەككە قوشۇمچىلار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇلار تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا چۈشمەيدۇ. مەسىلەن: قوغۇن — قوغۇننىڭ، قوغۇننى قەلەم — قەلەمنىڭ، قەلەمنى؛ مەكتەپ — مەكتەپنىڭ، مەكتەپنى، تاش — تاشنىڭ، تاشنى.

بۇ مىساللىرىمىزدىكى «قوغۇن» دېگەن سۆز لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆز بولسىمۇ، ئۇنىڭغا «نىڭ، نى» قوشۇمچىسى (لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە) ئۇلانغان، چۈنكى بۇ قوشۇمچىنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى يوق. شۇڭا بۇ قوشۇمچە ھەر قانداق ئىسىمغا شۇ پېتى ئۇلىنىۋېرىدۇ. شۇنىڭدەك «قوغۇن» سۆزى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆز بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ يەنە شۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان، سەۋەبى، بۇ قوشۇمچىنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى (تۈرى) يوق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

كەلتۈرگەن مىساللىرىمىزدىكى «قەلەم» دېگەن سۆز بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭغا يەنە «نىڭ، نى» قوشۇمچىسى ئۇلانغان. چۈنكى بۇنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋارىيانتى يوق.

بۇ مىساللارنى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا سالىدىغان بولساق، «قوغۇن، قەلەم» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان. «مەكتەپ، تاش» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان، لېكىن «نىڭ، نى» قوشۇمچىلىرى يەككە قوشۇمچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ كېلىدۇ. يەنى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىمۇ بۇ قوشۇمچىلار چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى مۇتلەق ئەمەس، نىسپىيدۇر. دەيمىز.

تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىنى نىسپىي دېيىشىمىزدىكى 2- سەۋەب مۇنداق: تىلىمىزغا چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆزگەرتىلمەيدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن؛

كىتاب — كىتابتىن، كىتابتا، ئىقتىساد — ئىقتىسادقا، ئىقتىسادتا، ھېساب — ھېسابقا، ھېسابتىن، ھېسابتا، جەنۇب — جەنۇبقا، جەنۇبتىن، جەنۇبتا.

بۇ مىساللىرىمىزدىكى «كىتاب، ئىقتىساد، ھېساب، جەنۇب» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئا-

خەرى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، بۇلارغا يەنە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. چۈنكى بۇلار چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ب، د» تاۋۇشلىرى «پ، ت» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئەمما يېزىقتا «ب، د» يېزىلىدۇ.

چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا بويسۇنماسلىقى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىنىڭ نىسپىي ئىكەنلىكىدىكى ئىككىنچى سەۋەبتۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى (گەرچە نىسپىي بولسىمۇ) ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تىللاردىن پەرقلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايلا قالماستىن، ھەتتا تۈركىي تىللاردىن پەرقلەندۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى يېقىن تۇرغان تىل ھېسابلىنىدىغان ئۆزبېك تىلى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدىمۇ ئۇيغۇر تىلى ئۆزبېك تىلىدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۆزبېك تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنى كۆرۈپ چىقىدىغان بولساق، ئۆزبېك تىلىدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ»، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى»، بۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دان»؛ بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى «گا، كا»؛ ئورۇن — پەيت كېلىش قوشۇمچىسى «دا».

بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىدەك كۈچلۈك ئەمەس. ئۆزبېك تىلىدىكى بۇ قوشۇمچىلار سۆزلەرنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەنلىرى بولسۇن ۋە ياكى ئاخىرى جاراڭلىق، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسۇن ھەممە سۆزگە بىردەك قوشۇلۇۋېرىدۇ، چۈنكى ئۆزبېك تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ خىلى بىر قىسمى كۆپ ۋارىيانتلىق ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلى بولسا، ئۆزىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ماس ھالدا كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارغا ئىگە.

بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشمەيدىغانلىقىنى، بىر قىسىم قوشۇمچىلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. تۆۋەندە قايسى خىلدىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشمەيدىغانلىقى، قايسىسىنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا سۆز ياسىغۇچ قوشۇمچىلاردىن «چى، ۋەن،

AltunOq

بەز، دان، پەرۋەر، كەش، داش...» قاتارلىق قوشۇمچىلار چۈشمەيدۇ. چۈنكى بۇ قوشۇمچىلار كۆپ ۋارىيانتلىق بولماستىن، يەككە قوشۇمچىلاردۇر. شۇڭا بۇلار ئۆزى قوشۇلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەرقانداقتىمۇ شۇ بىرخىل شەكىلدە قوشۇلۇپ كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ئىش — ئىشچى، تۆمۈر — تۆمۈرچى؛ باغ — باغۋەن، ھۈنەر — ھۈنەرۋەن؛ ئاش — ئاشپەز، ساختا — ساختىپەز؛ چاي — چايدان، كۈل — كۈلدان؛ ۋەتەن — ۋەتەنپەرۋەر، ئىنسان — ئىنسانپەرۋەر؛ جاپا — جاپاكەش، مېھنەت — مېھنەتكەش؛ يول — يولداش؛ ساۋاق — ساۋاقداش.

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىچىدىن تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشىدىغانلىرى «لىق، لىك، لۇق، لۈك» قوشۇمچىسىدۇر. بۇ قوشۇمچە كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىملاردىن سۈپەت، سۈپەتلەردىن ئىسىم ياسايدۇ. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى بويىچە بۇنىڭ «لىق» ۋارىيانتى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋە لەۋلەشمىگەن بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. (چىراي + لىق = چىرايلىق)، «لىك» ۋارىيانتى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋە لەۋلەشمىگەن بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. (كەمتەر + لىك = كەمتەرلىك). «لۇق» ۋارىيانتى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋە لەۋلەشكەن بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. (قومۇل + لۇق = قومۇللۇق). «لۈك» ۋارىيانتى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋە لەۋلەشكەن بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. (كۆڭۈل + لۈك = كۆڭۈللۈك).

بۇنىڭدىن باشقا پېئىللارنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پېئىل ياسايدىغان، پېئىللاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلىرىمۇ كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇپ، تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا بويسۇنىدۇ. مەسىلەن:

ئويۇش + ما = ئويۇشما؛ بىرلەش + مە = بىرلەشمە؛ ۋىژىلدا، لەپىلدە، سىزغۇچ، سۈزگۈچ دېگەنلەردەك.

سۆز تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ خېلى بىر قىسمى كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇپ، تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشىدۇ، بىر قىسمى يەككە بولغانلىقى ئۈچۈن تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشمەيدۇ. مەسىلەن، ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى (نىڭ)، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى (نى) قاتارلىقلار تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشمەيدۇ.

بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى «غا، قا، گە، كە»، ئورۇن — پەيت كېلىش قوشۇمچىسى «دا، دە، تا، تە»، چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن، تىن» قاتارلىق قوشۇمچىلار تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشىدۇ. مەسىلەن:

بازارغا، ئاتۇشقا، شەھەرگە، مەكتەپكە، خەلققە؛ بازاردا، ئاتۇشتا، شەھەردە، مەكتەپتە؛ بازاردىن، ئاتۇشتىن دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىسىملارنىڭ سان قوشۇمچىسى «لار، لەر» مۇ تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشىدۇ. مەسىلەن: بالىلار، شەھەرلەر، مەكتەپلەر دېگەندەك.

ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىمۇ تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشىدۇ.

مەسىلەن: دەپتەر — دەپتىرىم، قول — قولۇم، كۆز — كۆزۈم؛ دەپتەر — دەپتىرىڭ، قول — قولۇڭ، كۆز — كۆزۈڭ.

[ئەسكەرتىش: III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ى، سى» يەككە ۋارىيانتلىق بولغاچقا تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا چۈشمەيدۇ. مەسىلەن:

دەپتەر — دەپتىرى، قول — قولى، كۆز — كۆزى، دادا — دادىسى، ھەدە — ھەدىسى دېگەندەك.]

پېئىللارنىڭ شەخس ھەم سان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلاردىن «دىم، تىم، دۇم، تۇم، دۈم، تۈم، دۇق، تۇق، دۇڭ، تۇڭ، دۈڭ، تۈڭ» قاتارلىق قوشۇمچىلارمۇ تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىغا ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ياز — يازدىم، كەت — كەتتىم، ئوقۇ — ئوقۇدۇم؛ تۇت — تۇتتۇم، كۆر — كۆردۈم، كۈت — كۈتتۈم، ياز — يازدۇق، كەت — كەتتۇق، ئوقۇ — ئوقۇدۇق، تۇت— تۇتتۇق، كۆر — كۆردۇق، كۈت — كۈتتۈڭلار دېگەنلەرگە ئوخشاش.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا ھەممە قوشۇمچىلار بويسۇنۇۋەرمەيدۇ. بەزى قوشۇمچىلار مەلۇم بىر خىل قانۇنىيەتكە چۈشسە، يەنە بىر خىل قانۇنىيەتكە چۈشمەيدۇ. مەسىلەن، بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى 4 خىل قانۇنىيەتكە چۈشىدۇ. يەنى تىل ئالدى ۋە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بولۇش، جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز بولۇشتىن ئىبارەت 4 خىل قانۇنىيەتكە چۈشىدۇ. لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق بولۇشتىن ئىبارەت قانۇنىيەتكە چۈشمەيدۇ. چۈنكى بۇ قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى يوق. مەسىلەن:

مەكتەپ — مەكتەپتە، ئۆي — ئۆيدە، كىتابتا دېگەنلەردەك. «لىق، لىك، لۇق، لۈك» قوشۇمچىلىرىنىڭ جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز بولۇپ ماسلىشىدىغان تۈرى يوق، شۇڭلاشقا بىر سۆزلەرگە قوشۇمچىلاردىن قوشقاندا، قوشۇمچىلارنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرىنىڭ بولۇش — بولماسلىقىغا قاراپ قوشىمىز، مەلۇم بىر قانۇنىيەتكە چۈشۈپ، يەنە بىر خىل قانۇنىيەتكە چۈشمىسە، ئۇنىمۇ شۇ قانۇنىيەتكە بويسۇندۇرىمىز، دېسەك، تىل ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ\قېلىپ، تۈزۈك يولغا كىرىپ قالىمىز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى خېلى بىر مۇرەككەپ مەسىلە، بۇ قانۇنىيەتلەرنى پۇختا بىلمىگەندە، يېزىقىمىزدا ئىملا خاتالىقى سادىر بولىدۇ. شۇڭا تىلىمىزنىڭ قائىدە — قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ ئىملاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ.

# لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئورنى

ئابدۇخېلىل روزى

ئىنسانلار ئومۇمىي پائالىيىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى— ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى سۇبيېكتىپ ئاڭدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىجادىي ئەمگەك پائالىيىتى بولۇپ، بۇ پائالىيەت پەقەت لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىش ۋە ئۇنى سۇبيېكتىپ ئاڭدا ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئاساسىي ۋاستىسى بولغان تەپەككۇرنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلماس ئىككى خىل ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتۇر. يەنى بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۆزئارا قارىمۇ-قارشى بولۇپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. كىشىلەر مەيلى قايسى ماكان، قايسى زامانىدىكى قايسى بىر شەيئى توغرىسىدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئەقلىي بىلىشكە ئىگە بولۇشتا ھامان لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بىر جۈپ تەپەككۇردىن ئايرىلالمايدۇ. مانا بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، كىشىلەر ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىش ۋە ئۇنى سۇبيېكتىپ ئاڭدا ئەكس ئەتتۈرۈشتە، مەيلى قايسى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن پايدىلانمىسۇن، ھامان ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تەپەككۇر شەكىللىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. مانا بۇ، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى.

بىزنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر دېگىنىمىز، شەيئىلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ بىلىش جەريانىغا قارىتىلغان. ئوبرازلىق تەپەككۇر دېگىنىمىز، شەيئىلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە كونكرېتلاشتۇرۇپ بىلىشكە قارىتىلغان. ئەگەر لوگىكىلىق تەپەككۇرلا بولۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر بولمايدىكەن، كىشىلەر شەيئى توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق، كونكرېت بولغان بىلىشكە ئىگە بولالمايدۇ؛ ئەگەر ئوبرازلىق تەپەككۇرلا بولۇپ، لوگىكىلىق تەپەككۇر بولمايدىكەن، كىشىلەر شەيئى توغرىسىدا

بىر قەدەر چوڭقۇر، ئومۇمىي بىلىشكە ئىگە بولالمايدۇ.

پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ كىشىلەرنىڭ بىلىشى ھامان يەككە شەيئىلەرنى بىلىشتىن پايدىلىنىپ، ئومۇمىي شەيئىلەرنى بىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەر يەنە ئومۇمىي شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىشتىن پايدىلىنىپ، يەككە شەيئىلەرنى بىلىدۇ. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدۇر. ئەمەلىيەتتە قانداقتۇ «ئىلىم-پەندە لوگىكىلىق تەپەككۇر ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان» ئىش يوق.

مەسىلىنى مۇنداق ئايرىپ ئوتتۇرىغا قويۇش — بىر پۈتۈن تەپەككۇرنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېپىل سوقۇپ قويغانلىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىش ۋە ئۇنى سۇبيېكتىپ ئاڭدا ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىغا ماس كەلمەيدۇ. جۈملىدىن ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى سۇبيېكتىپ ئاڭدا ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىي ئەمگەك پائالىيىتى جەريانىغىمۇ ماس كەلمەيدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئىسپاتلىشىمىز مۇمكىن.

1. ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىش جەريانىدىن ئالغاندا، يازغۇچى ئىجادىيەتكە كىرىشىشتىن بۇرۇن ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى نۇرغۇن كونكرېت شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىدا ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مەلۇم ساھەسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى بىلىش يەنى ھېسسىي بىلىش شەكىللىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تەكرارلىنىشى يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مەلۇم ساھەسى توغرىسىدىكى بىلىشىدە سۈپەت ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدۇ. يەنى يازغۇچى بىلىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قولغا كەلتۈرگەن ھېسسىي ماتېرىياللارنى ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن قايتا-قايتا ئۇچرىشىش جەريانىدا ئانالىز قىلىش، سىنتېزلاش، سېلىشتۇرۇش، ئابستراكسىيەلەش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق لوگىكىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىدا ئۆزى يازماقچى بولغان ئوبيېكت توغرىسىدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئەقلىي بىلىش شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە يازغۇچىلارنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، يازغۇچى ئۆزى پىششىق بىلگەن، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يازغان ئەسەرلەرنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئەسەر بولالىشىنىڭ سەۋەپلىرىنىڭ بىرسى دەل مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىنكى، ئەگەر يازغۇچى ئەخمەت تۇردى پارتىيىمىزنىڭ 11-قۇرۇلتاي 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى شىنجاڭ يېزىلىرىدا قانات يايغان ئىسلاھات ھەققىدە بىر قەدەر

چوڭقۇر ئەقلىي بىلىشكە ئىگە بولمىغان بولسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىپ، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، ئىنتايىن قىيىن ھالىنى ئۆزگەرتىش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەت ۋە پارتىيىمىزنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى يېڭى سىياسەتلىرىنى تولۇق تونۇپ يېتەلىگەن ئەقىل- پاراسەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان دېھقانلار ھەققىدە بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولمىغان بولسا، «باھاردىكى جۈدۈن» دەك ياخشى ئەسەرنى يېزىپ چىقالمىغان بولاتتى. ياش يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ ماشىنا كېپىنكىسىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى يازغۇچىنىڭ قاتناش سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ئىشچىلار تۇرمۇشىغا قارىتا بىلىشىنىڭ ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەپ بولغان. شۇنىڭ بىلەن يولداش مۇھەممەت باغراش قىشنىڭ زەمىستان سوغىقى بىلەن يازنىڭ پىژ-پىژ ئىسسىقىغا پىسەنت قىلماي كۈرەش قىلىۋاتقان شوپۇرلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «سەپداش» دەك ياخشى ھېكايىلارنى يېزىپ چىقالىدى.

دېمەكچىمەنكى، يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇش جەريانى تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تەپەككۇردىن پايدىلىنىش جەريانىدۇر.

2. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئالغاندا، ئەدەبىي ئەسەر ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان مەھسۇلات، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن ئالغاندا، ئۇ، ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىز ياشاپ تۇرغان ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيادىن كەلگەن. شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ قانۇنىيەتلىرى يەنى ئەسەردە بايان قىلىنغان شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىرى، مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشلىرى، تەرەققىيات ۋە چېكىنىش جەريانلىرى، پېرسوناژلارنىڭ ياشاش تەرتىپلىرى بىز ياشاۋاتقان ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيانىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىگە ماس كەلگەچكە، كىتابخانلاردا ئوبيېكتىپ چىنلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلالايدۇ.

ئەگەر ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىز ياشاپ تۇرغان ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيانىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىدىن چەتنەيدىكەن، ئەدەبىي ئەسەر قانچىلىك يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلمىسۇن، ھامان كىتابخانلاردا ھېچقانداق چىنلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلالمايدۇ. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاچاندۇر بىر چاغدا ئوقۇغان بىر ھېكايىدىكى مۇنداق بىر توقۇلمىنى كىتابخانلارغا سۆزلەپ بەرگىم كېلىپ قالدى. ھېكايىدا: يىگىت ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنى يوقلاپ،


AltunOq

قىزنىڭ ئۆيىگە كەلسە، قىز ئوتياش توغراۋاتقان، قىزنىڭ ئانىسى قازانغا ئاش سېلىۋاتقان بىر كۆرۈنۈش بايان قىلىنىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھېكايىدە بايان قىلىنغان كىچىككىنە بۇ كۆرۈنۈش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاماق پىشۇرۇش تەرتىپىگە قىلچىمۇ ماس كەلمەيدۇ.

دېمەكچىمەنكى، ئەدەبىي ئەسەردە بايان قىلىنغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىز ياشاپ تۇرغان ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيادىن ئىبارەت پۈتۈن ئالەمنىڭ (ھۇل) ئۇلى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

ئەمدى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا كەلسەك. ئوبيېكتىپلىققا ئەگە، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەردە بايان قىلىنغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىز ياشاپ تۇرغان ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيانىڭ ئۆزى ئەمەس. ئوخشىتىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەردە بايان قىلىنغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىز ياشاپ تۇرغان ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيادىن فوتو ئاپپاراتتا رەسىم قەغەزگە چۈشۈرۈۋېلىنغان شەكىل (سۈرەت)نىڭ ئۆزى ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىغان ئۇزۇن ھېسسىي ماتېرىياللارنى قايتا-قايتا تەھلىل قىلىش، قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇش، قايتا-قايتا تاللىشى ئارقىلىق يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇشىدىن ئۆتكەن «تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى» بولغان رېئاللىقتىن ئىبارەت. يازغۇچىنىڭ مانا مۇشۇنداق پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانى— ئەمەلىيەتتە لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تەپەككۇر قىلىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدىن ئالغاندا، ئەدەبىي ئەسەر ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى پەقەت بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازنى يازغۇچىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر قىلىش جەريانى قانداقتۇر باش ئايىغى يوق، ئاساسسىز قۇرۇق ئوي-خىياللاردىن ئىبارەت بولماستىن، بەلكى يازغۇچى ئۆزى بىلگەن شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى تېخى بىلمىگەن يېڭى بىلىملەرنى ھاسىل قىلىش جەريانىدۇر. بۇ جەريان ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ جۈملىدىن يازغۇچىلارنىڭ بىلگەن كونا بىلىمىدىن تېخى بىلمىگەن يېڭى بىلىملەرنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت ئەقلىي خۇلاسە ئېلىپ بېرىش جەريانىدۇر. بۇ جەريان يازغۇچىلارغا ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئەڭ يېڭى، ئەڭ غايىۋى، ئەڭ گۈزەل بولغان بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئۆز تىلىمىز بويىچە ئېيتقاندا، بەدىئىي تەسەۋۋۇر قىلىش جەريانى يازغۇچى ئۆزى ياراتقان بەدىئىي ئوبرازنى يۈك-

-ەك دەرىجىدە خاسلىققا ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملىشىققا ئىگە قىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

4. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلىدىن ئالغاندا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئوبيېكتىپ رې-ئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ ئاساسىي قورالى بولغان تىل -لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تەپەككۇرنىڭ ماددىي ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەپەككۇر بولمايدىكەن، تىلمۇ بولمايدۇ. تىل بولمايدىكەن تەپەككۇر رېئاللىققا ئايلىنالمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنداق بىر قاراشنىمۇ قىستۇرۇپ كېتەيكى، بەزى يولداشلارنىڭ نەزىرىدە ئوبراز-لىق تەپەككۇر تىلغا تايانمايدىكەن، ھەتتا ھايۋانلاردىمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر بولارمىش، مانا بۇ بىر كۈلكىلىك قاراش ئىكەن. ئەمەلىيەتتە تەپەككۇر ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەڭ ئاكتىپچانلىق بىلەن بىلەلەيدىغان ۋە ئۇنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئادەمگىلا خاس پائالىيەت بولۇپ، ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ماھىيەتلىك بەلگىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىر پۈتۈن تەپەككۇرنىڭ ئايرىلما-س تەركىبىي قىسمى بولغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۆزى بىلگەن پائالىيەت دائىرى-سىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغان ھايۋانلاردا ئوبرازلىق تەپەككۇر نېمىش قىلسۇن!؟

بىزگە مەلۇمكى، تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىش ۋە ئۇنى سۇبيېكتىپ ئاڭدا ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ ئاساسىي شەكلى بولغان ئۇقۇم تىلدا سۆز بىلەن، ھۆ-كۈم جۈملە بىلەن، ئەقلىي خۇلاسە جۈملىلەر بىرىكمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلنىڭ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان جۈملە شەكىل جەھەتتىن گەرچە تىلغا قانچىلىك ئۆزگىچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەزمۇن جەھەتتىن لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمايدىكەن، تىل ئۆزىلا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈر-دىغان ئىش يوق دەپ قارايمەن. يۇقىرىدا ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەقسىتىم: ئەدەبىيات سەنئىتىنى فورمىلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش بولماستىن بەلكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى بەزى ئەنئەنىۋى قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تۇرغۇنلۇق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇستازنى، ئىشداشلارنى مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىشتىن ئىبارەت.

قەشقەر · سىنتەبىر 1987-يىل

# ئىككى جۈزئىي ئالدىنقى شەرت (ئاساس) تىن يەكۈن چىقارغىلى بولامدۇ؟

توختىھاجى ئىمىن

كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىنىڭ قائىدىلىرىدە: «ئىككى جۈزئىي ئاساس (ئالدىنقى شەرت) تىن يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ.»① دېگەن بىر قائىدە بار. راستىنلا، جۈزئىي بولغان ئىككى ئالدىنقى شەرتتىن يەكۈن چىقارغىلى بولامدۇ؟

بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىدا ئالدىنقى شەرت بولۇپ كېلىدىغان جۈزئىي ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسىنىڭ ھەجمى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. چۈنكى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى—كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسە ئېلىپ بېرىشتا ھەل قىلغۇچى ئامىل بولغاچقا، ئالدى بىلەن جۈزئىي ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسىنىڭ ھەجمى قانداق بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

جۈزئىي ھۆكۈملەرنىڭ (مەيلى ئۇ تەستىقى بولسۇن ياكى ئىنكار بولسۇن) ھۆكۈملەنگۈچىسىنىڭ قىسمەن ھەجىملىك بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسىنىڭ پۈتۈن ھەجىملىك بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. بۇ يەردە قايتا توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما بۇ يەردە جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى -ھۆكۈملەنگۈچى بىلەن ھۆكۈملىگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

بىرىنچى خىل ئەھۋال: بۇ خىل ئەھۋالدا، جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى ۋە ھۆكۈملىگۈچىسىنىڭ ھەر ئىككىسى قىسمەن ھەجىملىك بولىدۇ. يەنى ئەگەر جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قىسمەن ماس كېلىش مۇناسىۋىتى بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا، جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسىمۇ قىسمەن ھەجىملىك بولىدۇ. مەسىلەن:

①- «ئومۇمىي لوگىكا» 199-بەت، «فورمال لوگىكا» 255-بەت

بەزى ئوقۇتقۇچىلار — پارتىيە ئەزاسىدۇر. بەزى ئاياللار — دوختۇردۇر.

ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا، جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى پۈتۈن ھەجىملىك بولىدۇ. يەنى ئەگەر جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى پۈتۈن ھەجىملىك بولىدۇ. مەسىلەن: بەزى ياشلار — ئىتتىپاق ئەزاسى. بەزى دەرەخلەر — مېۋىلىك دەرەخلەردۇر. بەزى ئادەملەر — دوختۇردۇر.

جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسىدە بارلىققا كېلىدىغان يۇقىرىدىقى ئىككى خىل ئەھۋال — جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈملەرنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسە ئېلىپ بارغاندا، تۆۋەندىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

1) ھەر ئىككى ئالدىنقى شەرتنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى قىسمەن ھەجىملىك بولغان شەكىل، بۇ خىل شەكىلدە ئالدىنقى شەرت بولۇپ كەلگەن ھەر ئىككى جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى قىسمەن ھەجىملىك بولغاچقا، شۇنداقلا ھۆكۈملەنگۈچىسىمۇ قىسمەن ھەجىملىك بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاتالغۇ كەم دېگەندە بىر قېتىم پۈتۈن ھەجىملىك بولۇشى كېرەك دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا توغرا يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ.

2) ئالدىنقى شەرت بولۇپ كەلگەن ئىككى جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمنىڭ بىرىنىڭ ھۆكۈملىگۈچىسى پۈتۈن ھەجىملىك بولغان شەكىل، بۇ خىل شەكىلدە پۈتۈن ھەجىملىك بولۇپ كەلگەن ھۆكۈملىگۈچى ئوتتۇرا ئاتالغۇ بولۇپ كەلسە، بۇنداق ھەر ئىككى ئالدىنقى شەرتى جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمدىن ئىبارەت بولغان كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىدىن توغرا يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

بەزى مېۋىلىك دەرەخلەر — ئەتىيازدا چېچەكلەيدۇ. بەزى دەرەخلەر — مېۋىلىك دەرەخلەردۇر. شۇڭلاشقا بەزى دەرەخلەر — ئەتىيازدا چېچەكلەيدۇ. بەزى دوختۇرلار — يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەردۇر. بەزى ئادەملەر — دوختۇردۇر. شۇڭلاشقا بەزى ئادەملەر — يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەردۇر.

دېمەك: بۇ خىل شەكىلدىن توغرا يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى توغرا يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىش — كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىنىڭ ئوتتۇرا ئاتالغۇ كەم دېگەندە بىر قېتىم پۈتۈن ھەجىملىك بولۇشى كېرەك دېگەن قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلگەن كەلتۈرۈپ چىقىرىشتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھەر ئىككى ئالدىنقى شەرتى جۈزئىي ھۆكۈمدىن ئىبارەت بولغان كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىنىڭ بىر ئالدىنقى شەرتى جۈزئىي تەستىقى ھۆكۈمدىن، يەنە بىر ئالدىنقى شەرتى جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈمدىن تەشكىل تاپ-

قان يەنە بىر خىل شەكلىمۇ بار. بۇ خىل شەكىلدە، ئەگەر جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى ئوتتۇرا ئاتالغۇ بولۇپ كەلسە، بۇ خىل شەكىلدىمۇ توغرا يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

بەزى ئوقۇغۇچىلار — ئىتتىپاق ئەزاسى. بەزى ياشلار — ئوقۇغۇچى ئەمەس. شۇڭلاشقا بەزى ياشلار — ئىتتىپاق ئەزاسى ئەمەس. بەزى قاتتىق جىسىملار — ئىسسىقلىقتىن كېڭەيمەيدۇ. بەزى جىسىملار — قاتتىق جىسىملاردۇر. شۇڭلاشقا بەزى جىسىملار — ئىسسىقلىقتىن كېڭەيمەيدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، جۈزئىي بولغان ئىككى ئالدىنقى شەرتنىڭ بىرى جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈم بولسا، ھەمدە بۇ جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى ئوتتۇرا ئاتالغۇ بولۇپ كەلسە، بۇ خىل شەكىلدىكى كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىدىنمۇ توغرا يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە يەنىلا ئوتتۇرا ئاتالغۇ كەم دېگەندە بىر قېتىم پۈتۈن ھەجىملىك بولۇشى كېرەك دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇن بولغانلىقتىن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، «جۈزئىي بولغان ئىككى ئالدىنقى شەرتتىن يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ» — دەپ قاراش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە — ھەرگىزمۇ جۈزئىي بولغان ئىككى ئالدىنقى شەرتتىن توغرا يەكۈننىڭ كېلىپ چىقىش - چىقماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىنىڭ «ئوتتۇرا ئاتالغۇ كەم دېگەندە بىر قېتىم پۈتۈن ھەجىملىك بولۇشى كېرەك» دېگەن قائىدىسىگە ۋە باشقا قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسىدۇر. شۇڭلاشقا، جۈزئىي ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسىنىڭ قىسمەن ھەجىملىك بولۇش ئەھۋالىغا قاراپلا، جۈزئىي بولغان ئىككى ئالدىنقى شەرتتىن يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، ھەر ئىككى ئالدىنقى شەرتى جۈزئىي ھۆكۈمدىن ئىبارەت بولغان كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسە شەكلىدىنمۇ بەزى ۋاقىتلاردا توغرا يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، «جۈزئىي بولغان ئىككى ئالدىنقى شەرتتىن يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ» — دېگەن بۇ قائىدىنى كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىنىڭ قائىدىلىرىدىن چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرەلمىگەن بۇ قائىدە كىشىلەرنىڭ توغرا تەپەككۇر قىلىشى، كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىنىڭ شەكىللىرىدىن توغرا پايدىلىنىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەمدە بۇ قائىدە چىقىرىپ تاشلانسىمۇ كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىنىڭ باشقا قائىدىلىرى جۈزئىي ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى قىسمەن ھەجىملىك بولغان ئەھۋاللارنى، شۇنداقلا جۈزئىي ھۆكۈملەرنىڭ پۈتۈن ھەجىملىك بولغان ھۆكۈملەنگۈچىسى ئوتتۇرا ئاتالغۇ بولۇپ كەلمىگەن ئەھۋاللارنى ئۆزىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن چەكلەپ كېتەلەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن «جۈزئىي بولغان ئىككى ئالدىنقى شەرتتىن يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ» دېگەن قائىدىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك دەپ قارايمەن. بۇ يەنىلا مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىم. كەڭ كىتابخانلار ۋە كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي ياردىمىگە موھتاجمەن.

AltunOq

# شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە سەل قارىلىۋاتقان بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر

ھېزىم قاسىم

## 1

شېئىر رېئال تۇرمۇش ئاساسلىرىنى تەشكىل قىلغان خىلمۇ-خىل، مۇرەككەپ ۋەقە، ھادىسىلەر ياكى ئالەم ھادىسىلىرىنىڭ ئايرىم ۋە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى تەرىپىدىن قوزغىتىلغان، شائىر ئېڭىدا پەيدا بولغان تۇيغۇلار گۈزەللىكى بولۇپ ئۇ، سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ ناتۇراللىستىك ھالەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ يېزىپ قويۇلىدىغان ئاددىي سەنئەت ئەمەس. شائىر تۇيغۇسى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئوبرازى بولسىمۇ، لېكىن شېئىر ساپ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئەينەنلا ئەمەس، ئۇ، رېئاللىقنىڭ شائىر ئېڭىدا مۇقەررەر ئەكس ئېتىدىغان نىسبەتەن مۇرەككەپرەك ئەكس ئېتىش شەكلى بولغان، شەيئىلەرنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسى بولغان سەزگۇ، ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرىنىڭ روشەن ھېسسىي ئوبرازى بولغان تەسەۋۋۇر؛ ئادەم مېڭىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلى بولغان، ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسىلار ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپنىڭ جىسمى ۋە روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تەپەككۇرنىڭ ئوبرازلىق جەريانلىرىدىن ئۆتۈپ يورۇقلۇققا چىقىدىغان سەنئەت. شائىر تۇيغۇسى شېئىرنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى تۈرتكە دېيىلسە، شۇ تۈرتكە ئاساسىدا تۇغۇلغان شېئىردىكى پىكىر شېئىرنىڭ جېنى، ھېسسىيات ۋە ئوبراز شېئىرنىڭ قېنى ۋە يۈرىكى ھېسابلىنىدۇ. يۈرەك بىلەن قان بولغاندىلا ئاندىن تەندە جان بولغاندەك، ھېسسىيات بىلەن ئوبراز بولغاندىلا، شېئىردىكى پىكىر ئاندىن شېئىرنى شېئىر قىلىپ تۇرغۇزۇپ تۇرىدىغان جانغا ئايلىنالايدۇ. ھېسسىيات ۋە ئوبرازدىن خالىي بولغان ھەر قانداق زور گىگانت ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان پىكىرلەرمۇ خۇددى تاڭ سەھەردە مەسچىتتە ئېيتىلغان ھەزرەتنىڭ ئەزانىدەك يېتىملىش چاقىرىقلا بولىدىكى، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت سېلىپ، قانلىرىنى پۇرۇقلىتىپ قايناتقۇزىدىغان، كۆڭۈللىرىنى ئېرىتىپ سۈت قىلىۋېتىدىغان، غەزەپلىرىنى ئۆرلىتىپ قىيان، جاسارىتىنى ئۇلغايتىپ رۇستەمى داستان قىلىۋېتىدىغان مەنىۋى كۈچ-قۇدرەت بولالمايدۇ.

بىز بۇنىڭدىن خىلمۇ-خىل ھەرىكەت شەكلىگە ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئىپادىلەپ تۇر-

دىغان مۇتلەق شەكىلكە ئىگە بولغان، مەڭگۈ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، زامان ۋە ماكان جەھەتتە باش ئاخىرى بولمىغان تەبىئەت دۇنياسى (ئىنسانىيەت دۇنياسىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى) دىكى ھەرىكەت ۋە ھاياتلىقنىڭ شەك-لىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان مەنبە؛ تۇيغۇ، پىكىر، ھېسسىيات ۋە ئوبرازنىڭ ھاياتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، شېئىرىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئاساسىي ئامىللار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بىر ياخشى شېئىردىي ئوبراز شائىرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنى ھېچقانداق قوشۇمچىسىز ھالدا سېزىشى، ئىگىلىشى ۋە چۈشىنىشىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇ، ئەمەلىي نەرسىلەر، ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەكلى، ھەرىكەت ۋە ئۆلچەملىك شەكلىگە ئۆز تۇرمۇش تەجرىبىلىرى جەريانىدا يېتىشتۈرگەن مول تۇيغۇ؛ چۈشىنىشلىك، يېڭى، جەلپ قىلارلىق، سىرلىق چوڭقۇر پىكىر؛ تەسىرلىك، ئىچكى قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە، ھاياجانلىق ھېسسىياتنى قوشۇپ يۇغۇرۇش، ئۆز ئارا سىڭدۈرۈش ۋە تولۇقلاش جەريانىدىلا يارىتىلىدۇ. مۇنداق يارىتىلغان شېئىردىي ئوبراز ئوبيېكتىپ ئوبيېكتنىڭ (رېئاللىقنىڭ) شائىر ئېڭىغا تەسىر قىلىشى ئارقىلىق تۇيغۇ بولۇپ ئىپادىلەنگەن ۋە شائىرنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدا ئىشلىنىپ، جۇلالىق تۈس ئالغان ۋە جانلىق ھالەتكە كىرگەن ئاڭ پاكىتىغا ئايلانغان ئوبرازدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كۈچلۈك ئىچكى قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە تاشقى دۇنيانىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ شائىرنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتىدە دەسلەپكى ھېسسىي سېزىملىرىنى ئويغىتىشتىن باشلاپ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ھەمدە تەپەككۇر شەكىللىرى(ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە) نىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئۇنى باي شېئىردىي باش تېما ئىدىيىسى بىلەن قانائەتلەندۈرۈش جەريانى تەبىئەت، تۇيغۇ، ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە ئوبرازلار بىرلىكىدە تۇرغۇزۇلغان شائىرنىڭ مەلۇم مۇتلەق ئىدىيىسىنىڭ ئاشكارىلىنىش جەريانى بولىدۇ، خالاس. بۇ جەرياندا ئاشكارىلانغان، شائىر ئىدىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەبىئەت ۋە شائىرنىڭ ئىچكى ھېسسىي كۈچلىرىنىڭ ھەرىكەتتىكى سۈپىتىدە تەبىئەتكە تۈس، رەڭ، كارتىنا بېغىشلىغان بارلىق شېئىردىي ئامىللار ئۆز ئارا بىر- بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان، بىر- بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئامىللارنىڭ قايسىبىرى بولمايدىكەن، ياكى قايسىبىرى بولۇپ قايسىبىرى بولمايدىكەن ئۇھالدا ئوبيېكتىپ دۇنيا شائىر سۇبيېكتىمۇ دىن، شائىر سۇبيېكتىمۇ ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيادىن ئايرىلىپ كەتكەن بولىدۇ-دە، نەتىجىدە مۇشۇنداق ئاجرىلىشتىن مەيدانغا كەلگەن شېئىر ھەقىقىي بەدىئىي شېئىر، ئۇنىڭدا بارا تماقـ

چى بولغان ئوبراز ھەقىقىي شېئىرىي بەدىئىي ئوبراز بولالمايدۇ. چۈنكى، مۇنداق شېئىرلاردا شېئىرىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە شېئىرىيەتنىڭ تۈنجى ئامىللىرىدىن بولغان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆز ئىچكى مۇرەككەپلىكلىرى: مەلۇم ھاياتلىقتا ئىگە يېڭى نەرسىلەرنىڭ دائىم دېگۈدەك دۇنياغا كېلىپ، ئۆسۈپ، راۋاجلىنىپ تۇرىدىغان؛ چىرىگەن كونىرىغان مەلۇم نەرسىلەرنىڭ دائىم دېگۈدەك ئۆلۈپ يوقىلىپ تۇرىدىغان ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىچىدىكى ئايرىم ۋە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى، خاراكتېرلىك بەلگىلىرى تۇتۇۋېلىنمىغان؛ ئۆزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىش، ئۆزلۈكسىز ئالمىشىش، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىش جەريانىدىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، قىزىقتۇرىدىغان، جەلپ قىلىدىغان، زوقلاندۇرىدىغان ھەممە ئايرىم نەرسىلەر ئۆز مەۋجۇدىيىتى بىلەن شائىرنىڭ ئۆز ئىچكى نەرسىسىگە ئايلانمىغان، شائىرنىڭ ھېسسىي كۈچى بىلەن باغلانمىغان ۋە يورۇتۇلمىغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بىرلەمچى بولغان ماددىي دۇنيا، يەنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ شائىر ئېڭىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەل قىلغۇچ تەسىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا، ياكى ئۇنىڭ ھەممە، ئومۇمىي تەسىرلىرى ئىچىدىكى ئايرىم ئالاھىدە تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلالمىغاندا، ھەقىقىي شېئىرىيەت ئەسىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى دەل شائىر تەرىپىدىن قايتا ئىپادىلىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان بىر خىل ئالاھىدە تۈسكە ئىگە تۇرمۇش رېئاللىقى يەنى شېئىرىيەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولغان يېڭى، قىزغىن تۇرمۇشتۇر.

بىراق رېئال تۇرمۇش شېئىرىيەتتىكى ھەممە نەرسە ئەمەس، ئۇ، شائىرنىڭ ئىستېتىكىنى پەيدا قىلىش، ئىلھامىنى قوزغىتىش، شېئىرىيەت شەكلىنى تۇغدۇرۇش، دېمەكچى بولغان پىكىرىنى تەرتىپكە سېلىش، رەڭگە تۇغدۇرۇش، رىتىم، ئاھاڭ پەيدا قىلىش جەھەتلەردە «تۇترۇق» لۇق رول ئوينايدۇ. لېكىن «تۇترۇق»لا بولۇپ، سەرەڭگە بولمىسا، «تۇترۇق» قا ئوت تۇتاشتۇرغىلى بولمىغاندەك، تۇرمۇشلا بولۇپ، شائىردا شۇ تۇرمۇشنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان، تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قەۋەتلىرى يوشۇرۇن بولسا، ئۇنى مۆكۈنۈپ ياتقان يېرىدىن سۆرەپ چىقىپ، ئاشكارىلىيالايدىغان؛ قىپيالىڭاچ بولسا، «ئۇستىباش» كەيدۈرۈپ ياساندۇرالايدىغان؛ سەت بولسا، رەڭ بېرىپ بېزەپ گۈزەللەشتۈرەلەيدىغان؛ پارچە-پۇرات بولسا، ئۇنى يىغىشتۇرۇپ، سوقۇپ، تاۋلاپ بىر پۈتۈن قىلالايدىغان؛ يوغان بولسا، پارچىلاپ ئۇششاقلىيالايدىغان؛ ساختا بولسا راستقا، يامان بولسا ياخشىغا ئايلاندۇرالايدىغان ماھارەت، بىلىم بولمىسا «ئالتۇن ياتمىدۇ سايدا، تونۇمىسا نېمە پايدا» دېگەندەك پايدىسى يوق نەرسە بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ياكى، قانداق تۇرمۇشقا ئۇچرىسا، ئۇ تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم

ئەمەسلىكى، لازىملىق ياكى لازىملىق ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلماي، خىزدىي تاش كۆرۈپ باقمىغان بالا سايدىكى تاشنىڭ ھەممىسىنى «چىرايلىقكەن» دەپ يان خالتىسىغا قاچىلاۋەرگەندەك، ئۇچرىغانلىكى تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداقىنى تاللىماي، «يان خالتىسىغا قاچىلاۋەرگەن» دە، ئۇ تۇرمۇش شائىر سۇبيېكتىۋىدا ئۆزىنىڭ بىرەر ئەھمىيەتلىك تەرىپى بىلەن تەسىرات پەيدا قىلمىغان، يۈرىكىنى تىترەتمىگەن بولسا، ئۇنداق تۇرمۇش قانچىلىكى كۆپ بولمىسۇن بىلەنمۇ بەرىبىر ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ. چاقماق سىرتقى كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىلا ئوت ئالغاندەك، شائىر ھادىسىدىن تەسىرلەنگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي شېئىرىيەت باش تېمىسىغا ئىگە بولالايدۇ. بۇ يەردە شائىرنىڭ تەسىراتى بەكمۇ مۇھىم.

2

شېئىر — تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ شائىر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولغان ئىكەن، بۇ «ئىنكاس» قۇرۇق تۇرمۇش توپلاش، يىغىشتىن ئەمەس، بەلكى، ھەرىكەت، تەسىر ۋە ئەكس تەسىر، بىرىكىش ۋە ئاجرىلىشتىن پەيدا بولىدىغان فىزىكىلىق، بىئوخىمىيىلىك ھادىسىلەرگە ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ قايسىبىر تەرىپىنىڭ شائىر ئىچىدە تەسىر ياكى ئەكس تەسىر، بىرىكىش ياكى ئاجرىلىش پەيدا قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. توپلىغانلىكى تۇرمۇشنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەممە ئومۇملۇقىنىڭ شائىردا «تەسىرات» پەيدا قىلىدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. شائىر ھەممە نەرسىدىن تەكرار تەسىرلىنىۋېرىدىكەن، بەرىبىر ئۇ تەسىرلەنمىگەن بىلەن باراۋەر. شائىر تۇرمۇش «توپلىغان» دا، ئالدى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىكى ھېسسىيات شائىر ھېسسىياتىنى ئىگىلىۋالغان بولىدۇ. ھېسسىيات ھېسسىياتنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن چوڭقۇر تەسىرات ھاسىل بولىدۇ. تەسىرات شائىر ئىلھامىنى دولقۇنلىتىدۇ شۇڭلاشقا، شائىر ئۈچۈن تۇرمۇش توپلاشتىن كۆرە شۇ تۇرمۇشنىڭ شائىردا تەسىرات پەيدا قىلىش-قىلالماسلىقى ناھايىتى مۇھىم. ئوت بولمىسا قۇرۇقچىنى پىچاقنىڭ بىسىغا ئۇلىغىلى بولمايدۇ. تەسىرات بولمىسا، تۇرمۇشنى قايسىدا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئوت» شائىرنىڭ تەسىراتى.

تەسىراتنىڭ مەنبەسى ناھايىتى كەڭ: ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تېماتىسىكىسىنى تەشكىل قىلالايدىغان، تەبىئەت دۇنياسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ھەممە نەرسە، شەيئى ۋە ھادىسىلەر، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رېئال ئىجتىمائىي ئالاقىلار، زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر ئىچىدىكى شائىر سەزگۈسىنى قوزغاتقان، كۆڭلىنى يايراتقان، ھاياجانلاندۇرغان، خۇشاللاندۇرغان، غەم — ئەندىشىگە سالغان، بىزار قىلغان، زوقلاندۇرغان

ھەر قانداق ئىدىيە، ھەر قانداق پىكىر تەسىراتنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ دېمەك ئۇ ئىجادىيەتكە ھامىلدار بولغان تەسىرات بولۇپ توپلىنالايدۇ. لېكىن مۇنداق تەسىراتلارنىڭ بەزىلىرى تېيىز، بەزىلىرى چوڭقۇر، بەزىلىرى ئەھمىيەتلىك، بەزىلىرى ئەھمىيەتسىز، بەزىلىرى چوڭ، بەزىلىرى كىچىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چوڭقۇر، ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك، ھەممىدىن مۇھىم ۋە چوڭلىرى پەقەت شائىرنىڭ ئۆز بېشىدىن بىۋاسىتە ئۆتكۈزگەنلىرى، ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان ۋە كۆرگەنلىرى، تەمىنى بىۋاسىتە تېتىغانلىرى بولىدۇ.

ئىجادىيەت جەريانىدا، يىغىنچاقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۆزگەرتىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. لېكىن شائىر ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان، شائىر ئۆزى تازا پىششىق بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىچكى تۇيغۇسىغا ئايلانغان ئۆز تۇرمۇش تەسىراتلىرى ھەممىدىن مۇھىم بولغان بولىدۇ. مۇنداق تەسىراتلارنىڭ شائىر ئىلھامىنى قوزغىتىدىغان يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور بولىدۇ. تەسىرات قانچىكى چوڭقۇر ۋە ھەقىقىي بولسا، ئىلھامنىڭ پارتلاش كۈچى شۇنچە زور، ئىجادىيەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانى شۇنچە تېز ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تەسىرات ئىلھامنىڭ مەنبەسىدۇر.

3

ئىلھام ئەزەلدىن بار نەرسە، بەلكى، ئۇ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھەممە ئومۇمىي ياكى قىسمەن ھەرىكەت جەريانلىرىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ۋە بۇ جەريانلارنىڭ يە ئۇنداق، يە مۇنداق جەريان بولۇپ قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ماددا بولغىنىدەك، ئىجادىيەت جەريانلىرىنىڭ قانداق ئورۇنلىنىشى، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىز چىقىشىدىكى تۈپ ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر. شۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇكى، ئىلھام قۇرۇقتىن قۇرۇق ئەمەس، بەلكى، ئۇ، مول چوڭقۇر تۇرمۇش تەسىراتىنى ئاساس قىلغاندىلا شۇنداق بولىدۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان بىزنىڭ ئىلھام مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، بىر ھەقتە بىرلىككە كەلگەن چۈشەنچىلەرمۇ ناھايىتى ئاز، بەزىلەر ئىلھام مەۋجۇت نەرسە دەپ قارىسا، بەزىلەر ئىلھام دېمەك تىرىشىپ ئىزدىنىش، مول بىلىم دېمەكتۇر دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئىلھام ئىچكى ھادىسە، روھ ھادىسىسىدۇر، بەزىلەر ئىلھام ۋە ھالەتكە ئىگە دەيدۇ، ۋە باشقىلار، بىر خىل كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم ئاساسلار بار، قايسىلا خىل كۆز قاراش بولمىسۇن، ھەممىسىدە ئىلھامنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى رولىغا كۈچلۈك ئەھمىيەت بېرىلگەن،

AltunOq

بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيىۋى ئاساسلارنىڭ ھەرقاندىقى ئىلھامنىڭ بىر خىل ئىچكى ھادىسە، روھ ھادىسىسى ئىكەنلىكىدىن چەتلەپ كەتمەيدۇ.

ئىلھام بىر خىل روھىي ھادىسە بولغان ئىكەن ئىچكى ھېسسىياتنى ئۆز قانىتى قىلىدىغان شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ رولى ناھايىتى زور، تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شائىر تۇرمۇشنى ۋە ئۇ تۇرمۇش قوزغاتقان تەسىراتنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يىلتىزى دەپ ھېسابلىسا، ئىلھامنى «يۈرەك»نىڭ «قېنى» دەپ ھېسابلىشى لازىم. يۈرەك پەقەت قان بولغاندىلا، ھاياتلىق ھەرىكىتىگە ئىگە بولغاندەك توپلانغان تۇرمۇش ۋە ئۇ تۇرمۇش تەسىراتلىرى پەقەت ئىلھام نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر بولۇپ دۇنياغا كۆز ئاچالايدۇ.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئىجادىيىتى سەھنىسىدە مەيدانغا كەلگەن، كىشىلەر قولىدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆچۈرۈپ، ئاغزاكى سۆيۈپ ئېيتىپ يۈرگەن «ئىز» ئوقۇغانلىرى ئوقۇغۇسى كېلىدىغان؛ ئىشىدىن— ئىشىغا كۆچۈپ ماختىلىپ يۈرگەن «كېسىلگەن توغراق»، «دەريا شاقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»، «دىۋانىنىڭ ھەيكىلى»، «گۆھەرلەرنىڭ گۆھىرى»، «ئانا»، «ئالدىدا» ناملىق شېئىرلارنىڭ زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ باقىدىغان بولساق، بۇ شېئىرلاردا ئومۇمىي خەلق روھى ۋە خەلق كەچۈرمىشى بولۇپ ئىپادىلەنگەن شائىر شەخسىيىتى ۋە كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ شۇ تۇرمۇش قوزغاتقان كۈچلۈك ئىلھامى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. ئەگەر شېئىرلاردىكى تۇرمۇش كارتىنىلىرىنىڭ قىزىق مىللىي روھ ۋە مىللىي تۈسكە كىرگۈزۈلگەنلىكى، شېئىرىي تۇيغۇ، شېئىرىي تەسەۋۋۇر ھەرىكىتىنىڭ جانلىقلىقى شېئىرىيەت تېخنىكىسىدىكى كۆركەملىك مۇشۇ شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە بىر خىل سەنئەت مۇكەممەللىكى دېيىلىدىغان بولسا، بۇ خىل مۇكەممەللىك باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى، ئۇ، دەل سەنئەتكار ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ چىققان يالقۇنلۇق ئىلھامدۇر.

ئىلھام شائىر ئەقىل-ئىدراكى ۋە زېھنى كۈچىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، شائىرنىڭ تەپەككۇر ھەرىكىتىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مەنبە قىلىدۇ. ھەرىكەتسىز تەپەككۇر ۋە تەپەككۇرسىز ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، تەپەككۇر ھەرىكىتىسىز بارلىققا كېلىدىغان «ئىلاھىي» ئىلھامنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىلھامنىڭ كەلگەنلىكى تەپەككۇر ھەرىكىتىدە سەكرەشنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شائىرنىڭ تەپەككۇر ھەرىكىتى دەۋرىيلىك، ئايلانمىلىق ياكى ئۈزۈلمەس ھەرىكەت شەكلىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما، ئىلھام مۇنداق شەكىللەرنى ئۆزىگە ئاساس قىلمايدۇ. ئۇ، تەبىئەت دۇنياسىدا ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ۋەقە، ھادىسىلەرگە ئوخ-

شائىر ناھايىتى زور تۇيغۇسىزلىقتا، مۇقەررەرلىك ئىچىدىكى تاسادىپىيلىكتە ئىدى.
ۋولقان ئېتىلىپ چىقىش شارائىتى پىشىش باسقۇچىغا يەتكەنگە قەدەر، ئۇ، ئىچكى
ھەرىكەت جەمجەملەنگەن ھالەتنى ساقلايدۇ، مەلۇم تەسىر، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇنلۇق
ئىچكى ھەرىكەت شارائىتى ئۆتۈشلۈك ماسسىسى بىلەن ئېنېرگىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماسـ
لىقنى بۇزۇپ تاشلايدۇ ـ دە، ئىچكى ھەرىكەت تاشقى ھەرىكەتكە ئۆزگىرىپ، پارتلاپ چىـ
قىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش شائىرنىڭ باش قاتۇرۇۋاتقان تېماتىك ئىدىيىسى ئىزـ
چىدىكى تەپەككۇر ھەرىكىتى پىشىش باسقۇچىغا يەتكەنگە قەدەر، ئۇ، ئايلىنىشچانلىق،
دەۋرىيلىك ھەرىكەت ئىچىدە يوشۇرۇن كۈچلەر پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ئۆز
ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆز ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرغان مۇنداق مەنىۋى ھەرىكەت
تۈپەيلىدىن شائىر دېمەكچى بولغان ئىدىيىۋى پىكىرنى يورۇقلۇققا قانداق ئېلىپ
چىقىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي تازا قىينىلىدۇ، تىت ـ تىت بولىدۇ، ئۆزىنى
خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمەي، گويا ئەسەبىيلەشكەندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ،
شائىر تەپەككۇر ھەرىكىتىنىڭ ئۆزى تەپەككۇر قىلىۋاتقان تېماتىك ئىدىيە ئۈستىدە
بۆسۈش ئېھتىمالىغا يېقىنلىشىپ قالغان، ئەمما تېخى، ئۇ ئىدىيە ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە
ياكى ۋاستىلىق مۇناسىۋەتتە تۇرغان قانداقتۇر، نامەلۇم ئىش، ۋەقە ياكى ھادىسى
نىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن خېلىلا يىراق تۇرغان بولىدۇ. شائىر تەپەككۇرى قاچانـ
كى مۇشۇنداق تەسىرگە ئۇچرايدىكەن، ئۇ مەلۇم تەسىر تۈپەيلىدىن ئېتىلىپ چىقـ
قان ۋولقاندەك، شائىر ئىلھامىنى بىردىنلا پارتلىتىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ يورۇقلۇققا
چىقالماي، بېسىلىپ تۇرغان بارلىق ئىچكى دۇنياسى گويا ماگما ئېتىلغاندەك، ياـ
كى تاغلار ئۆرۈلۈپ قىيان بېسىپ كەلگەندەك ئېتىلىپ سىرتقا چىقىشقا باشلايدۇ.
تېماتىك ئىدىيىگە پۇت ـ قول پەيدا بولۇپ، ھېسسىيات ۋە ئوبرازلار تىنىق كىرىپ،
مۇئەييەن مەنىگە ئىگە سۆزلەر جاراڭلاپ، ئالاھىدە ئاھاڭ، مۇزىكىلىق كۈچ، تۇراق، ۋەزىن
رىتىم، قاپىيىلەرنى ھاسىل قىلىپ ھەممىدە ئۇلار بىر ـ بىرلەپ سەپكە تۇرۇپ، ھەممە جەر ـ
يان گويا نامەلۇم بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ قولى بىلەن ئورۇنلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.
مانا بۇ شائىرنىڭ تەپەككۇر ھەرىكىتى تېماتىك ئىدىيىگە ئالاقىدار بولغان ھەم
چاتقاللىق، ھەم تۇمانلىق، ھەم سىرلىق، بەزىدە كۆرۈنۈپ، بەزىدە يوقىلىدىغان، بەـ
زىدە نۇرلىنىپ، بەزىدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولۇپ كېتىدىغان چىگىش مۇرەكـ
كەپ ۋە قىيىن ئۆتكەللەرنى بىر ـ بىرلەپ بويسۇندۇرۇۋاتقان، بەزىلىرىگە كۈچ يەتـ
مەي تەرلەپ پىششىۋاتقان جاپالىق ئەمگەك شارائىتىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان سەكـ
رەش. يەنى ئىلھامدۇر. مۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئىلھام نۇرغۇن ئاچقۇچلار
ئىچىدىن شۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ قۇلۇپقا سېلىنغان بولسىمۇ ئېچىلمىغان، ئەمما

قويۇلىسىز قولغا چىقىپ قالغان بىر ئاچقۇچ بىلەن چاسىدە قىلىپ ئېچىلىپ كەتكەن قۇلۇپتەك، شائىرنىڭ چاپالىق تەپەككۇر ھەرىكىتىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان ئىجادىيەت نۇقتىسىنى مانا شۇ دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ خۇددى بالىنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىنى ئىزلىتىدىغان، ئانىغا ئۇزاق ئايلىق يارىتىپ بېرىدىغان تەبىئىي ئاچچىق تولغاقتەك، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەبىئىي ھالدا ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئانا تولغاقنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەندەك، شائىرمۇ مۇشۇنداق پەيتتە بوراندەك كېلىۋاتقان ئىلھامنىڭ نەدىن ۋە قانداق كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ. ئىلھامنى «ۋەھىيلىككە ئىگە» دەپ قارىغۇچىلار ئىلھامنىڭ مانا شۇنداق تۇيۇقسىزلىقىدىكى سىرلىق دىناسمۇتلەر ھەمدە بىرلىمىش قىسمەتلىككە ئىگە دېگەن ئىلاھىيلىقكالىق باغلىنىشلارنى توغرا چۈشەنمەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئىلھام ھېچقاچان ئاللا ئاتا قىلغان روھىي كۈچ ئەمەس، بەلكى، ئۇ، يېڭى، باي مەزمۇنلۇق ئۆزگىرىش تەسىراتى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىۋاتقان سەنئەتكار پىكىرىنىڭ تەدرىجى توپلىنىشى، يەنى، ئانچىۋالا دەل ۋە ئېنىق بولمىغان توپلانغان ھېسسىي بىلىملەرنىڭ تەدرىجى سان ئۆزگىرىشى توپلىنىپ يۈز بەرگەن يېڭى سۈپەت ئۆزگىرىشى، ھېسسىيلىقتىن ئەقلىيلىككە، كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەت ھالىتىگە ئۆتۈشى.

ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە باي سەنئەتكارلارغا مەلۇمكى، ئۇلار ئۆز سەزگۈسىگە چۈشكۈر تەسىر قىلغان تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ توغرىسىدا تازا ئويلىنىپ، ئايرىلىپ تۇرغان ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانى بىر بىرىگە چېتىپ ۋە يېپىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ خىيالەن كارتىنىسىنى كۆزگە كۆرۈنگەندەك ئېنىقلىققا ئىگە قىلىپ سىزىپ چىقالمىسىمۇ، ئەمما بۇ كارتىنىنىڭ قايىرىدىن قولسىلىپ، گەپنى نەدىن باشلاش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي روھىي جەھەتتىن ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، ئۇنى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. (بۇنداق ھالەت پەقەت ئۆزىگە ناھايىتى قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان تەلەپچان ئاپتورلاردىلا يۈز بېرىدۇ.) ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئۇنى «تاشلاپ قويغان» ۋاقتى چوڭ مېڭە تەپەككۇرىدا كارتىنىسى سىزىلغان ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ھەممە قاتلاملىرىنىڭ ۋاراقشىپ قايناۋاتقان ھەمدە ئۇ، يېپ-يېڭى بىر سۇبيېكتىپ دۇنياغا «ھامىلدار»بولۇۋاتقان ۋاقتى بولىدۇ. ئىلھامنىڭ شائىر ئۈچۈن ئېنىق بىلىنمەيدىغان، پەيدىنپەي جۇغلانغان، ئەمما، توپ سۈپەت ئۆزگىرىشى ياسايدىغان بۇ جەريان تەدرىجى ئەمەس بەلكى ناھايىتى چاپسان ۋە ئۇشتۇمتۇت ئورۇنلىنىپ، تۇمان تارقاپ بىردىنلا كۆز چىققاندەك، ھەممە يوشۇرۇنلۇق بىردىنلا ئاشكارىلىنىدۇ، سىر يېشىلىپ، يول ئېچىلىدۇ، مۇقەررەرلىك ئايان بولىدۇ. لېكىن، «تۇمان» تارقىغان، (سىر) يېشىلگەندە كۆ-

رېنگەن تەسىرىنىڭ ئەكسى شائىرنىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنى ئۆز كۆرۈنۈش پەيتلىرىدىكى بىلەن قەغەزگە دەرھال قوندۇرۇش- قوندۇرۇۋالالماسلىق شائىر ئىقتىدارىنىڭ قانداقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋە زور مەسىلە. ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىدا يېتىشتۈرگەن ئەمەلىي بىلىمى ۋە مول تەجرىبىسىنى ئاساس قىلىدىغان شائىر مەركەزلەشكەن، يۇقىرى دەرىجىدە ئەقلىي بولغان تەسەۋۋۇر كۈچىنى داۋاملىق ئىشقا سالالايدىغان پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان بولسا، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى غايىپ قىلىۋەتمەي، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆزىدىن بىر نەچچە جانلىق، يېڭى سىزىملارنى قوشۇپ، ئەسلىدىكى مەنزىرىدىن تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ غايىۋى بولغان شېئىرىي مەنزىرىنى ناھايىتى چاپسان قەغەزگە قوندۇرۇۋالالايدۇ. بولمىسا، پەيدا بولغان مەنزىرىنىمۇ يېقىتىۋېتىپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ قىلغان جاپالىق مېھنەتنىڭ مېۋىسىنى بىردەمدە زايا قىلىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا، شائىردا جاپالىق مېھنەت قىلىدىغان جاسارەتمۇ ھەممە تەييار قىلىنغان مېھنەتنىڭ مېۋىسىنى دەل ۋاقتىدا تۇتۇۋېلىپ ئۇنى قەغەزگە شۇ پېتى قوندۇرۇۋالالايدىغان بەدىئىي ماھارەتمۇ بولۇشى لازىم.

شائىرنىڭ خىيال ئېكرانىدا ئىلھام نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇلۇپ كۆرۈنگەن شېئىرىي مەنزىرىنى قانداق كۆرۈنگەن بولسا، شۇنداق خاتىرىلىۋالالايدىغان بولۇش - يېتىشتۈرۈش ناھايىتى قىيىن بولغان ھەقىقىي شائىرلىق ماھارىتى. لېكىن، شۇنداق يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە بولغان شائىر ئۆز تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىگە كۆرۈنگەن گۈزەل شېئىرىي مەنزىرىنى شۇ پېتى قەغەزگە سىزىۋالالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سىزىۋالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقىي، مۇكەممەل بەدىئىي شېئىرىيەت ئەسىرى بولۇپ كېتىشى، يەنە تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ، شۇ خۇسۇسىيەتلەر پەيدا قىلغان يېڭى، چوڭقۇر پىكىرمۇ، پىكىرنى ئىچىدىن يورۇتۇپ تۇرىدىغان ھېسسىياتمۇ؛ پىكىر ۋە ھېسسىياتنى كونكرېتلىققا ئىگە قىلىدىغان ئوبرازلارمۇ بولغان شېئىرىيەت ئەسىرى بولۇپ چىقىشى ناتايىن. چۈنكى ئىلھام كەلگەندە ھەيكەلتاراش ھەيكەلنىڭ كۆزىگە ئىشلەۋاتقان چاغدىكىدەك ئۇنداق ئاستا، ئۇنداق بىر - بىرلەپ، ئۇنداق ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، توپا - تۇمانلارنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، دەل - دەرەخلەرنى سۇندۇرۇپ، ئۆگزىلەرنى ئېچىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى قۇم بىلەن تىندۇرۇپ كېلىۋاتقان بوراندەك گۈركىرەپ كېلىدۇ. ئىلھامنىڭ مۇشۇنداق مەزگىلىدە يېزىلغان شېئىر ھەرگىز ئىدىيە، ھېسسىيات، ئوبرازلار بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆز ئارا سىڭىشىپ، «قويۇق - سۇيۇقى» تەكشىلەنگەن، «تۇز تەمى» تېتىغان، قايتا ئىش قوشۇش زۆرۈرىيىتى قالمىغان شېئىر بولۇپ ئەمەس،

بەلكى ھېسسىيات ناھايىتى قويۇق بىرلەن، ھەتتا ئېشىپ كەتكەن، پىكىر ۋە ئوبراز ھېسسىياتقا قارىغاندا سۇس ۋە نىسبەتەن كەمتۈك بولغان شېئىر بولۇپ چىقىدۇ. مۇنداق شېئىرلارنىڭ ھەر قانداق شېئىرىيەت تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شېئىردىي ئامىللار دائىرىسىدە شائىرنىڭ خۇددى ھەيكەلتاراش ھەيكەلنىڭ كۆزىگە ئىشلەۋاتقان چاغدىكىدەك ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن، بىز ئىلھامنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنى قىسقارتىش، شائىرنىڭ تەپەككۇر ھەرىكىتىنى سەكرىتىپ، ئۇنىڭ ئىچكى پائالىيەت بولۇپ تۇنجۇقۇپ تۇرغان ھېسسىي كۈچلىرىنى پارتلىتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىش جەھەتتە ناھايىتى زور رول ئوينايدىغانلىقىنى، ئەمما، ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇكەممەللىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

4

شېئىردىي بەدىئىي مۇكەممەللىك، يالغۇز، قاچان ۋە قانداق پۇرسەتلەردە قانداق كېلىدىغانلىقى نامەلۇم بولغان ئىلھامغا تايىنىش بىلەنلا ئىشقا ئاشمايدۇ. ئۇ، يەنە شائىرنىڭ ئومۇملاشقان، كۆپ قىرلىق قابىلىيىتى ۋە ماھارىتى بولۇشىنى لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىرنىڭ مۇنداق قابىلىيەت ۋە ماھارىتى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ۋە سۇبيېكتىپ ئاڭ ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، شېئىردىي بەدىئىي ئوبرازنى شەكىللەندۈرۈشتە بولمىسا بولمايدىغان ئىلمىي ئابستراكسىيىلەش ئىقتىدارىنىڭ قانداقلىقىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس كۆزىتىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تۇرمۇشتىن سۈزۈۋالغان ئالاھىدە ماتېرىياللار ۋە ئىگە بولغان يېڭى تەسىراتلىرىغا ئاساسەن بىرەر شېئىرىيەت ئەسىرىنى مەيدانغا چىقىرىش جەريانى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىگە بولغان نۇرغۇن ماتېرىياللار ۋە ئۇ ماتېرىياللار توغرىسىدىكى ھېسسىي كۆز قاراشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېڭى، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىرىنى؛ راستلىرىنى، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغانلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ چىقىرىۋېتىپ، سۈزۈۋالغان تۇرمۇش، ۋەقە، ھادىسىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش، ياكى ئۇنىڭغا يېڭى ماھىيەت بېرىش جەريانىدۇر. مانا بۇ شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى جەريانىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشى زۆرۈر ۋە شەرت بولغان ئۆتكەل بولۇپ، ئۇ ئىلمىي ئابستراكسىيە دېيىلىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى مۇشۇنداق ئىلمىي ئابستراكسىيىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ يازماق-

AltunOq

چى بولغان ئوبيېكتىپ ياكى سۇبيېكتىپ ھادىسىلەر ماھىيىتى بولمىغان، ئاساسى ئەردىپى بولمىغان، ئەبەدىي ئۆلمەس ھاياتىيلىق كۈچكە ئىگە بولمىغانكالىمىدار خاراكتېرلىك نەرسىلەر، تەشۋىقات، چاقىرىق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان، «ھايت» دېسە «لەببەي» دەپ سادا قايتۇرىدىغان، شۇ كۈنى تۇغۇلۇپ، شۇ كۈنىلا ئۆلىدىغان نەرسىلەر بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىنى ماھىيىتى تولۇق ۋە توغرا چۈشەندۇرۇش، ئۇنىڭ بارلىق سىرلىرىنى تولۇق ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئوبيېكت قىلغان دائىرىدە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئىلمىي ئابستراكسىيىلەپ، ئۇلارنىڭدىكى قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى ئېچىپ چىقمىسا بولمىغاندەك، شائىرمۇ ئۆزى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان تۇرمۇش ۋە ئاڭ ھادىسىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ تەسىرلىك، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق، تېخىمۇ راست ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئىلمىي ئابستراكسىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم.

مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي ئابستراكسىيە شائىردا شۇ شەيئى، ياكى ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىيالايدىغان ياكى ئۇنىڭغا يېڭىچە ماھىيەت بېغىشلىيالايدىغان ئىقتىدار بولۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن شۇ شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ھازىرى، ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى پەرەز قىلالايدىغان، نىسبەتەن توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغان ئىلمىي ئالدىن كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

يازماقچى بولغان ئوبيېكتنىڭ باشقا ئوبيېكتلار بىلەن بولغان ئورگانىك مۇناسىۋىتىدىكى سېلىشتۇرمىدىن كېلىپ چىققان كونكرېت ۋە تىپ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئاساسەن ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئالدىن قەلەم تەۋرىتىش — بۇ، شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىي پائالىيىتىدە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىلمىي ئالدىن كۆرۈشنىڭ كۈچلۈك ئاساسى. شائىردا مۇنداق ئاساس بولمايدىكەن، ئۇ، شەكلەن ھادىسىلەر ئەتراپىدىلا چۆگىلەپ، نېمە چاقىرىق بولسا، شۇنىڭغا ۋاقىرايدىغان، نېمە ۋەزىيەت بولسا، شۇنىڭ ئىزىدىن تاپان باستۇرۇپ قوغلىشىپ ماڭىدىغان، تەشۋىقات پروگراممىسىنى مىسرالارغا بۆلۈنگەن تەشۋىقات تىزىسىغا ئايلاندۇرۇپ تەشۋىق قىلىشنىلا بىلىدىغان «مۇنەۋۋەر تەشۋىقات ماشىنىسى»غا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئويدىمۇ، دۆڭدىمۇ، يولدىمۇ، پاتقاقتىمۇ دوقۇرۇپ يۈرگەن ئەما يولۇچى، رولسىز ماشىنىدەك ھەر ماكاندا يورغىلايدىغان، بۈگۈن ياخشى دېسە، ئەتىسى يامان دەيدىغان، بۈگۈن تەخت-

كە چىقسا مەدھىيىلەپ، ئەتىسى يىقىلسا قاغايدىغان؛ ئۆگۈنى يەنە ئۆرە تۇرسا، ئۆز كانىيىدىن چىققان قاغىشلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ: «سەن ئەزەلدىن بۈيۈك ئىدىڭسەن» دەپ شاللىقىنى ئېقىتىدىغان «جاھانساز شائىر» بولۇپ قالىدۇ. بالايى - ئاپەتلىك ئۇرۇن يىللاردا «سەركەردە» لىك، «باشلامچى» لىق ۋە «پېشقەدەملىك» تالىشىپ يۈرگەن ئايرىم ئاپتورلار ئۇچرىغان ئاچچىق ساۋاقلاردىن بىز ئالىمىي ئالدىن كۆرۈشنىڭ ھەرقانداق بىر شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىراق، ھەر قانداق بىر بىلىملىك شائىرمۇ دەۋردى ھادىسىلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا يولۇقىدىغان گۈللىنىش ياكى كۆمران بولۇش تارىخىغا دائىر مۇقەررەرلىكىنى ئالدىن ناھايىتى ئېنىق بىلىپ يېتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شائىرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى ناھايىتى سەگەك ۋە كۆزچان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ مەزكۇر ھادىسىلەرنىڭ پەقەت چوڭ تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى؛ ئۇنىڭ يۈزلىنىشى، ئۆزگىرىپ يېتىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان ئاخىرقى نۇقتىسى توغرىسىدا پاكىتلىق ئومۇمىي پەرەزلىرىنىلا ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن. زادى قاچان، قانداق ھەرىكەت شەكلى ۋە قانداق ئۇسۇل بىلەن شۇ نۇقتىغا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن بولغان ھەر بىر كونكرېت، ئايرىم مۇقەررەرلىكنى بىلىپ كېتىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. قانۇنىيەتنى ئاساس قىلغان پەرەز ئاساسلىق، ئىنچىكىلىك بولىدۇ. قۇرۇق خىيالنى، مەمەدانلىقنى ئاساس قىلغان پەرەز قۇرۇق، ساختا بولۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، مۇنداق سۇبيېكتىپ خىيالى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «شائىر» ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ئالدىغا كەلگەننى «يەپ»، تاماكا ئىسسىدەك لەيلەپ يۈرىدىغان، نەتىجىدە «دېگەن» ۋە «يېگەن» لىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي بىر پۇلغا ئەرزىمەس، ئىككى پۇلغا قىممەت كاسات شائىر بولۇپ قالىدۇ.

بىرەر شائىرنىڭ ئەشۇنداق قابىلىيەت ۋە ماھارىتىنى يېتىشتۈرۈپ خەلق شائىرى بولۇپ مەيدانغا چىقىشى ياكى مەنپەئەتپەرەسلىك خىيالى بويىچە، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ يۈرىدىغان «كاسات» شائىر بولۇپ مەيدانغا چىقىشى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشى ھەممە ئۇنىڭ ۋاستىلىق ھالدا قوبۇل قىلغان، ياكى بىۋاستە قوبۇل قىلغان تەجرىبىلىرىنىڭ قانداقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

## 5

شائىرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ياكى باشقا ھادىسىلەرى توغرىسىدا ئۆز تۇيغۇسى ئارقىلىق ئۆزى بىۋاستە ھاسىل قىلغان بىلىشى، ياكى ھەقىقەت بولۇپ ئىسپاتلانغان، باشقىلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ۋە ئىشلىتىلىش قىممىتى بار

دەپ قوبۇل قىلىنغان ۋاستىلىق بىلىشى بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى شائىرنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق قوبۇل قىلغان تەجرىبىلىرى بولىدۇ ۋە مۇنداق تەجرىبە قانچىكى مول ۋە مۇكەممەل بولسا، شائىرنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي ئابستىراكسىيەسى شۇنچە تولۇق، ئىنچىكە، چوڭقۇر ۋە توغرا بولۇپ، مۇنداق ئابستىراكسىيە جەريانىدىن ئۆتۈپ پۈتكەن ئەسەر دەۋر پۇرىقى قويۇق، مەلۇمي خاسىيىتى كۈچلۈك بولغان ۋە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئەسەر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، شائىر ئۈچۈن ئىلمىي پەرەز قانچىكى مۇھىم بولسا، ئۇنىڭ ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە قوبۇل قىلغان، ئۆز تۇيغۇسى ئارقىلىق ئېرىشكەن تەجرىبىسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، مۇنداق تەجرىبە، بىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھېسسىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شائىرنىڭ يېزىش ئىستىكىنى پەيدا قىلىدىغان تۈرتكە بولۇپ، ئۇ، شائىر ئېڭىدىكى تەسەۋۋۇر، ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكىللىرى ئۈچۈن ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىلىش مەنبەسىدۇر. مۇشۇنداق مەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك ماھىيىتى بىلەن شائىر تۇيغۇسىنى ئويناتقان شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ رېئاللىقتىكى ھەرىكەت شەكىللىرى بىلەن شۇ شەكىل ئاساسىدا شائىر ياراتقان شېئىرىي بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئوقۇغۇچىغا ئايان بولغان بەدىئىي كارتىنىسى بۆلۈنمەس بىر گەۋدە ھاسىل قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا، ئوبيېكتىپ تاشقى كۈچلەر پائالىيىتىنىڭ خاسلىيەتلىك تەسىرىنىڭ نەتىجىسى بولغان ۋە بۇ كۈچلەر ئىچكى ئېنېرگىيىسىنىڭ ماھىيەتلىرى كۆرۈلۈپ ھېسابلىنىدىغان شېئىر ئۆزى ئۆسۈپ چىققان ئىچكى ئېنېرگىيىگە ئوخشاش شەكىلدە يىغىنچاقلىنىدۇ. ئەمما ناھايىتى زور يوشۇرۇن قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولۇشى لازىم. مەلۇم ئېغىرلىق ماسسىسىغا ئىگە بىر پارچە تاش كۆمۈرنى ئالساق، ئۇنىڭ چىقىرىش مۇمكىنلىكى بولغان ئىچكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ئۆز ھەجمىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولغان بولىدۇ. 6 پورشىنلىق ئادەتتىكى بىر دىۋىگاتېلنى ئالساق، ئۇنىڭ سۈرەش كۈچ تېزلىكى ئۆز ھەجمى ۋە شەكلىگە قارىغاندا نەچچە يۈز ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، كۆرۈنۈشى ئىنتايىن يىغىنچاق بولغان مۇنداق بىر دىۋىگاتېلنىڭ ئەشۇنداق زور ئىچكى ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، شېئىر پىرىسلانغان بىر پارچە تاش كۆمۈر، ماي، توكيولىرى ئىخچاملاشتۇرۇلغان بىر دىۋىگاتېلغا ئوخشاش ناھايىتى ئىخچام، قۇدرەتلىك بولۇشى كېرەككى، ئېگىزلىكى تۇرۇقسىز تاقىشىپ تۇرىدىغان، ئەمما قاچىلاپ كەلسە بىر نەچچىلا سۆۋەت چىقىدىغان سامانىڭ سالمىقى يوق، كېلەكسىز قۇرۇق بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

شېئىرنىڭ ئەڭ تۈپ ۋە بىرىنچى خۇسۇسىيىتى ئىخچاملىق. نېمە ئۈچۈن شېئىر يازىمىز؟ گەپنى قىسقا ۋە مېغىزلىق قىلىش ئۈچۈن؛ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنى ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ ئىخچام، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن، ھەر قانداق بىر بەدىئىي ئەسەر ئۆزى ئوبيېكت قىلغان ھادىسىلەر ھەرىكىتى جەريانىغا قارىغاندا، تولىمۇ يىغىنچاق بولىدۇ. شېئىرنىڭ قىسقا، يىغىنچاقلىقىغا بولغان تەلە-پى باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئالاھىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھادىسىلەر ئاھايىتى زور تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سەنئەتنىڭ ئەڭ ئىخچام ژانىرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئىخچام شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە شائىر ھېسسىياتىدىن تاۋلىنىپ ئۆتۈپ يىغىنچاقلاشتۇرۇلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى، تاشقى پائالىيىتى باشقا ژانىرلاردا يېيىلغان بەدىئىي ئەسەرلەردىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ پۈتۈن جەريانىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئۇنداق ھەر تەرەپلىمە سۈرەتلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ. نەسرى ئەسەر-لەردىكىدەك ھايات نەپىسلىكىنى تېخىمۇ تەلەپ قىلالمايدۇ. چۈنكى، شېئىرنى پەيدا قىلىدىغان ھادىسىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتى ناھايىتى ئىخچام، يىغىنچاق بو-لىدۇ. بۇنىڭ شائىر ئېڭىدا پەيدا قىلغان تەسىرىمۇ خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك بىلىنىپ-بىلىنمەي، يالت-يۇلت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن توك سوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەندە، كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان بىر خىل تەسىرات قالدۇرغى-نىدەك، شائىرنىڭ ئېڭىدا «يالت-يۇلت» قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ھادىسىنىڭ سۈرى-تى ئۇنىڭ خىيالى ئېكرانىغا خۇددى تامغا باسقاندەك بېسىلىپ قالىدۇ ۋە شائىر قەلىمىنى تەۋرىتىدۇ. ھادىسىنىڭ شائىر قەلىمىنى تەۋرەتكەن ۋاقتى شائىرنىڭ ئەينى ھادىسىنىڭ بۇ دۇنياسىدىن ئۇ دۇنياسىغا، يەنى، ئۇنىڭ سىرتىدىن ئىچىگە كىر-گەن ۋە ئۇ ھادىسە شائىردا روشەن روھىي ھالىق پارتلاش كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋاقتى بولىدۇ. ھادىسىنىڭ ھەرىكەت شەكلى شائىر سەزگۈسىگە ئورۇنغاندىن باشلاپ، مەيلى ئۇنىڭ شائىردا تەسىر پەيدا قىلىشى ياكى ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇشى ۋە ياكى ئۇنىڭدا روھىي ھالىق پارتلاش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى قاتارلىق جەريان-لار بولسۇن، ئۇنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتى ئىنتايىن تېز، تولىمۇ قىسقا بولىدۇ. شېئىرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان جەريانلار شۇنچىلىك قىسقا، تېز بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ نەتىجىسى بولۇپ كۆرۈنىدىغان شېئىرىيەت ئەسىرى چوقۇم ئۆزى تۇغۇلغان مەنبەگە ئوخشاش ناھايىتى قىسقا بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ، لىرىك شېئىرلار تېخىمۇ قىسقا بولۇشى لازىم. ئۇزۇن يېزىشقا بولىدىغان ئېپىك شېئىرلارنى-مۇ ھېكايە قىلىپ يېزىپ قويۇشقا، نەسرى ئەسەرلەردىكى ئەپقاچتى تەسۋىر، دىئا-

لوك، مۇنۇلۇكلار بىلەن بەلگىلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئىپىك شېئىرلارنى پەيدا قىلغان مەنبەلەر جەريانىدىمۇ خۇددى لىرىك شېئىرلارنى پەيدا قىلغان جەريانلارغا ئوخشاشلا، چاقناپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئايرىم خۇسۇسىيەتلىك ھادىسىلەردۇر. مۇنداق ھادىسىلەر ھەر قانچە ئۇزۇن بولۇپ كۆرۈنگىنى بىلەنمۇ، بۇ ھادىسىلەر توغرىسىدا شائىرنىڭ يازىدىغىنى ھېكايە ئەمەس، بەلكى شېئىر ئىكەن، ئۇ چوقۇم ھېكايىدىن ئۆتۈپ پەرقلىنىدىغان، ئىسمى جىسمىغا لايىق شېئىر بولۇشى لازىم. چۈنكى، شېئىرىيەت ئەسىرىدە يېزىلىدىغىنى ساپ ئوبيېكتىپ ئوبيېكتمۇ، ياكى ساپ ئىدىيىۋى ئوبيېكتمۇ ۋە ياكى ساپ ھېسسىي ئوبيېكتمۇ ئەمەس. ئۇنىڭدا يېزىلىدىغىنى مۇشۇ ئۈچ ئوبيېكتنىڭ ئومۇمىي، بىر-بىرىگە سىڭىشكەن يىغىندىسى. شېئىرىيەت ئەسىرىنى ئۇزۇن يېزىش دېمەك، مۇشۇ ئۈچ ئوبيېكتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا روشەن چېگرا ھاسىل قىلىپ قويۇش دېگەنلىكتۇر. نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ كىشىنى ھارغۇزىدىغان دەرىجىدە ئۇزىراپ كېتىۋاتقانلىقى، كىشىنى بىزار قىلىدىغان دەرىجىدە قۇرۇق، لاۋزا، ئۇدۇل ئېيتىلغان گەپ، ۋەقەلىكلەر بايانى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىكى تۈپ ئاساسى سەۋەب مۇنداق شېئىرلاردا ئەشۇ ئۈچ ئامىلنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنلىكىدە.

شېئىردى بىر پۈتۈنلۈكتە بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان بۇ ئۈچ ئامىل شېئىرىيەتنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن قانۇنىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇپ، بىر-بىرىگە سەۋەب-نەتىجە بولۇشۇپ، شېئىردى بەدىئىي ئوبرازنىڭ گەۋدە مۇكەممەللىكىنى تەمىن قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ ئۈچ ئامىل ھەر قانداق بىر شېئىرىيەت ئەسىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئاساس قىلىدىغان، بارلىق شېئىردى ئامىللار ئارىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش ۋە زۆرۈر مۇناسىۋەتلەرنى مەنبە قىلىدىغان مۇقەررەرلىكتۇر. مۇشۇنداق مۇقەررەرلىك ئاساس قىلىنغان شېئىرىيەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەر قانداقى ئۆز تېماتىك ئىدىيىسىنى تولۇق قاندۇرغان قىسقا شېئىر بولۇپ پۈتۈپ چىقىدۇ. ئۇنى مەقسەتنىڭ سىرتىدا ھاجەتسىز سوزۇپ يېزىشقا بولمىسىمۇ، ئادەتتە ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى، شېئىردىكى ئوبيېكتىپ ئوبيېكتنىڭ جەريانلىرى سوزۇلغانسېرى شائىر سۇبيېكتىپىدىن ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ھېسسىي سېزىملەر شۇنچە كۈچىيىپ ۋە ئۇلغىيىپ بارىدۇ. ھەتتا، بىر ئۇلۇغ ئوبيېكتىپ بايانى جەريان ئۇنىڭدىن نەچچە ئۇلۇغ كۆپ بولغان، شائىرنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ھېسسىي كۈچ نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا جان بېغىشلىغىلى، ئۇنىڭ ئىچكى قەۋەتلىرىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان چوڭقۇر مەنىسىنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىققىلى بولى-


AltunOq

دۇ. يەنە كېلىپ ئېلىپ چىقىلىدىغان مەنا قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئەمەس بەلكى ئوبيېكـ
تىپ ئوبيېكت، ئىدىيەۋى ئوبيېكتىپ ۋە ھېسسىي ئوبيېكتلار يۇغۇرۇلمىسىنىڭ نامايەندىسى
بولغان بەدىئىي ئوبرازلار گەۋدىسىدە كۆرۈنۈشى لازىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن
شېئىر چوقۇم قىسقا يېزىلىشى لازىم. ئەكسىچە شېئىر قانچىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغانسـ
ـېرى يۇقىرىقى ئۈچ ئامىلىنىڭ ئوبرازلار گەۋدە مۇكەممەللىككە ئېرىشىشى شۇنچە
قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئىدراك دەپ ئاتىلىدىغان تۇيغۇ، سەزگۈ، تەسەۋۋۇر
سېزىلگەن ئوبيېكتىپ شەيئىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە بىر مەزگىللىك چەكسىز
ئىقتىدارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەقىلگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ماتېرىياللىـ
رى بىلىش قىممىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنچىۋالا چەكسىزلىككە ئىگە ئەمەس.
شۇڭلاشقا، پىكىر قىلىۋاتقان شائىرنىڭ ئىدراكى كۈچى مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە
ھارىدۇ، نەتىجىدە شېئىردىي ئوبرازلار گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي
ئامىللار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ، قۇرۇقلىشىش، چېچىلاڭغۇلۇق، لاۋزىلىق كېلىپ چىـ
قىدۇ. مۇنداق شېئىرلاردا مەركەزلەشكەن تۇيغۇلۇق شېئىردىي پىكىر، تىپىكلەشتۈرۈلـ
گەن ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقى بولمايدۇ. خۇددى ئاڭلىنىپلا تۈگەيدىغان رادىيو، كۆرۈپلا
ئۆتۈپ كېتىدىغان گېزىت خەۋەرلىرىدەك ئۆمرى كوتو بولىدۇ.

شائىرنىڭ سۆز ئۇستىسى دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ قۇرۇق گەپدانلىق قىلىشىغا
قارىتىلغان ئەمەس. «گەپدانلىقنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار» دەپ تېپىۋالغان بىر ئېغىز
گەپنى ئۇزۇنغا يۇمۇلىتىپ، بۇ يانغا سۆرەپ، ئۇيانغا زادىلا
يارىشمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ئىللىيىلا ئالاقىسى بولمىغان «ئوتتۇز پۇتاق» چىقىـ
رىپ، ئاتالمىش «مول مەزمۇن» بىلەن «بېيىتىپ»، ئۇنى «كېلومېتىرلاپ» سوزۇلغان
گەپكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا تېخىمۇ قارىتىلمىغان ئەمەس. شائىرنىڭ سۆز
ئۇستىسى دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ گەپنى ئاز، ئەمما بەكمۇ ساز قىلالايدىغانلىقىغا،
قىيمىدەك ئۇششاق ھەم جىق گەپنى بىر ئېغىز گەپكە يىغىپ،
گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېيەلەيدىغانلىقىغا، تاغدەك ئىشنىڭ تېرىقتەك تۈگۈنىنى
تېپىپ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا قارىتىلغان. ۋىچىرلاشقا
كەلگەندە، قۇچقاچتەك جىق ۋىچىرلايدىغان، قاغىدەك كۆپ قاقىلدايدىغان جانىۋار يوق.
شائىر يوقىلاڭ ئىشلارغا، توختىماي كەپلەرگە ۋىچىرلاۋېرىدىغان قۇچقاچ، ئولجا تاپـ
ـمىسىمۇ، تاپالمىسىمۇ قاقىلداۋېرىدىغان قاغىدەك ئەمەس، ئۇ پەقەت بوستانلىقلاردىلا ياـ
شايدىغان، ئاندا-ساندا سايراپ قويۇپ كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ، قۇلىقىنى
دىڭ قىلىپ قويىدىغان بۇلبۇل بولۇشى لازىم. بۇلبۇل ئاندا-ساندا ئەمەس، بەلكى
قۇچقاچتەك ھەر دائىم ئاغزى بېسىلماي ۋىچىرلاۋېرىدىغان بولسا، بۇلبۇل بولمىغان

بولاتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا خۇشتارمۇ بولمىغان. ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشقا تەشنامۇ بولمىغان بولاتتى.

شائىر بۇلبۇلنى دورىشى، بۇلبۇلدەك ئانداـساندا «سايرىشى»، سايرىغاندا قىسقا، ئەمما، كىشىلەرنى ھەيرانۇ ھەس قىلدۇرۇۋەتكىدەك كېلىشتۈرۈپ «سايرىشى» لازىم. «كۈلەلمىگەن نىمەڭگە ھىجايىماي» دېگەندەك، «سايراش» نى بىلمەي تۇرۇپ، سايرىماسلىقى، ياكى «سايرايمەن» دېمەسلىكى لازىم.

ئانداـساندا، ئەمما كېلىشتۈرۈپ سايراش بۇلبۇلنىڭلا ماھارىتى. ئانداـساندا يېزىش، ئەمما، كارامەت يېزىش پەقەت شائىرنىڭلا ماھارىتى. ئۇ شېئىر يازىدىغانلىكى ئاپتورلاردا بولۇۋېرىدىغان ماھارەت ئەمەس. يولۋاس ئون يىلدا بىرنى تۇغىدىغانلىقى، يەنە كېلىپ يولۋاس بالىسى تۇغىدىغانلىقى ئۈچۈن يولۋاس، باكتېرىيەسىنىڭ مىنۇتلۇق كۆپىيىش نىسبىتى كىشىنى قورقۇتقىدەك دەرىجىدە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇغىدىغىنى باكتېرىيە بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم نەزەر ـكۆزلىرىنى سالمايدىغان باكتېرىيە. پاخالنىڭ تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىنىڭ ئايىقىدا دەسسىلىپ يۈرىدىغانلىقى ئۇنىڭ جىقلىقىدا. ئۈنچەـمەرۋايىتنىڭ كىشىلەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يۈرىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئازلىقىدا.

بۇلبۇل، يولۋاس، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ھەققىدىكى ئىلمىي ھەقىقەت شائىرنىڭ شېئىرنى ئاز، ئەمما ساز؛ ئاندا ـ ساندا، ئەمما، بەھەيۋەت يېزىشى لازىملىقىدىكى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شېئىرنى ئاز، ئەمما ساز؛ ئانداـساندا، ئەمما، بەھەيۋەت يېزىش شائىر سۇبيېكتىپنىڭ رەڭمۇـرەڭ، خىلمۇـخىل ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنى خېمىر قىلىپ يۇغۇرۇپ، شاللاپ ئىخچاملاشتۇرۇپ، ئۇنى جەۋھەرلەشتۈرۈش تالانتىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك. جەۋھەرلەشتۈرۈش ــ شائىر ئۆز سەزگۈسىگە كىرگەن ھادىسىلەرنى ئابستراكسىيىلەپ، ئۇنىڭ پۈتۈن جەريانلىرىدا سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئىخچاملاشتۇرۇش، ماھىيەتلەشتۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

جەۋھەرلەشتۈرۈش ئالدى بىلەن شائىر روھىنىڭ ھادىسىلەر ئارقىلىق كۆرسەتـمەكچى بولغان ئىدىيىۋى پىكىرىنىڭ ئىخچاملىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھادىسىلەرنىڭ شائىر روھىغا تەسىر قىلغان قانۇنىيەتلىك ۋە مۇقەررەر بولغان باغلىنىشىنىڭ كۆپ قىرلىقلىقى شائىر ئىدىيىۋى پىكىرىنىڭ ۋە مۇشۇ ئىدىيىۋى پىكىر تەرىپىدىن قوزـغىتىلغان شائىر خىيالىنىڭ ئىخچاملىقىغا ناھايىتى زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مول ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە شائىرلارغا مەلۇمكى، شېئىرىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى تۈرەلمە تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەلۇم بىر تەسىر بولسىمۇ، ئەمما، تۈرەلمە ئىستېتىكسىز ھالدا پۈتۈنلەي شائىر خىيالىدىن ئوزۇق ئېلىپ بىخلىنىپ، بوي تارتىپ، ئۆسۈپ شاخلاپ، چېچەكلەپ مېۋىگە كىرىدۇ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى مەلۇم بىر تەسىرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ مېۋىگە كىرىشى، يەنى شېئىرىيەت ئەسىرى بولۇپ پۈتۈپ چىقىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ھەرىكەتچان كۈچ شائىرنىڭ شۇ تەسىر توغرىسىدىكى ئەقلىي پائالىيىتىنىڭ ھەممە جەريانىدا غايەت زور رول ئوينايدىغان خىيال بولغان ئىكەن، ھادىسىنىڭ كۆپ قىرلىق ئىچكى مەنىلىرى ۋە ئىچكى باغلىنىشلىرى ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان شائىر خىيالى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى ھادىسىلەر تەسىرى بىلەن تەدبىق قىلىنغان، كارتىنىلاشتۇرۇلغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۇھىم ماھىيەتلەر ئوخشاشلىقىدىن تېپىپ چىقىلىدىغان ئىلمىي ئابستراكسىيە چۈشەنچىلىرىدا توختاۋسىز پائالىيەتتە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىخچام ۋە يىغىنچاق بولالمايدۇ. بۇ باسقۇچتا شائىر خىيالى قانچىكى كەڭ ۋە چەكسىزلىككە قانات قاقسا، ھادىسىنىڭ توغرا تەسەۋۋۇرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنچە زور ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. ئەسەر باش تېمىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق سەۋەبىيەت، ئىمكانىيەت، زۆرۈرىيەت، تاسادىپىيلىق ۋە مۇقەررەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر يېپىق مۇناسىۋەتكە ئىگە قىلىنىپ، شائىر مېڭىسىدە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. بىراق، شائىر خىيالىنىڭ كەڭ بولغانلىقى، ئۇ ئويلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسەرگە سىڭداپ كىرگۈزۈش لازىملىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ يەردىكى گەپ شائىر ھادىسىنىڭ ئاخىرقى توغرا تەسەۋۋۇرىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يىپىنى تارتىپ لەگلەكنى يىغىۋالغاندەك، خىيالنىڭ «يىپىنى» نى تارتىپ، ئاخىرقى توغرا تەسەۋۋۇرنى ئىخچام، ئەمما ناھايىتى زور ئىچكى قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ بايان قىلىپ بېرەلەمەسلىكتە. شائىر خىيالىنىڭ قىسقا، ئىخچاملىققا ئېرىشكەنلىكى، ئەمەلىيەتتە، خىيال ئارقىلىق پۈتكەن ئىجادىي ئەسەرنىڭ قىسقا، ئىخچاملىققا ئېرىشكەنلىكىدۇر.

ئۇزۇندىن بۇيان شېئىرىيەت نەزەرىيەسىدە تۇرمۇش جۇغلانمىسىنىڭ ئالاھىدە موللۇقى كۆپلەپ تەكىتلەنگەن نۇقتىلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، مول جۇغلانمىنىڭ بەدىئىي ئەسەر بولۇپ پۈتۈپ چىقىشىدىكى بىر پۈتۈن ئومۇمىي جەريانىدا، شائىر خىيالىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ ئا-

مىل ئېكەنلىكى تەكىتلەنمىدى. نەزەرىيە خادىملىرىمۇ خىيالنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئورنى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنى مۇھىم بىر تەتقىقات نىشانىسى سۈپىتىدە تۇتمىدى.

ۋاھالەنكى، تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ھەر قانداق بىر ئىختىرا خىيالدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى، ئىختىرا قىلىنىشىنىڭ ئىختىرا قىلىش جەريانى ئۇنىڭ خىيال قىلىش جەريانىدۇر. ئىجادىيەتنىڭ تۇغۇت ئانىسى ئىلھام ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئىلھامنىڭ تۇغۇت ئانىسى خىيالدۇر. بەلكى، ئۇ ھەممىنى بەلگىلەيدىغان تۇغۇت ئانىسىدۇر. يالغۇز ئۇ بەدىئىي ئىجادىيەتتىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، ئىلىم—پەن ئىجادىيىتىدىمۇ شۇنداق. ئىلىم—پەن ئىجادىيىتىدە بولمىسا بولمايدىغان پەرەزنىڭ ئاساسىمۇ، ئاساسەن خىيالدۇر.

خىيال ئوبيېكتىپ ئوبيېكتنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كىشىلەر ئېڭىغا تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولىدىغان، ئوبيېكتنىڭ ئەڭ بىرۇن ۋە ئاددىي ئەكس ئېتىش شەكلى بولغان تۇيغۇنى ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنبە قىلىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيا توغرىسىدىكى ھەر قانداق بىلىمنىڭ مەنبەسى تۇيغۇ بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ماددىي دۇنيادىكى مەلۇم ھادىسىلەر تەسىرىدىن پەيدا بولغان شائىر مېڭىسىدىكى شېئىردىي تۇيغۇ تاشقى تەسىر كۈچىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە، شائىر يارىتماقچى بولغان شېئىردىي بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسىدۇر. لېكىن بۇ مەنبە كونكرېت تاشقى تەسىرى كۈچ سۈپىتىدە شائىر تۇيغۇسىغا كىرگەن، پەقەت تۇيغۇ باسقۇچىدا ئابستراكت ئاڭ پاكىتىغا ئايلانغان مەنبەلا بولۇپ قالىدۇ. بۇنى ئابستراكتلىقتىن يەنە كونكرېتلىققا قايتۇرۇپ ئەكىلىش پەقەت شائىر خىيالىنىڭ، بولۇپمۇ، تاشقى تەسىرى كۈچىنىڭ ئۆزىدىكى رېئاللىقنى ئاساس قىلغان ھەقىقىي خىيالىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق.

شېئىردىي تۇيغۇ شائىرنىڭ چوڭقۇر خىيالى ئارقىلىق پەرۋاز قىلدۇرۇلمايدىكەن، خىيال ئارقىلىق تۇيغۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئالەمى ئۆز ھەجمى ۋە باغلىنىشلىق دائىرىلىرى بويىچە «ئونسەككىز مىڭ ئالەم» نىڭ ھەر بىر ئالىمىگە ئېلىپ چىقىلماي، خۇسۇسىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەر ئېچىپ، تاۋلاپ چىقىلمايدىكەن، ئۇ ئىنكاس باسقۇچىدىلا، ئەڭ دەسلەپكى ئەكس ئېتىش شەكلىدىلا توختاپ قالغان ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئۆزە ئەڭ پۈچەك تۇيغۇ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئۇنى بەدىئىي چوڭقۇرلۇققا ئېلىپ كىرىپ مول مەزمۇن بىلەن بېيىتىدىغان، قانات چىقىرىپ ھاۋادا ئۇچۇرىدىغان شائىر خىيالىدۇر.

شائىرنىڭ خىيالى ھەقىقىي تۇيغۇدىن ئۆسۈپ چىققان ئىكەن، ئۇ رېئاللىقتىن ئايرىلغان خام خىيال، قۇرۇق ۋە ساختا خىيال بولماسلىقى لازىم؛ تۇيغۇنى ھاسىل قىلغان رېئال ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان، بۇرمىلايدىغان،

ئۇنى ھەزىللەشتۈرىدىغان، قۇرۇق پاتىنازىيە ۋە رىۋايەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان، ھېچنىمىنىمۇ چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيدىغان، ھېچنىمىگىمۇ قارىتىلمىغان پايدىسىز خىياللىرۇ بولۇپ قالماسلىق لازىم. رېئاللىقتىن ئايرىلغان مۇنداق خىياللار نەق ۋە كونكرېت ئىش توغرىسىدا گەپ ئاچماي، ئاچ ۋە يالىڭاچ ئۆتۈۋاتقان خەلقنى مەسچىتكە سۆرۈۋېلىپ، ئۇ دۇنيادىكى «بېھىشنىڭ» باياشاتچىلىق، ھۆرۈ-نازىنىنلارنىڭ ئاپئاق بەدەنلىرى توغرىسىدا گەپ سېتىپ، كىشىلەرنى شۈكرى قىلىشقا، تائەت-ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان سوپى- ئىشانلارنىڭ سەپسەتىسىگە ئوخشاش قۇرۇق، قۇلاققا خوش ياقمايدىغان لاۋزا، ئادەم ئالدايدىغان ساختىلىق بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدىكى كاساتلىق ۋە بوھرانىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىتابخانلار مۇنداق ئاپتورلارنى «يالغانچى» شائىر دەپ مازاق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنىمۇ لاۋزا غىزانى تېتىپ بېقىپ تۆكۈۋەتكەندەك، تېتىپ بېقىپ ئەخلەت ساندۇقىنىڭ دۇنياسىغا قوشۇۋېتىدۇ.

كىتابخانلار 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىگە دائىر يېزىلغان، دۆۋىلەپ كەلسە، چوڭىمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال بىر خامان بولىدىغان «شېئىر» لارنى ئوقۇدى. بۇ «شېئىر» لارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئالغان ھوسۇلنى قويىدىغان كات، قاچىلايدىغان تاغار، بادالغۇ تاپالماي قالغانلىقى، كۆپەيگەن قوي-قوزا، ئات-كالا، توخۇ-توشقان، ئېشەك، قېچىرلارنى باغلايدىغان قوزۇق، قويىدىغان قوتان يېتىشتۈرەلمىگەنلىكى؛ ئۆي-ئارامىلار يېڭىلىنىپ، ئېسىل سەرەمجانلار بىلەن پەۋەس تۈشۈلۈپ كەتكەنلىكى، سەمرىپ قوۋۇرغىسىدىن ياغ ئېقىپ تۇرىدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىدەك ۋاھاكازا ئەھۋاللار يېزىلغان. بەزىلىرىدە ئۆز ۋاقتىدا يۇرتىدا باش تىققىدەك جاي تاپالماي ياقا يۇرتلارغا تېزىپ چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ رادىيو، گېزىتتىن يېڭى سىياسەتنىڭ روھىنى ئاڭلاپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى، كېلىپلا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلگەن زېمىننى تېرىپ، شۇ يىلىلا ئالغان مول ھوسۇلنى بېسىقتۇرالماي بېشى قېتىپ كەتكەنلىكى، دۆلەتكە سېتىپ بېرىپمۇ قۇتۇلالمىغانلىقى، ئېغىل-قوتانلىرىنىڭ مال-چارۋىلارغا تار كېلىپ قالغانلىقىدەك ئەھۋاللار يېزىلغان ۋە باشقىلار.

بۇنداق «شېئىر» لارنى ئوقۇغان كىشىلەر، جۈملىدىن شۇ «شېئىر» لارنىڭ ئوبيېكتى بولغان دېھقان كىتابخانلارنىڭ كۆڭلى ئېلىشماي قالمايدۇ. چۈنكى، بۇ شېئىرلاردا رېئاللىقتىن ئايرىلغان خام خىيال، قۇرۇق كۆپتۈرمىلەر يېزىلغان. بۇ يەردىكى گەپ دېھقانلارنىڭ ئەشۇ «شائىر» لار ئۆز «شېئىر» لىرىدا دېگىنىدەك مول ھوسۇل ئالغان-ئالالمىغانلىقى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئالغان ھوسۇلى، باققان

Altun Oq

جانىۋارلىرنى «قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى»، «سىغدۇرىدىغان ئورۇن قالمىدى»
دېگەنگە ئوخشاش پايدىسىز خام-خىيالنى رېئاللىقنىڭ ئورنىدا دەسسەتمەكچى
بولغانلىقىدا، بىز مۇشۇنداق گەپ يېزىلغان «شېئىر» لارنىڭ ھېچقاچان ھەقىقىي بە-
دىئىي شېئىرىيەت ئەسىرى بولالمايدىغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، «مال دۇنياسىنى قو-
يىدىغان جاي تاپالماي بېشى قېتىپ كەتتى» دېگەن مۇشۇ گەپنىلا ئالساق، بۇ
ئەمەلىيەتتە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئاڭلىغان دېھقانلارنىڭ ئۇغىسى قاينايدى-
غان ساختا گەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، يېزا دېگەن
چەكسىز زېمىن، شەھەرنىڭ ئادەمزاتلىرى ۋە سالق- ئامبارلىرىغا سىغمىغان بويۇم-
لىرىنىمۇ يېزىلارنىڭ ئىنتايىن كىچىك بىر بۇلۇڭى — پۈچقىقىغا بەمالال سىغدۇ-
رۇۋەتكىلى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىر دېھقان ئىشلەپچىقارغان بىر يىللىق مەھ-
سۇلاتنى قانداقمۇ سىغدۇرىدىغان جاي تاپالماي قالسۇن؟ تارىختا مۇشۇنداقمۇ ئىش
بولۇپ باققانمۇ؟ يېزا ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ماشىنىلىشىپ كەتكەن، تەرەققىي قىلغان
دۆلەتلەردىكى دېھقانلاردىمۇ مۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى تامامەن مۇمكىن ئەمەس.
تېخى ئۇلار بۇنى زورۇر مۇبالىغە دەۋالىدۇ، بىراق مۇبالىغىدىمۇ رېئاللىق
بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان، رېئاللىقتىن ئايرىلغان ۋە
ئۇنى بۇزۇپ كۆرسەتكەن مۇنداق ئورۇنسىز مۇبالىغە ۋە قۇرۇق خىياللار شېئىرىي-
يەت ئەسىرىنى چاكىنىلاشتۇرىدۇ، رېئاللىققا نىسبەتەن كىشىلەردە خاتا چۈشەنچە
پەيدا قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ نارازىلىقى ۋە قاغىشىنى قوزغايدۇ.

شېئىرلاردا يېزىلىدىغان تۇرمۇش، ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ھادىسە ساختا خى-
يال، يالغان گەپ ئەمەس، بەلكى، رېئاللىق بىلەن ئورگانىك باغلىنىشى بولغان
ھەقىقىي ئىش، ھەقىقىي ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ھەقىقىي خىيال، راست گەپ. زور
بىر تۈركۈم «شېئىر» لارنىڭ كىتابخانلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايۋاتقانلىقىدىكى
سەۋەبلەر خىلمۇ-خىل. ئەمما، مۇنداق شېئىرلاردا پۈتۈنلەي خام خىيال، يالغان
ۋە كۆپتۈرمە گەپلەر يېزىلغانلىقى ئەڭ تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى. يازماقچى بولغان
ھادىسىلەرنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا قوبۇل قىلغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن
ئەمەس، بەلكى، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ خىيالكەشلىك بىلەن توقۇپ چىققان قۇرۇق
خىياللىرىغا ئاساسەن تېپىپ چىقىش، قۇرۇق خىيالنى بىلىشنىڭ مەنبەسى قىلىۋېلىش، ئۆزىچە
خىيالى باغلىنىشلارنى ئىجات قىلىپ، ئۇنى ئوبيېكتىپ رېئاللىققا زورمۇ-زور تېڭىش،
رېئاللىقنى قۇرۇق خىيالنىڭ ئىچىگە تىقىپ قىزىقىشلارنىڭ ھەممىسى شېئىرىيەت
ئىجادىيىتىدىكى پايدىسىز خىيالپەرەسلىك مېتودى بولۇپ، ئۇ قانچىكى قۇرۇق
ۋە يالغان بولىدىكەن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىدۇ.
خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىدىن شۇنچە مەھرۇم بولىدۇ. ئوبيېكتىپ ئوبيېكت بى-
لەن زىچ باغلىنىدىغان ۋە ئۆتكەندىن ئابستراكسىيە قىلىپ چىقىرىلغان

ئىلمىي خىيال شائىردىن راستچىللىقنى، رېئاللىقتا يۈكسەك دەرىجىدە سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. رېئاللىق بىلەن باغلانمىشى بولمىغان ياكى ئەزەلدىن بار بولغان باغلىنىشلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ساختا باغلانمىش ياساپ چىققان قۇرۇق خىيال شائىردىن يالغانچىلىق قىلىشنى، رېئاللىقنى بۇزۇپ كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋاھالەنكى، كىشى يالغانچىلىقتا قانچىكى ئۇچ بولسا، راستچىللىقتا شۇنچە ھۆرمەت قىلىدۇ. خەلق تۇرمۇشى، ئىددىيە-ھېسسىياتى بىلەن ئەسلا كارى بولماي، نەدىكى «ئالما»، «ئايېزلاق»، «توقاي»، «ئاسمان»، نەدىكى «تاش»، «باھار»، بىر نەچچە «زەررىچە»، «ئىزنداق ياشايمەن»، مۇنداق لوگكام»، «قارا ياغاچ»، بىر نەچچە «يېڭى لاتىز»، «ياخشى كىشى»، «ۋاپادار» «ھىلال ئاي»، «شامال»، «تۈزلەڭ»، «بوران» «يامغۇر»... ۋاھاكازالار توغرىسىدا قىلىنىغان ھەر قانچە يازغان، دېيۋەتىدىغان گەپلەر؛ بىردەم ئاسماننىڭ قەھرىگە ئېلىپ چىقىپ، بىردەم تەھتى ئەسراغا ئېلىپ چۈشۈپ، بىردەم تىللاپ، بىردەم ماختاپ ئېيتىلىدىغان ياغلىما گەپلەر، تەھدىتنى گەپلەرمۇ كىشىلەرنىڭ كۆز نۇرىنى سەرپ قىلىپ قاراپ قويۇشقا ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، مۇنداق گەپلەرنىڭ ھەممىسىدە قۇرۇق خىيال ئاساس قىلىنغان.

بىرەر شېئىرىي ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش-چىقالماسلىقى، ئاساسەن، شائىر خىيالىنىڭ ھەقىقىي ياكى قۇرۇق خىيالنى ئاساس - قىلغان قىلمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شائىرنىڭ بەدىئىي بىلىشىنىڭ ئاساسى شائىر تۇيغۇسى بولسىمۇ، ئەمما تۇيغۇنىڭ پەيدا بولىشىدىمۇ مەلۇم نىسبەتتە شائىر خىيالى بولغان بولىدۇ. بەلكى تۇيغۇنى ھاۋادا ئۇچۇرىدىغىنىمۇ خىيالدۇر. خىيال ھەم ھېسسىي، ھەم ئەقلىيدۇر. ئۇ شائىرنىڭ ھېسسىي بىلىشى بولغان سەزگۈ، تۇيغۇ، تەسەۋۋۇرنىمۇ تەشكىللەيدۇ ھەمدە ئۇنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شائىر پىسخولوگىيىنىڭ پائالىيىتىنىڭ يۇقىرى شەكلى بولغان، ھادىسىلەر توغرىسىدا مۇقىملاشقان يىغىندىلىمەس ئۇقۇملارنى ھاسىل قىلالايدىغان ۋە ئۇنى بەدىئىي ئوبرازلارغا تەدبىقلىيالايدىغان ئوبرازلىق تەپەككۇرنىمۇ يېتىلدۈرۈپ چىقالايدۇ. ئۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇقەررەر سەۋەبى، شائىر ئالدىنىرۇا پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن قەۋەتلىرىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرغۇچى زەنجىر.

مول بىلىم ۋە ماھارەتكە، تەجرىبە ۋە ئىقتىدارغا ئىگە ھەقىقىي شائىرنىڭ رېئاللىقنى ئاساس قىلغان خىيالىدىكى كەڭلىك شائىرنى ئاھايىتى مول شېئىرىي باش تېما، شېئىرىي ئىددىيە، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە شېئىرىي يېڭى ئوبرازلار بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى، شېئىرىيەت تېخنىكىسى، شېئىرىيەت تىلى، شېئىرىيەت روھى ۋە ئېستېتىكىسى جەھەتلەردىمۇ غايەت زور پايدىلىق ئىمكانىيەت، خورىماس بەدىئىي دىت ۋە بەدىئىي كۈچ، - قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ. بىراق ئۇنى يېتىشتۇرۇش ئاددىي ئادەملەرنىڭ خەزىرىدىكىدەك ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس.

1986 - يىل دېكابىر ئۈرۈمچى .

# ئاخبارات سۈرىتى بىلەن بەدىئىي سۈرەتنىڭ پەرقى

مۇھەممەت تۇرسۇن

نۆۋەتتە، ئاخبارات سۈرىتى بىلەن بەدىئىي سۈرەتكە دائىر بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەردە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆز قاراش ۋە بەرگەن تەبىرلىرى بىر-بىرىدىن نىسبەتەن پەرقلىق بولماقتا. گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئاخبارات سۈرىتى ۋە بەدىئىي سۈرەتلەردىمۇ ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا. مەن بۇ ماقالامدا ئەشۇ ئىككى خىل سۈرەتكە دائىر بەزى بىر قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئاخبارات سۈرىتى — ئاخبارات ئامىلىغا ئىگە ۋەقەلەر يۈز بەرگەن نەق مەيداننىڭ ئوبرازلىق خاتىرىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق دەۋر ۋە كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاخبارات سۈرىتىنىڭ ئۆزىگە ئوبرازلىق، چىنلىق، ئاممىباپلىق ۋە تېزلىكتە كۆرۈلىدۇ... بەدىئىي سۈرەتتە بولسا، سۈرەت تارتىش قۇرالى ۋە تېخنىكىسى ۋاستە قىلىنىپ، ئوبراز يارىتىش ماھارىتى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ۋىجدانلىق ئىجادىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ... يۇقىرىدىكىلەردىن بىز ئىككى خىل سۈرەتكە ئائىت دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئېرىشەلەيمىز. لېكىن بۇ جەھەتتە بەزى يولداشلار: ئاخبارات سۈرەتلىرى ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە، يەنى ئۇ ھەم ئاخبارات خەۋەرلىرىگە ھەم بەدىئىي ئىجادىيەتكە تەۋە، بىر پارچە ئاخبارات سۈرىتى ئاخباراتلىق قىممىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا بەدىئىي سۈرەت بولۇپ قالىدۇ، دېسە، يەنە بەزى يولداشلار: ياخشى تارتىلغان بىر پارچە ئاخبارات سۈرىتىنى بەدىئىي سۈرەت ھېسابلاشقا بولىدۇ، دەيدۇ. يەنى بىر قىسىم يولداشلار بولسا، ئاخبارات سۈرىتى بىلەن بەدىئىي سۈرەت باغلىنىشلىق بولسىمۇ، يەنىلا بىر-بىرىگە پەرقلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ناھايىتى روشەنكى ئالدىنقى ئىككى خىل كۆز قاراشتا ئاخبارات سۈرىتى بىلەن بەدىئىي سۈرەتنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى پەرقىگە سەل قارىلىپ، ئوخشاش بولمىغان كاتېگورىيىدىكى ئىككى خىل ئۇقۇم ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مەسىلىگە بۇنداق قارالسا، ئاخبارات سۈرىتىنىڭ ئورنى ۋە رولى چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئاخبارات سۈرەتلىرىنى تارتقاندا، ئاخبارات سۈرىتىنىڭ

چىنلىقى پۈزغۈنچىلىقتا ئۆزگىرىدۇ. ئاخبارات سۈرىتى بىلەن بەدىئىي سۈرەت ئوخشاشلا سۈرەت تارتىش سەنئىتىگە تەئەللۇق بولسىمۇ لوگىكا جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتۇر. شۇنداق بولغاچقا ئاخبارات سۈرىتىمۇ، بەدىئىي سۈرەتمۇ سۈرەت تارتىش سەنئىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتى بويىچە «تاللاش» ئۆتكۈلىدىن ئۆتىدۇ ھەمدە ھەر ئىككىلىسى رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولغان ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سۈرەت تارتىش سەنئىتى بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق، تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ، بەلگىلىك ئىدىيىۋى ھېسسىياتۋە ئوي پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ، ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق تەرەپلەر. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەرگە كەلسەك، ئاخبارات سۈرىتى-ئاخبارات ئالاھىدىلىكىگە، ئاخبارات ئىدىيىۋىلىكىگە، ۋاقىت خاراكتېرىگە ھەم ئوبرازلاشتۇرۇلغان ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە، شۇڭا ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئادەم، ئىشلارنىڭ چىنلىقى، ئاخبارات قىممىتى بولىشى كېرەك. ئاخبارات سۈرىتى پەقەت ئۆزىنىڭ چىنلىقى، يېڭىلىقى ئارقىلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ ۋە تەسىرلەندۈرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە ئىشلارنى دەل ۋاقتىدا «خاتىرىلەپ»، جەمئىيەت ھەم خەلقنى يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىشىنى بەلگىلىگەن. جەمئىيەتتە ھەر كۈنى ساناپ تۈگەتكۈسىز يېڭى ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «خاتىرىلەپ» خەۋەر قىلىپ بولۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ھەم بۇنداق قىلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. شۇڭا شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى تاللىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە ئاخبارات قىممىتىنىڭ بار يوقلۇقىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك. ئاخبارات سۈرىتىنى تارتىشتا قاتلاممۇ-قاتلام زىيارەت قىلىپ، ئەھۋالنى پۇختا ئىگىلەش تولىمۇ مۇھىمدۇر. فوتوگراف بەلگىلىك يىپ ئۇچىغا ئاساسلىنىپ، نەخ مەيدانغا بېرىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، خەۋەر ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىش، راۋاجلىنىش جەريانىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاخباراتلىق قىممىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان ئىشلارنى تاللىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىر ۋە تۇيغۇسىمۇ ئەشۇ چىنلىقتىن كېلىدۇ. ئاخبارات سۈرىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۇنى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ۋە تارىخىي ھۆججەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بەدىئىي سۈرەتكە بولسا، سۈرەت تارتىش ۋاسىتىلىرى -فوتو ئاپپارات، فىلىمونكا ۋە نۇرنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئاساسىدا بەدىئىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدۇ. يەنى جەمئىيەتنىڭ كۆزەللىككە بولغان ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەت بويىچە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇكەممەل

بولغان بەدىئىي سۈرەتنىڭ مەزمۇنىنى ئوبيېكتىپ تۇرمۇشنىڭ ئېستېتىكىلىق خۇسۇسى-
يەتلىرى ھەممە سۇبيېكتىپ گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان بولىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ ماسلاشتۇ-
رۇلغان بىر پۈتۈن گەۋدە، دېيىلىدۇ. مانا بۇ بىزگە بەدىئىي سۈرەت ئىجادىيىتى-
دىكى تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئومۇملاشتۇرۇشتىمۇ چىنلىقتىن چەتنىمەسلىك
ئاساسىدا ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بەدىئىي سۈرەتتە فوتوگراف
شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى بويىچە تىپىكلەشتۈرۈپ، مۇئەييەن
تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك.

ئاخبارات سۈرىتى بىلەن بەدىئىي سۈرەتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى
ئۇلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپ نۇقتىدۇر. شۇ تۈپەيلىدىن
بۇ ئىككى خىل سۈرەتكە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھەم ياز-
ما چۈشەندۈرۈش جەھەتلەردىن ئوخشاشمىغان تەلەپلەر قويۇلىدۇ. ئاخبارات سۈرىتى
ھەقىقىي ۋەقە-پاكىتلارنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدا رېئاللىق ھەقى-
قىي، جانلىق، توغرا، ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئىنكاس قىلىنغان بولۇشى كې-
رەك. ئاخبارات سۈرىتى مۇشۇ تەلەپنىڭ دائىرىسىدىن چىقالىسا، ئاندىن ئۆزىدىكى
چىن ۋە جانلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ،
ئىشەندۈرەلەيدۇ. خەلقمۇ ئۇنى ھەقىقىي بولغان ۋەقە دەپ قارايدۇ. ئاخبارات سۈ-
رىتى كىشىلەرنى پەقەت مۇشۇنداق ئوي ۋە ھېسسىياتقا كەلتۈرەلىگەندىلا ئاندىن
ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش، تەربىيىلەش، يېتەكلەش، ئىلھام بېرىش رولىنى تو-
لۇق ئادا قىلالىغان بولىدۇ، شۇڭا چىنلىق ئۇنىڭ جېنىدۇر.

بەدىئىي سۈرەت بەدىئىي چىنلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك. بۇ ئۆزى
يارىتقان بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى قوزغىتىپ،
گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئارزۇسىغا ئىلھام بېرىشى لازىم. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ
تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىگە، كېلەچەك ۋە ئۆزىنىڭ بەخت سائادىتى ئۈ-
چۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشىغا مەنىۋى يار يۆلەك بولۇشى كېرەك. كى-
شىلەر بەدىئىي سۈرەتتىن مەنىۋى ئوزۇق ئالغاندا، كارتىنىدىكى بەدىئىي ئوبرازلار-
غا يۈزلەنگەن ئىددىيىۋى ھېسسىياتلاردىن ھالقىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئەسەردىكى
بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە كىرىپ، كونكرېت گۈزەللىك تەسىراتىغا ئېرى-
شىدۇ. لېكىن ئۇلار كارتىنىدىكى ئوبرازلارنىڭ روشەن ياكى روشەن ئەمەسلىكىنى،
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇننىڭ ھەقىقىي ھەم پاكىتلىق بولغان-بولمىغانلىقىنى سۈ-
رۈشتۈرمەيدۇ. شۇڭا فوتوگراف بەدىئىي سۈرەت ئىجادىيىتىدە تۇرمۇش چىنلىقىغا
سادىق بولغان ئاساستا، بەدىئىي سەنئەتنىڭ ھەممە ئىپادىلەش ۋاسىتىلى-
رىنى تولۇق ئىشقا سېلىش ئارقىلىق بەدىئىي تىپ يارىتىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قا-
رىشى، چۈشەنچىسى ۋە ئىستېتىكىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. (ئادەتتە بىر پار-
چە بەدىئىي سۈرەتتىن فوتوگرافنىڭ ئېستېتىك قارىشىنى، سەۋىيىسىنى، تاللاش،
ئومۇملاشتۇرۇش، ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ئومۇمىي مەلۇماتىنى ۋە تېخنىكىلىق ئىقتىد-

دارىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ) قىسقىسى ئۇ ۋاقىت ۋە ئورۇن ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغاچقا، فوتوگرافنىڭ پۈتكۈل بەدىئىي ماھارىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىنتايىن قۇلايلىقتۇر.

ئاخبارات سۈرىتى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇ، ۋاقىت ۋە ئورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا فوتوگراف ئۆزىنىڭ چاققانلىقى، تەپەككۇرنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە تايىنىپ، نەق مەيداندىكى شەيئى ۋە ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى «خاتىرىلەيدۇ»

يۇقىرىقى ئىككى خىل سۈرەت ھەر دائىم يازما چۈشەندۈرۈشتىن ئايرىلالمايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ يازما چۈشەندۈرۈشكە قويغان تەلىپى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئاخبارات سۈرەتلىرى سۈرەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كونكرېت مەزمۇن ۋە مەقسەت ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىزاھلىنىشى، يەنى ئاخباراتچىلىقتىكى بەش مۇھىم ئامىل تولۇق ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك. بەدىئىي سۈرەتتە بولسا، شەكىل بىلەن مەزمۇننى بىرلەشتۈرۈپ، ئابستراكت ماۋزۇ قويۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن قېلىپلاشقان، ناباپ، لاۋزا تېما قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئاخبارات سۈرەتلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاخباراتلىق قىممىتىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بەزى فوتوگرافلار بۇرۇن ئۆزى تارتقان ئاخبارات سۈرىتىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى مەۋھۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بەدىئىي سۈرەت ياساپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان سۈرەتنى بەدىئىي سۈرەت ھېسابلاشقا بولامدۇ؟ كىتابخانلارنىڭ ئۇنى قانداق چۈشىنىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەسلىدىكى پاكىت ۋە چىنلىقنى خاتىرىلەشتىن ئىبارەت مەزمۇن ئالاھىدىلىكىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ ھەممىدە كىشىلەر بۇنداق ئەسەرلەردىن زوقلانغاندا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۇنى ھەقىقىي ۋەقەنىڭ خاتىرىسى، دەپ قارايدۇ. ئاخبارات سۈرىتى ئاخبارات قىممىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنى قوغلىشىدۇ، دېگەنلىك ئۇنىڭدا بەدىئىيلىك كېرەك قىلىنمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مۇبادا بىرەر پارچە ئاخبارات سۈرىتى پەقەت ئادەتتىكى ئاخبارات ھادىسىلىرىنىڭ ئاددىي خاتىرىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا بەدىئىيلىك بولمىسا ۋە ياكى كەم بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى كۈچى بولمايدۇ. شۇڭا ئاخبارات سۈرىتىدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى تەكىتلىنىپلا قالماي، بەدىئىيلىكمۇ تەكىتلىنىدۇ. ئىقتىدارلىق فوتوگراف بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن كىشى ئوبرازلىق تەپەككۇرغا باي، سەزگۈرلىككە ئىگە، تاللاشقا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گۈزەل ئەخلاقىي-پەزىلەتكە، ئەستايىدىللىققا، مەلۇم بەدىئىي سەۋىيىگە، نەق مەيداننى كۆز ئالدىدىكىدەك خاتىرىلىيەلەيدىغان تېخنىكىلىق ماھارەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. پەقەت يۇقىرىقىلارنى فوتوگراف ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەندىلا، ئاندىن تارتقان سۈرەتلىرى تەبىئىي، چىن، جانلىق، تەسىرلىك بولۇپ چىقىدۇ.

# «سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى» ماركسىزمنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىككى باسقۇچى ھەققىدىكى تەلىماتىنىڭ راۋاجىدۇر

ئىسمائىل ئىمىن

كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا يېتىپ بېرىشنى ۋە سوتسىيالىزمنى قانداق باسقۇچلارغا ئايرىش توغرىسىدىكى مەسىلە، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. نەزەرىيە جەھەتتە ئۇ، ماركس، لېنىننىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىككى باسقۇچى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ۋە پارتىيەمىزنىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى»نى توغرا چۈشىنىشكە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە؛ ئەمەلىيەت جەھەتتە ئۇ، كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا يېتىپ بېرىش ئارىلىقىدىكى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ۋەزىپىلىرىنى قانداق بەلگىلەشكە بېرىپ چېتىلىدىغان مەسىلە. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا، ئىككى مەسىلە، يەنى ئۆتكۈنچى دەۋرنى قانداق چۈشىنىش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسى تۇرۇپتۇ. بەزىلەر ئۆتكۈنچى دەۋر دېمەك كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى — سوتسىيالىزم جەمئىيىتى دەۋرى، شۇنداق ئىكەن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ بولىدۇ، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر، ئۆتكۈنچى دەۋر سوتسىيالىزم جەمئىيىتى باسقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئۇ پەقەت كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈشتىكى باسقۇچىنىلا كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل سوتسىيالىزم جەمئىيىتى دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

«ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ سوتسىيالىزم كاپىتالىزمنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ، دېگەن تەسەۋۋۇرلىرى»غا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر

ۋە كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىككى باسقۇچى توغرىسىدىكى باياناتلىرىنىڭ ئەساسىي مەقسىتىگە ئاساسلانغاندا، كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا يېتىپ بېرىشنى بىر تەرەپتىن ئۇزۇنراق 3 باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ: يەنى كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا يېتىپ بارغىچە بولغان ئۆتكۈنچى دەۋر؛ كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى باسقۇچى؛ كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى - كوممۇنىزم جەمئىيىتى باسقۇچىدىن ئىبارەت. لېكىن جۇڭگودا كاپىتالىزمنىڭ تولۇق تەرەققىيات باسقۇچى بېسىپ ئۆتەلمەيلا سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىلغانلىقى، «سوتسىيالىزمنىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن تۆرەلگەنلىكى» دىن ئىبارەت ئەمەلىيەتكە ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئىپادىسى سۈپىتىدە يولداش جاۋزىياڭ 13-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويغان: «بىرىنچى جەمئىيىتىمىز، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت...... ئىككىنچى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز يەنىلا تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ»، «بۇ باسقۇچ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسى ئاساس سېلىنمىغان ئۆتكۈنچى دەۋردىنمۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش ئەمەلگە ئاشقان باسقۇچتىنمۇ پەرقلىنىدۇ.» دېگەن ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا، كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا يېتىپ بېرىشنى يەنە بىر تەرەپتىن مۇنداق باسقۇچلارغا ئايرىشقىمۇ بولىدۇ: يەنى كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا يېتىپ بارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆتكۈنچى دەۋر؛ كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى— سوتسىيالىزم جەمئىيىتى باسقۇچى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى؛ كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى— كوممۇنىزم جەمئىيىتى باسقۇچىدىن ئىبارەت.

ماركس، ئېنگېلس 1875-يىلى «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسەردە ئېنىق قىلىپ ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىككى باسقۇچى توغرىسىدىكى مەسىلىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆتكۈنچى دەۋرنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «كاپىتالىزم جەمئىيىتى بىلەن كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە ئايلىنىدىغان بىر ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش دەۋرى بولىدۇ. بۇ دەۋرگە مۇناسىپ سىياسىي جەھەتتىكى بىر ئۆتكۈنچى دەۋرمۇ بولىدۇ، بۇ دەۋردىكى دۆلەت پەقەت پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي دىكتاتۇرىسىدىنلا ئىبارەت.» («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 3-توم 21-بەت) بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى ئۆتكۈنچى دەۋر پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى دەۋرىدۇر. كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچى سوتسىيالىزم جەمئىيىتى باسقۇچى ھەققىدە ماركسنىڭ تەسەۋۋۇرى، ئۇ يەردە بىر خىللا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكلا مەۋجۇت بولۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش بولمايدۇ. سىنىپمۇ بولـ—

مايدۇ، ئەمما ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ماۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ماركس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كوللېكتىپتا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئورتاق ئىگىلەشنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئالماشتۇرمايدۇ؛ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىنغان ئەمگەك بۇ يەردە تاۋارنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئۇلار ئىگە بولغان مەلۇم خىل نەرسىنىڭ تەۋەلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىچە، شەخسىي ئەمگەك ئەگرى — بۈگرى يوللارنى باسمايلا بىۋاستە ھالدا ئومۇمىي ئەمگەكنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.» (يۇقىرىقى كىتاب 10—بەت) كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا كەلسەك، ماركس ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۆرسەتكەن، كونكرېت قىلىپ مۇنداق يازغان: «كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا كىشىلەرنى ئىش تەقسىماتىغا قۇللارچە بويسۇندۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئەھۋال يوقۇلۇپ، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارمۇ-قارشىلىقمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقالغاندىن كېيىن؛ ئەمگەك تىرىكچىلىك ۋاستىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى بولغاندىن كېيىن؛ شەخسلەرنىڭ ئەتراپلىق ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ ئۆسۈپ، كوللېكتىپ بايلىقنىڭ بارلىق مەنبەسى تولۇق راۋان بولغاندىن كېيىن، پەقەت مۇشۇ چاغدىلا، ئاندىن بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقنىڭ تار نەزەر دائىرىسىدىن تامامەن ھالقىپ چىققىلى بولىدۇ، جەمئىيەت ئاندىن ئۆز بايرىقىغا مۇنداق دەپ يېزىپ قويالايدۇ: ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش!» (يۇقىرىقى كىتاب 12—بەت)

لېنىن «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىدە ھەم ئۆزىنىڭ باشقا بىر قاتار ئەسەر، ماقالىلىرىدا ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىككى باسقۇچىغا قارىتا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ توختالدى لېكىن، ئۆتكۈنچى دەۋردە — كاپىتالىزمنىڭمۇ ھەم سوتسىيالىزمنىڭمۇ تەركىبلىرى ۋە ئامىللىرى بولىدۇ، ئۇنىڭدا سىنىپ ۋە سىنىپى كۈرەش يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، تېخى پرولېتارىيات دىكتاتۇرلىقىدىكى دۆلەتنىڭ بولۇشى شەرت؛ ھالبۇكى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەت ئىگىلىگەن بولۇپ، پەقەت بۇ خىل يېگانە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكلا مەۋجۇت بولىدۇ، سىنىپى زولۇمنىڭ قورالى بولغان سىياسىي دۆلەتنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، لېكىن دۆلەت يەنىلا پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ، چۈنكى يەنىلا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەڭسىزلىكتىن ئىبارەت «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىق» نى قوغداش كېرەك، بۇ چاغدىكى دۆ-

لەتنى «غەيرى سىياسىي دۆلەت» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ؛ كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باس-
قۇچىغا يېتىپ بارغاندا، 3چوڭ پەرق تۈگەپ، دۆلەت پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، كىـ
شىلەر پۈتۈن نېمەت بىلەن قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدۇ، ئېھتىياجىغا قاراپ تەقـ
سىم قىلىنىۋالىدۇ، دەپ قارىدى. لېنىن «ماركسىزم دۆلەت توغرىسىدا» دېگەن ماقا-
لىسىدا، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ 3 باس-
قۇچىنى بېشىدىن كۆچۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق ھالدا كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى» ئۇزاق
مۇددەت تولغاق ئازاۋىنى تارتىپ كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش»، ئىككىنچىـ
سى «كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى»، ئۈچىنچى «كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ
يۇقىرى باسقۇچى» دىن ئىبارەت. لېنىن «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىدە
ئېنىق قىلىپ، ئۆتكۈنچى دەۋرگە، كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى
(سوتسىيالىزم جەمئىيىتى) بىلەن ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى
بىلەن تەڭ ھالدا قاراپ، ئۇلارنى 3 بۆلەككە ئايرىپ بايان قىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزم
ھەقىقىيىتىنىڭ ئىككى باسقۇچىنى بايان قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ
ئۆزىنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق شەرھلىگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆتكۈن-
چى دەۋرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى— ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان سوتـ
سىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملىنىشتىن ئىلگىرى كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن بولسا
يەنىلا ئىككى خىل شەكىلدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.
يەنىلا كاپىتالىزمنىڭ قالدۇقلىرى، ھەتتا فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقلىرى مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئادەت كۈچلىرى ۋە پسىخىكىسى يەنىلا
ئېغىر ھالدا ساقلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تېخى ئانچىلا تەرەققىي قىلمىغان
بولىدۇ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش يەنىلا بولىدۇ، تەقسىمات جەھەتـ
تە «ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ» دېگەن تەقسىمات پرىنسىپى يۈرگۈزۈلىدۇ. كوممۇنىـ
زم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاسا-
سى ئالاھىدىلىكى بولسا: پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى جەمئىيەتنىڭ ئىلكىدە
بولىدۇ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش بولمايدۇ، سىنىپمۇ بولمايدۇ،
سىنىپى باستۇرۇش ماشىنىسى بولغان دۆلەت ئەندى زۆرۈر بولمايدۇ، لېكىن دۆلەت
پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇ يەنىلا كوممۇنىزملىق قۇرۇلۇشنى تەشكىللەش
«ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش» نى قوغداشتىن ئىبارەت قوش رولغا ئىگە بولى-
دۇ. كوممۇنىزم جەمئىيىتى يۇقىرى باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا: سىنىپ يوقى-

AltunOq

ئۇپلا قالماستىن بەلكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىغا قوللارچە بويسۇنۇشىمۇ تۈگەيدۇ، ئەمگەك تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ۋاستىسىلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىغا ئايلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ، مەھسۇلات ئىنتايىن مول بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ، شەخسىي ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى «ھەركىم ئېھتىياجىغا قاراپ» دېگەن پىرىنسىپ بويىچە بولىدۇ.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ماركس، ئېنگېلس بىرىنچىدىن غەربىي ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، نۇقتىلىق ھالدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن دەللىلەش ئاساسىدا بۇ ئۈچ باسقۇچنىڭ بولۇپمۇ سوتسىيالىزم باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئوتتۇرىغا قويغاندىمۇ، ئۇ «بىز پەقەت ئۆز دەۋرىمىزنىڭ شەرت-شارائىتلىرى ئاستىدىلا بىلىش بىلەن شۇغۇللىنالايمىز، بەلكى بۇ شەرت-شارائىتلار قانچىلىك دەرىجىگە يەتسە بىزنىڭ بىلىشىمىزمۇ، شۇنچىلىك دەرىجىگە يېتىدۇ.» (تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 419-بەت) دېگەن تەرىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنىڭدەك «ئۇلار سوتسىيالىزمنىڭ ئادىي قاندىقى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، كونكرېت مەسىلە ئۈستىدە تېخىمۇ كۆپ بىشارەت قىلىشنى خالىمىغان، ئۇنى سوتسىيالىزمنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن بىۋاستە ئۆتكۈزگەن كىشىلەردىن ئەمەلىي ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلغان.» (ئىلمىي سوتسىيالىزمغا دائىر قىسقىچە سوئال-جاۋاب» 53-بەت) دەسلەپكى چاغلاردا، لېنىنمۇ بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەمدە بۇ ئۈچ باسقۇچنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىتا ماركس، ئېنگېلسقا ئوخشاش قاراشتا بولغان. ئىككىنچىدىن ماركس، لېنىنلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا يېتىپ بېرىشنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ جەريانىنى، ئۇنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل قىلىشقا بىنائەن ئۆتكۈنچى دەۋر، كوممۇنىزم دېگەن ئۈچ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچقا بۆلگەن، ھالبۇكى، ماركس، لېنىن ئۇنى ئۆزى بەلگىلىگەنچە بۆلۈۋالغان ئەمەس.

لېكىن كېيىنچە، تارىخنىڭ تەرەققىياتىدا مۇرەككەپ ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. سوتسىيالىزم، ماركس، ئېنگېلسلار ئۆز تەسەۋۋۇرلىرىنى دەللىلەشتە پايدىلانغان، نەزەردە تۇتقان غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە ئەمەس بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتە تولىمۇ قالاق بولغان «ھەربىي فېئودال جاھانگىر» دۆلەت-روسىيەدە مەيدانغا كەلدى. ئەمەلىيەتنىڭ بۇنداق تەرەققىياتىغا ئاساسەن لېنىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ

خۇسۇسىيەتلىرىنى يېڭىباشتىن بايان قىلىپ: سوتسىيالىزمدا تاۋار، پۇل، سودا
ساقلىنىدۇ، سوتسىيالىزمدا ئىككى خىل مۈلۈكچىلىك شەكلى بولىدۇ، جاھانگىرلىك
باسقۇچىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىر قەدەر ئاـ
جىز دۆلەتلەردە ئاۋۋال غەلىبە قازىنىدۇ، كاپىتالىزم تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردە
ئاۋۋال ئىنقىلاب ۋاستىسى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ ئاندىن سوتسىيالىـ
زمغا كېرەكلىك بولغان شەرت شارائىتلارنى يارىتىشقا بولىدۇ، دەپ، ماركس ئېنـ
گېلسنىڭكىگە سەل ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، سوتسـ
ىيالىزمنىڭ، تەرەققىي تاپقان غەربىي ياۋروپا ئەللىرىگە ئوخشىمايلا قالماستىن بەلـ
كى روسىيەگىمۇ ئوخشىمايدىغان، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئۇدال جۇڭگودا مەيدانـ
غا كەلگەنلىكى، تارىخنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇرەككەپلىكنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.
ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، جۇڭگودەك ئارقىدا قالغان چوڭ شەرق مەملىـ
كىتىدە، سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بىر يېڭى مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقتى. جۇڭـ
گو كوممۇنىستلىرى «ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ سوتسىيالىزم كاپىتالىزمنىڭ
يۈكسەك تەرەققىياتى ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ، دېگەن تەسەۋۋۇرىدىنمۇ پەرقلىنىدىغان،
باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىدىنمۇ تامامەن ئوخشاپ كەتمەيدىغان يول بىلەن
سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلدى.» ئەمەلىيەتنىڭ بۇنداق تەرەققىياـ
تى ئۆز نۆۋىتىدە پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئىلمىي چۈشەنچىسىنى تېخىـ
مۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ راۋاجـ
لىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىز يېڭى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن
«جۇڭگوچە سوتسىيالىزم» دېگەن ئۇقۇمنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى، 13—قۇرۇلتايدا
بولسا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەھـ
لىل ئېلىپ بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلغان ھالدا «سوتسىيالىسـ
تىك جەمئىيىتىمىز يەنىلا تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا
قويدى. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بولسا: زامانىۋى يىـ
رىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەنئەنىۋى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش بىللە مەۋجۇت؛
تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ناتۇرال ئىگىلىك بىللە مەۋجۇت؛ تەرەققىي قىلغان جايلار بىـ
لەن تەرەققىي قىلمىغان جايلار بىللە مەۋجۇت؛ ئۆتكۈر پەن—تېخنىكا بىلەن زور مىقـ
داردىكى ساۋاتسىز بىللە مەۋجۇت؛ خەلق تۇرمۇشىدىكى ھاللىق بىلەن نامراتلىق
بىللە مەۋجۇت؛ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلـ
ماسلىقتەك كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى بىللە مەۋجۇت؛ ئىككى خىل ئومۇمىي مۈلۈكـ
چىلىك ئاساسىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى بىللە مەۋجۇت؛ يېتەكچى

ئورۇندا تۇرىدىغان ئانتاگونىزمسىز زىددىيەت بىلەن ئانتاگونىزملىق زىددىيەت بىللە مەۋجۇت؛ سوتسىيالىستىك يېتەكچى ئىدىيە بىلەن غەيرىي سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ، «بۇ ھال بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.» دېگەن يەنە بىر يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ماركسىزم، لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتى بىلەن جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماركسىزمنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىككى باسقۇچى ھەققىدىكى تەلىماتىنىڭ زور تەرەققىياتىدۇر.

بەزى يولداشلار، ئۆتكۈنچى دەۋر دېمەك سوتسىيالىزم جەمئىيىتى دەۋرى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ، ئەگەر ئۆتكۈنچى دەۋرنى كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ئۆتۈش دەپ قارىمىساقلا، ماركس، لېنىننىڭ ئەسلى مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكى يولداشلار ماركسنىڭ «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدىكى «كاپىتالىزم جەمئىيىتى بىلەن كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا» بىر ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ بولۇشى چوقۇم، دېگەن سۆزنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ، بۇ يەردە دېيىلگەن «كوممۇنىزم جەمئىيىتى» كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. دەيدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ باش — ئايىغىنى ئۆز ئارا باغلاپ قارايدىغان بولساق بۇ يەردىكى «كوممۇنىزم جەمئىيىتى» نىڭ ئەسلىدە نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ. ماركس ئۆتكۈنچى دەۋر دېگەن بۇ بىر ئابزاس سۆزنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن بىر مەسىلىنى يەنى، «كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە دۆلەت تۈزۈمىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ چاغدا، جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى زاماندۆلىتىنىڭ جىزنىگىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قايسى جۇزئىگى ساقلىنىپ قالىدۇ.» («دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» ئۇيغۇرچە نەشرى 141 — بەت) دېگەن مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماركس ئارقىدىنلا شۇ كىتابتا يەنە، ئېنىق تەقىلىپ، كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا دۆلەت ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولىدۇ، دۆلەت تۈزۈمى مەسىلىسى دېگەن نەرسە يەنە مەۋجۇت بولمايدۇ، دېگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ماركس بۇ يەردە ئالدىن ئۆزگىرىش كېيىن ئېيتقان «كوممۇنىزم جەمئىيىتى» روشەنكى كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى يەنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرگىز كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنى كۆرسەتمەيدۇ. «كوممۇنىزم جەمئىيىتى» دېگەن سۆزنى تۆۋەنى سوتسىيالىزم، يۇقىرىسى كوممۇنىزم، دەپ چۈشەنسەك ئۇ چاغدا، ئۆتكۈنچى دەۋر بىلەن سوتسىيالىزمنى ۋە ئۇلار بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى ئارىلاش-

تۈزۈۋېتىش كېلىپ چىقتىمۇ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ جەھەتتە ئاز زىيان تارتتۇقمۇ؟

ئۆتكۈنچى دەۋر دېمەك، سوتسىيالىستىك دەۋر دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان يولداشلار، ئۇلارنىڭ قارىشىچە لېنىننىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن لېنىننىڭ «ۋېنگىرىيە ئىشچىلىرىغا سالام» دېگەن ماقالىسىدىكى «پرولېتارىياتنىڭ مەقسىتى سوتسىيالىزم قۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ سىنىپچى بۆلۈنۈشىنى يوقىتىش، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇش...... بۇ بىر مەقسەتنى بىر يولىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا بېرىشتا خېلىلا ئۇزاق بولغان بىر ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ بولىشى زۆرۈر.» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرۇلۇشى كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنىڭ باشلىنىشى، شۇڭا لېنىن ئېيتقان كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش، كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ئۆتۈشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش، سوتسىيالىزم قۇرۇشنى كوممۇنىزمغا ئۆتۈش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك، لېنىن «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىدە جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنۈشىنى يوقىتىش، بارلىق كىشىنى كىشى ئېزىدىغان تۈزۈمنىڭ ئاساسىنى يىقىتىش كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان. شۇڭا ئۆتكۈنچى دەۋرنى سوتسىيالىزم دەۋرى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ ئېيتىش، لېنىننىڭ ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئويىنى خاتا چۈشەنگەنلىك بولىدۇ.

دۆلىتىمىزدە پرولېتارىياتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا يېتىپ بېرىشتا بېسىپ ئۆتىلىدىغان 3 ئوخشاش بولمىغان باسقۇچنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىكەنمىز ئۇ چاغدا نەزەرىيە جەھەتتە ماركس، لېنىن ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزم تەرەققىياتىنىڭ ئىككى باسقۇچى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدا بايان قىلغان ئەسلى مەقسىتىدىن چەتنەپ كېتىمىز، ئەمەلىيەت جەھەتتە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇيالماي ئوڭ ياكى «سول» خاتالىققا مۇپتىلا بولىمىز.

1987-يىل نويابىر قەشقەر

# جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى

نەجمىدىن تۇردى

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ھەقىقىي، توغرا، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن نەزەرىيىلا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن-مەدەنىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، 30نەچچە يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى ۋە خەلقئارادىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان بىر قاتار ستراتېگىيىلىك يول، يۆنىلىش، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولى، قەدەم باسقۇچى ۋە يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

13-قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ مۇھىم ھۆججىتى يولداش جاۋ زىياڭنىڭ مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن بەرگەن «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسايلى» دېگەن دوكلاتى بولۇپ، بۇ دوكلاتتا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە باشتىن-ئاخىر سىڭدۈرۈلۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئاساس قىلىنىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ھازىرقى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دۇچ كېلىۋاتقان بەزى چوڭ مەسىلىلەر ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق دەلىللەندى ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىلدى.

دوكلاتتا يولداش ماۋزېدۇڭ تەشەببۇس قىلغان ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى دەلىللەندى.

13-قۇرۇلتاينىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى پارتىيىمىزنىڭ سوتسى-



AltunOq

يالىزم توغرىسىدىكى تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىك تەرەپىدىن بەلگىلەنگەن: مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاللىقاچان ئورنىتىلدى، لېكىن سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز مۇكەممەل ئەمەس، يەنىلا تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ؛ مەملىكىتىمىزدە خېلى زور كۆلەمدىكى ئىقتىسادىي ماددىي ئاساس ھازىرلاندى، لېكىن تېخى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس؛ ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، لېكىن يەن مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان، خېلىلا قالاق؛ ماركسىزم ئىدېئولوگىيە جەھەتتە يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلىدى، لېكىن مەملىكىتىمىزدە فېئوداللىزمنىڭ ئىدىيىۋى قالدۇقلىرى ۋە كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت؛ مەملىكىتىمىزدە ئەمگەكچى دېھقانلار كۆپ، لېكىن ئاھالىنىڭ 800 مىليونى يېزىدا بولۇپ، ئۇلار ھېلىھەم ئاساسىي جەھەتتىن قول ئەمگىكى سايمانلىرى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەن؛ تەبىئىي بايلىقى مول، لېكىن ئىچىپ پايدىلىنىشتا پەرق بار. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دۆلەت ئەھۋالى مەملىكىتىمىزنىڭ تۆۋەنرەك سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىكەنلىكىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى.

جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھەقىقىي توغرا تونۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولى مەسىلىسىنى پەقەت 13-قۇرۇلتايلا ھەقىقىي تولۇق ئىلمىي ھەل قىلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1978-يىلىدىكى پارتىيىنىڭ 11-قۇرۇلتىيى 3-ئومۇمىي يىغىنىغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇش دېگۈدەك يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن مەملىكىتىمىزنىڭ قانداق تارىخىي شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە بۇ تارىخىي شارائىتتا قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلەشنىڭ لازىملىقى توغرا ھەل قىلىنمىدى.

1949-يىلى يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلغانلىقى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدىن سوتسىيالىستىك تارىخىي باسقۇچقا بۇرۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولغان ئىدى. 1956-يىلغا كەلگەندە مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ بولدى. 1956-يىلى چاقىرىلغان پارتىيىنىڭ 8-قۇرۇلتىيى: سوتسىيالىزم تۈزۈمى مەملىكىتىمىزدە ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىپ بولدى. مەملىكىتىمىزدە پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ھەل

بولدى. دېمەك، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا ئاساسىي زىددىيەت ئىلغار سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى، دەپ كۆرسەتتى. 1957-يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە «ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى كەڭ كۆلەملىك بوران-چاپقۇنلۇق ئاممىۋى خاراكتېرلىك سىنىپىي كۈرەش ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. بىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازات قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ بايانلىرى 8-قۇرۇلتاينىڭ شانلىق ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. پارتىيە بۇ باسقۇچتا بولغان توغرا تونۇش ۋە يېتەكچى فاڭجېنى بەلگىلەشتە ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان. شۇڭا دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى بىر قانچە يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ناھايىتى زور بولدى.

ئەپسۇسكى بۇ خىل ياخشى ۋەزىيەت ئۇزاققا بارماي، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە سولچىللىق ئىدىيە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، ۋەزىيەت خاتا مۆلچەرلىنىپ، «ھازىر سىنىپىي كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدا كىم—كىمنى يېڭىش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى» دېگەن بىر نەرسىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىلگىرىكى توغرا ئىدىيىلەر ئىنكار قىلىندى. 1957-يىلىغا كەلگەندە بەزىلەر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا ئېرىشكەن بەزى نەتىجىلەر بىلەن مەغرۇرلىنىپ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ ئاممىنىڭ قىزغىنلىقىغا تايىنىپ، ئاممىۋى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن «چوڭ سەكرەپ ئالغا بېسىش» ھەرىكىتى ۋە خەلق كوممۇنالىشىش ھەرىكىتى، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ قوغلىشىش، ئىشلەپچىقىرىشتا قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىشتەك «كوممۇنىزم شامىلى» نى ئاساسىي بەلگە قىلغان «سول» چىل خاتالىقلار ئارقا—ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى.

1958—يىلى 3-ئايدىكى مەركىزى كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ بېيدەيخېدا چاقىرىلغان يىغىنى «يېزىلاردا خەلق كوممۇنالىرىنى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» نى ماقۇللىدى. قارار‌دا «مەملىكىتىمىزدە كوممۇنىزمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۇزاققا بارمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى، بىز خەلق كوممۇنىسىدىن ئىبارەت ئاكتىپ شەكىلدىن پايدىلىنىپ، كوممۇنىزمغا ئۆتۈشنىڭ يولىنى ھازىرلىشىمىز كېرەك، خەلق كوممۇنىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىنى تېز بولغاندا ئۈچ—تۆت يىل، كېچىككەندە تۆت—بەش يىلدا ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بولغىلى بولىدۇ» دەپ

كۆرسەتتى. مانا شۇنداق ئۇسۇللار سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپلا قالماستىن بەلكى سوتسىيالىزم بىلەن كوممۇنىزمنىڭ پەرقىنىمۇ ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئارقىدىنلا ئاساسىي ۋەزىپىگە قارىتا خاتا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلۇپ، «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا» قىلىندى. «سىنىپىي كۈرەشنى ھەر يىلى سۆزلەش، ھەر ئايدا سۆزلەش، ھەر كۈنى سۆزلەش» دېگەنلەر پارتىيىنىڭ پۈتكۈل سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى قىلىپ قويۇلدى، بۇ خىل نەزەرىيە ئاخىرقى ھېسابتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش» نەزەرىيىسى سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىپ مۇتلەقلەشتۈرۈپ، «سول» چىل خاتالىقنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان، سوتسىيالىزمغا يات بولغان نەرسىلەر سوتسىيالىزمنىڭ پرىنسىپلىرى قىلىپ قويۇلدى. سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، تاۋارلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان نەرسىلەر «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش» دەپ قارىلىپ، قارشى تۇرۇلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويدى.

1978-يىلىدىكى پارتىيىنىڭ 11-قۇرۇلتاي 3-ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشنى، سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش ۋە «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش» دېگەن شوئارلارغا خاتىمە بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى، خەلق تۇرمۇشى پەيدىنپەي ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم ئۆز سۆزلىرىدە «سوتسىيالىزم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كاپىتالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەۋزەللىكىنى يارىتىشتىن ئىبارەت»، «نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس»، «سوتسىيالىزم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش دېمەكتۇر» دېگەندەك قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەتكە، يۈكسەك مەنىۋىي مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. شۇ ئارقىلىق پارتىيىمىز جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان بىر قاتار ستراتېگىيىلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقتىن 1978-يىلىدىن 1986-يىلىغىچە بولغان ئارىلىق-

تا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. مۇشۇ ۋە يىللاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پارتىيىنىڭ 13—قۇرۇلتىيى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاساسىي لۇشيەن بولسا: «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» بۇ ئاساسىي لۇشيەننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۆزلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تەرەققىيات. بۇ ئاساسىي لۇشيەن ھازىرقى باسقۇچتا پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك يول، يۆنىلىش، سىياسەتلىرىنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا بىزنىڭ 13—قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىزنىڭ ئاچقۇچى. بۇ ئاساسىي لۇشيەن بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي نەزەرىيەت، تارىخىي ۋەزىپە، ئاساسىي تەلەپلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىشىمىزدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

31— قۇرۇلتاي ئىلمىي ئىقتىسادنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ۋەزىپە، تەلەپلەرنى ھەم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار ۋە يېتەكچى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇرۇلتاي ئىسلاھاتنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىغا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى، ئىسلاھاتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكىنى، مۇرەككەپلىكى، جاپالىق ئىكەنلىكىنى تولۇق مۆلچەرلەشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى باشقا قۇرۇلتايلىرىدا كەم كۆرۈلگەن ھادىسە.

يىغىپ ئېيتقاندا پارتىيىمىزنىڭ 13—قۇرۇلتىيى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرغان قۇرۇلتاي، جۇڭگونىڭ ھازىرقى تارىخىي شارائىتىنى ئېنىق تونۇپ جۇڭگونىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن قۇرۇلتاي بولدى، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك «13-قۇرۇلتاي ئىسلاھات قۇرۇلتىيى، ئېچىۋېتىش قۇرۇلتىيى» بولدى.

بىز قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، بۇ لۇشيەننى بويلاپ، ئالغا باسىدىغانلا بولساق چوقۇم كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

# غەربىي تۈرك خاقانلىقى

(603 — 755)

تۇرغۇن ئالماس

## 1. تۇن يابغۇ خاقان

مىلادىنىڭ 576 - يىلى تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى چوڭ خاقانغا ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان ئىستەمى خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئورنىغا بىلگە تاردۇ تەيىنلەنگەن ئىدى. بىلگە تاردۇ خاقان 24 يىل (مىلادىنىڭ 576 - يىلىدىن 600 - يىلىغىچە) سەلتەنەت سۈرگەن چاغدا، موقان خاقاننىڭ ئوغلى ئاپا خاقان ئۇنىڭ بىلەن بىللە 17 يىل (مىلادىنىڭ 576 - يىلىدىن 593 - يىلىغىچە) ئورتاق غەربىي خاقانى بولغان ئىدى. ئاپا خاقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىنال خاقان 7 يىل (مىلادىنىڭ 593 - يىلىدىن 600 - يىلىغىچە) بىلگە تاردۇ خاقاننىڭ يېنىدا ئورتاق غەربىي خاقانى بولغان ئىدى. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مىلادىنىڭ 600 - يىلى تۈرك خاقانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي خاقانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەندە، بىلگە تاردۇ خاقان ئۆزىنى چوڭ خاقان ئاتاپ مەيدانغا چىقتى. ئۇ مىلادىنىڭ 603 - يىلى چوڭ خاقان ساۋارلۇنىڭ ئوغلى كىمىن تۇرى خاقان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۈرك خاقانلىقى رەسمىي ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي تۈرك خاقانلىقىغا ئاپا خاقاننىڭ بالىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. غەربىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى ئاپا خاقاندىن كېيىن غەربىي تۈرك خاقانلىقىغا ئۇنىڭ ئوغلى ئىنال خاقان (593 - 600) ئۇنىڭ ئوغلى چۇلو خاقان (600 - 611) قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەر ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا شەرقىي تۈرك خاقانى سۋارخان غەربىي تۈرك خاقانى چۇلو خاقاننى ئۆلتۈردى.

غەربىي تۈرك خاقانلىقى، چۇلو خاقاننىڭ تاغىسى شېخۇي خاقان (611 - 618) ئۇنىڭ ئوغلى تۇن يابغۇ خاقاننىڭ ۋاقتىدا (619 - 630) ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان ئىدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقىي شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ جەنۇبىي ئامۇ دەرياسى بىلەن ئىرانغىچە، شەرقىي بارسكول (بارىكول) دىن



AltunOq

تارتىپ غەربتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە تۇتاشقان ئىدى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى شىخوي خاقانىنىڭ ۋاقتىدا (611 - 618) تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدىكى بۇرۇنقى دۈشمەنلىك تۈگەپ دوستلۇق ئورنىدى. ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھەنشاھى خىسراۋ پەرۋىز II (589 - 628) غەربىي تۈركلەر بىلەن ئورناتقان دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 609 - يىلىدىن 619 - يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە، مىسىر، يەمەن، پەلەستىن، رودوس، ئوسكۇدار (كىچىك ئاسىيادا) نى شەرقىي رومانىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. ئىران قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈشلىرى، ساسانىلار سۇلالىسىغا قارشى ھالەتتە تۇرغان ئەرەبلەرنى ناھايىتى قاتتىق ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. شەرقىي روما ئىمپېرىيەسىنىڭ نۇرغۇن تېرىتورىيەسىنى ئىرانغا تارتقۇزۇپ قويغان ئىمپېراتور ھېراكلى I (610 - 641) تۈركلەر بىلەن بولغان بۇرۇنقى دوستلۇقنى ھالىغا كەلتۈرۈۋالدى.

تون يابغۇ خاقان، تۈركلەر تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ خاقان موقان خاندىن زادى قېلىشمايدىغان ئەقىللىق، تەدبىرلىك، باتۇر، ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە تاكتىكىسىغا ماھىر خاقان ئىدى. ئۇ تۈركلەر بىلەن شەرقىي روما ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ پايتەختىنى يۇلدۇزدىن تالاس دەرياسىنىڭ بويىدىكى مىڭ بۇلاققا يۆتكىدى. تون يابغۇ خاقان مىلادىنىڭ 624 - يىلى شەرق تەرەپتىن (خۇراسان تەرەپتىن) ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ خۇراساندا ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، تېھران ۋە ئىسپاھاندىنى ئالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئىراننىڭ پايتەختى كتېسفون (باغداد) قا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، روما ئىمپېراتورى ھېراكلى I (مىلادىنىڭ 610 - يىلىدىن 641 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) غەرب تەرەپتىن (سۈرىيە تەرەپتىن) ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ چاغدا، غەربىي تۈرك خاقانلىقىغا قارايدىغان خازار خاقانلىقىنىڭ خاقانى ئۇباچا خاقان قوماندانلىقىدىكى قىرىق مىڭ كىشىلىك خازار قوشۇنلىرى ئەزەربەيجان تەرەپتىن (جەنۇبىي كاۋكاز تەرەپتىن) ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. تۈرك ۋە شەرقىي روما قوشۇنلىرى ئىراننىڭ پايتەختى كتېسفون (باغداد) نى ئالدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەھۋالنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن خىسراۋ II نى تەختتىن چۈشۈرۈپ قوباد II نى تەختكە چىقاردى. تون يابغۇ خاقان ئىراندىن تارتىۋالغان خۇراسانغا ئەلتەبىر، تۇدۇن قاتارلىق ئۇنۋاندىكى تۈرك بەگلىرىنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھېراكلى بولسا بۇرۇن ئىرانغا تارتقۇزۇپ قويغان يەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، شەرقىي رومانىڭ شان ۋە شەرىپىنى كۆككە كۆتەردى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرى-

خان ئىران ھەر جەھەتتىن ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال، ئەرەبلەرنىڭ ئىراننى ئاسانلا بېسىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان ئىدى.

تون ياببغۇ خاقان مىلادىنىڭ 624 - يىلى (بەزى مەلۇماتتا، 628 - يىلى) ئىرانغا قىلغان غەلىبىلىك يۈرۈشىدىن شۆھرەت ۋە تەنتەنە بىلەن مىڭ بۇلاققا قايتىپ كەلدى. تون ياببغۇ خاقان مىلادىنىڭ 630 - يىلىغىچە تاردو خاقاننىڭ كىچىك ئوغلى باغاتۇر سىبىر خاقان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە، ئىستەمى ئەۋلادلىرىنىڭ تومەن خاقان ئوغۇللىرىدىن خاقانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشى ئىدى. لېكىن تون ياببغۇ خاقاننىڭ چوڭ ئوغلى سى ياببغۇ خاقان باغاتۇر سىبىر خاقاننى مەغلۇپ قىلىپ غەربىي تۈركلەرگە خاقان بولدى. تون ياببغۇ خاقاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن غەربىي تۈركلەردە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاپەتلىك يالقۇنلىرى لاۋۇلداشقا باشلىدى. سى ياببغۇ خاقان مىلادىنىڭ 633 - يىلى ئۇلۇغ شاد (ئاپا خاننىڭ كىچىك ئوغلى-ئا) نىڭ چوڭ ئوغلى باغاشا تولۇ خاقان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، قاڭلىغا قېچىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي مىلادىنىڭ 634 - يىلى باغاشا تولۇ خاقان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆكىسى ئىشبارا تېرىش تۇڭگا خاقان (634 - 639) تۈركلەرنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرىنى ئىككى چوڭ تارماققا بۆلدى. ھەر بىر تارماقتا بەشتىن قەبىلە بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىر تارمىقى بەش نۇشبى دەپ ئاتىلاتتى. بۇلار چۇ دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسى ئارىسىدىكى يەرلەردە ياشايتتى. ئىشبارا تېرىش تۇڭگا خاقان بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلۇغ ئەركىن ئۇنۋانىدا بىردىن خاقان تەيىنلىدى. يەنە بىر بەش تۇلىس دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەر ئىلى دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ياشايتتى، تۈركەشلەر مانا شۇ بەش تۇلىس قەبىلىلىرىنىڭ تەركىبىدە ئىدى. بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلۇغ چور ئۇنۋانىدا بىردىن خان تەيىنلىدى. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، بەش نۇشبى قەبىلىلىرى ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدە، بەش تۇلىس قەبىلىلىرى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدە ياشايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئون ئوق قەبىلە» دەپ ئاتىلاتتى.

## 2. شۈەنجۇاڭنىڭ غەربىي تۈركلەر توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى

جۇڭگونىڭ مەشھۇر سەيياھى ۋە بۇددىست راھىبى شۈەنجۇاڭ (مىلادىنىڭ 596 - يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىنىڭ 664 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) بۇددىزمنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 627 - يىلى ھىندىستانغا سەپەر قىلغان. ئۇ كەڭسۇ (گەنسۇ) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق يول يۈرۈپ مىلادىنىڭ 628 - يىلى غەربىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ پايتەختى توقماققا بارغان ۋە ئۇ يەردە غەربىي تۈرك خاقانى تون ياب-

غۇ خاقان (619 - 630) نىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان. بۇ ۋەقەدىن تەسىرلەنگەن شۈەنجۇاڭ ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە غەربىي تۈركلەر توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلارنى بەرگەن.

ئۇنىڭ غەربىي تۈرك خاقانلىقىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى مۇنداق: ئۇ توقماق شەھىرىگە كەلگەندە، ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋاتقان تون يابغۇ خاقاننى كۆرگەن. خاقان ئەسىل يېشىل يىپەكتىن چاپان كىيگەن، ئۇ بېشىغا چىچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان شايى قىيىقچە ئورىغان. خاقانغا ھەمرا بولۇپ ئوۋغا بارغان ئىككى يۈزچە تۈرك بەگلىرىمۇ ئەسىل شايى - يىپەكتىن تون كىيىشكەن ئىكەن. ئۇلار نەيزە ۋە قالقان بىلەن قوراللانغان. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كۆك تۈرك جەڭچىلىرى ئېگىشكەن. چاپچىپ، كىشنەپ تۇرغان ئاتلارغا مىنگەن كۆك تۈرك جەڭچىلىرى، شۇنچىلىك كۆپ ئىكەنكى ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىپ بولمايدىكەن.

خاقان جۇڭگولۇق راھىب بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنى كۈتۈشكە تۈرك بەگلىرىدىن بىرىنى تەيىنلىگەن. تۈرك بېگى جۇڭگولۇق مېھماننى چوڭ بىر چېدىردا كۈتكەن. خاقان ئۈچ كۈندىن كېيىن شۈەنجۇاڭنى ئوردىسىغا چاقىرتقان.

شۈەنجۇاڭنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، خاقان ئوردىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ۋە ئالتۇندىن ياسالغان. ئوردىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ جۇلادىپ چاقناپ تۇرۇشى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋەتكەن. تەختىدە ئولتۇرغان خاقاننىڭ كەينىدە قاتار تۇرۇشقان مۇھاپىزەتچىلەر ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن. يەرگە سېلىنغان گىلەملەر ئۈستىدە ئولتۇرغان تۈرك بەگلىرى ئۈستىگە زەر باسقان شايىدىن تون كىيىشكەن، خاقان شۈەنجۇاڭنى يۈكسەك بىر ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشكەن.

ھەل شۇچاغدا، جۇڭگودىن كەلگەن ئەلچىلەر خاقان ئوردىسىغا كىرىپ كېلىشكەن. جۇڭگودىن كەلگەن ئەلچىلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى تاڭ تەيزۇڭ (لى شىمىننىڭ) تون يابغۇ خاقانغا يازغان مەكتۇپى ۋە سوغا سالاملىرىنى تەقدىم قىلغان. «يىلنامە» نىڭ 192 - جىلدىدىكى، تەيزۇڭنىڭ جىنگۇەن ئىككىنچى يىلى (مىلادىنىڭ 628-يىلىدا)دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ خاقان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى تاڭ تەيزۇڭ (مىلادىنىڭ 627 - يىلىدىن 650 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) غا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئارقىلىق تاڭ پادىشاھىنىڭ مەلىكە قىزلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، گۆھەردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن كەمەر ۋە بەش مىڭ ئات ئەۋەتكەن. شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى يوق قىلىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان تاڭ تەيزۇڭ شەرقىي تۈركلەرنى يىتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي تۈرك

خاقانى تون يابغۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مىلادىنىڭ 628 - يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ خاقانى تون يابغۇنىڭ ئالدىغا ئەلچىلەر ئەۋەتكەن ئىدى. شۈەنجاڭنى تون يابغۇ خاقان قوبۇل قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە خاقان ئوردىسىغا كىرىپ كەلگەن جۇڭگو ئەلچىلىرى، تون يابغۇ خاقاننىڭ قۇدىلىشىش توغرىسىدا جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىكىگە جاۋابەن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئىدى.

مانا شۇ جۇڭگو ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىدىن بىرىنى تون يابغۇ خاقانغا ياتلىق قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، تون يابغۇ خاقاننىڭ 630 - يىلى باغاتۇر سىفى خاقان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بولغۇسى توينى يوققا چىقارغان.

شۈەنجاڭنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، شۇ كۈنى تون يابغۇ خاقان جۇڭگولۇق مېھمانلارغا زىياپەت بەرگەن. تۈرك چالغۇچىلىرى ساز چېلىشقان، ئالتۇن، كۈمۈش قەدەھلەردە شاراپلار ئىچىلگەن، كېيىن تاماق كەلتۈرۈلگەن. قوي گۆشىنى يېمەيدىغان شۈەنجاڭ، قايماق، تاتلىق بال يېگەن، تاماقتىن كېيىن يەنە شاراپ ئىچىلگەن.

شۈەنجاڭ تۈركلەرنىڭ مېھمان دوستلۇقىدىن ھاياجانغا كەلگەن. زىياپەتتىن كېيىن تون يابغۇ خاقان بۇددىست راھىبنى تۈركلەر يۇرتىدا تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندىگەن. خاقان ھىندىستانغا بېرىش ئىرادىسىدىن يانمىغان بۇددىست راھىبنى يولغا سالىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا بىر نەچچە قۇر كىيىم - كېچەك، نۇرغۇن كۈمۈش پۇل بېرىپ، خەنزۇچە، ھىندىچە بىلىدىغان تۈرك تەرجىمانلارنى قوشۇپ، بىر تۈرك بېگىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىندىستانغا ئۇزىتىپ قويغان.

شۈەنجاڭ توقماقتىن تۆت يۈز يول يىراقلىقتىكى «مىڭ بۇلاق» شەھىرىگە كەلگەن. بۇ ياپ-يېشىل ئورمانلار ئارىسىدىكى گۈزەل شەھەر بولۇپ تون يابغۇ خاقاننىڭ يازلىق قارارگاھى ئىدى. خاقان يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە، ھاۋاسى سالقىن مىڭ بۇلاقتا كېلىپ دەم ئالاتتى. شۈەنجاڭنىڭ خاتىرىسىگە كۆرە «تۈرك خاقانىنىڭ (غەربىي تۈرك خاقانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ- ئا) ھەر يىلى كېلىپ دەم ئالىدىغان سالقىن قارارگاھىنىڭ ئەتراپىدا بۇغىلار توپ - توپ بولۇپ يۈرىشىدىكەن. ئۇلارغا چىرايلىق زىننەتلەنگەن قوڭغۇراقلار ئېسىلغان. بۇغىلار ئادەملەرگە كۆنۈپ قالغانلىقىدىن ئادەملەردىن ھۈركۈپ قېچىپ كەتمەيدىكەن. خاقان بۇغىلارنى ئەتىۋارلاپ، قەدىرلەش توغرىسىدا قول ئاستىدىكىلەرگە يارلىق چۈشۈرگەن، يارلىقتا كىمدە - كىم بۇغىلارنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان بولسا ئۇنداق كىشىنىڭ زادى كەچۈرۈلمەستىن دەرھال ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. شۇڭا بۇغىلار توپ - توپ بولۇپ ئۆلگىچە بىخارامان - ئامانى خۇدا ياشايدىكەن.»①

شۈەنجاڭ تۈرك بېگىنىڭ باشلامچىلىقىدا يول يۈرۈپ ئافغانىستانغا كەلگەندە، تون يابغۇ خاقاننىڭ چوڭ ئوغلى تاردۇشادنىڭ ھۆرمەت بىلەن دوستانە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. شۇ چاغدا تاردوشاد ئافغانىستاننىڭ باش ۋالىيسى ئىدى. شۈەنجاڭ، تاردوشاد بىلەن قۇندۇز شەھىرىدە ئۇچراشقان. شۇ كۈنلەردە تاردوشاد ئاغرىقچان بولۇپ، داۋالىنىۋاتقان بولسىمۇ، يىراق جۇڭگودىن كەلگەن مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى ياخشى كۈتكەن.

## 3. غەربىي تۈرك خاقانلىقى ۋە جۇڭگو

تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ مىلادىنىڭ 630 - يىلى شەرقىي تۈرك خاقانى قارا خاننى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شەرق ۋە غەربتىكى قوشنىلىرىغا قارشى جىددىي ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىدى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ ۋەزىرى ۋېيجىڭ مۇنداق سىتراتېگىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «جۇڭگو ئامانى - خىزدا خاتىرجەم ياشىماقچى بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى يات دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇشى لازىم.»②

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مىلادىنىڭ 630 - يىلى تون يابغۇ خاقان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن غەربىي تۈرك خاقانلىقىدا ئىچكى ئۇرۇش ئۇدا بىر نەچچە يىل داۋام قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئۆزىگە ناھايىتى پايدىلىق بولغان مانا شۇنداق شارائىتتىن پايدىلىنىپ غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىشقا بەل باغلىدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ جۇڭگونى غەرب ئەللىرى بىلەن ئالاقە قىلدۇرمىغانلىقىدىنلا ئەنسىرەپ قالماستىن ئەڭ مۇھىمى تۈرك خاقانلىقىنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنەتلىك دەۋرىدىكى شان-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرق تۈرك خاقانلىقىنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىدىنمۇ ئىگىلەپ ئېلىپ ناھايىتى قۇدرەتلىك تۈرك خاقانلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشىدىن بەكمۇ قورقاتتى. دېگەندەك غەربىي تۈرك خاقانلىرىدا ئەنە شۇنداق مەقسەت بار ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولغان غەربىي تۈرك خاقانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرىنچى قەدەمدە غەربىي تۈركلەردىن: تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسىنى، ئىككىنچى قەدەمدە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى تارتىۋالماقچى بولدى. تاڭ سۇلالىسى بۇنداق چوڭ ۋە قىيىن ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈنۈملۈك



Altunoq

تەدبىرى» دېگەن سىتراتېگىيىسىنى قوللاندى. لى شىمىن مىلادىنىڭ 630 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنى تارمار قىلغاندا، ئەسىرگە چۈشكەن يۈز مىڭ تۈركنىڭ ئىچىدىن ئەسكەرلىككە يارايدىغانلاردىن قوشۇن تەشكىل قىلدى. بۇ ئىشنى تاڭ سۇلالىسىغا جان دىل بىلەن خىزمەت قىلغان تۈرك بەگزادىسى ئاسىنا تۇر ئارقىلىق ئورۇندىدى. يەنە بىر تەرەپتىن توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى چىبىنلەرنىڭ بەگزادىسى چىبىنى ئالىپ ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىنمۇ قوشۇن تەشكىل قىلىندى. ئۆز خەلقىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئاسىناتور ۋە چىبىنى ئالىپ قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

ئاسىناتور، شەرقىي تۈرك خاقانى چۇلوك خاقان (619 - 621) نىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ، كۈرشادنىڭ ئاكىسى ئىدى. ئاسىناتور مىلادىنىڭ 636 - يىلى تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولغاندىن تارتىپ مىلادىنىڭ 655 - يىلىغىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىگەن. چىبىنى ئالىپ بولسا مىلادىنىڭ 632 - يىلى ئۆز قەبىلىسىدىن بىر نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 676-يىلىغىچە تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئەرزىگۈدەك خىزمەتلەرنى قىلدى.

مىلادىنىڭ 640 - يىلى خۇجۇنجى قوماندانلىقىدىكى تاڭ قوشۇنلىرى (بۇ قوشۇننىڭ كۆپچىلىكى تۈرك بىلەن ئۇيغۇر — ئا) تۇرپان خانلىقى (460 - 640) نى ئالدى. بۇ چاغدا غەربىي تۈرك خاقانى ئىمقىتۇلۇ خاقان (638 - 653) نىڭ بەشبالىقتىكى يابغۇسى تۇرپان خانلىقىغا ياردەم بېرىپ تاڭ قوشۇنلىرىغا قارشى چىقىش ئورنىغا خىرجۇن جىڭگە تەسلىم بولدى. مىلادىنىڭ 644 - يىلى تاڭ قوشۇنلىرى قاراشەھەرنى ئالدى. مىلادىنىڭ 648 - يىلى تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ (ئاساسەن تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان) باش قوماندانى ئاسىناتور يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كۇچار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كۇچار، قەشقەر، خوتەن خانلىقلىرىنى ئالدى. نەتىجىدە تارىم ۋادىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ قولىدىن كەتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭتەيزۇڭ (لى شىمىن) مىلادىنىڭ 640 - يىلىدىن باشلاپ غەربىي تۈركلەرنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تېررىتورىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان چاغدىن ئۆزىدىلا شەرقتىكى قوشنىسى چاۋشيەنگىمۇ يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلانغان.

بۇ چاغدا، ھازىرقى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى قۇرغان ئۈچ دۆلەت بار ئىدى. بۇ دۆلەتلەردىن گاۋجۇلى ھازىرقى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئوتتۇرا قىسمىغا، شىنلو بولسا چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىغا، بەيجى بولسا شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئىدى. گاۋجۇلى، شىنلو، بەيجى قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ئۆز ئارا تىركىشىپ تۇراتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ نېمىقىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان چاۋشيەن خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانى چەنگەي سۇۋېن مىلادىنىڭ 643 - يىلىدىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىغا قارىتا «قاتتىق سىياسەت قوللىنىپ ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سۈيىقەستىنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنلو خانلىقىنى تېزگىنلەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن، شىنلو خانلىقى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان بەيجى خانلىقىغا يېقىنلاشقان. ھەتتا يىراق مۇڭغۇلىيە رايونىدىكى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇشقا جەلپ قىلغان.»③

يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، مىلادىنىڭ 644 - يىلى چاۋشيەن ئەلچىلىرى تاشقى مۇڭغۇلىيىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسىغا قارشى فرونتقا تارتقان. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلغاندا، چاۋشيەن ئەلچىلىرى 644 - يىلى مۇڭغۇلىيىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقان بولسىمۇ، شۇ چاغدا، تومىد ئۇلۇغ ئەلتەبىرنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار سۈرتاردۇش خاقانلىقى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان چاغ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي ئۇيغۇرلار بولسۇن، سۈر تاردۇشلا بولسۇن، چاۋشەن خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ئۈنۈملۈك ھالدا ياردەم بەرگەنمۇ، ياكى بېرەلمىگەنمۇ، بۇ تازا ئېنىق ئەمەس. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي قەھرىمان چاۋشيەن خەلقى تاڭ سۇلالىسىنى (مىلادىنىڭ 644 - يىلىدىن 648 - يىلىغىچە) ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان.

ئۇيغۇر — ئورخون خاقانى بايان خاننىڭ مىلادىنىڭ 660 - يىلى تاڭ سۇلالىسىغا ماسلىشىپ، 50 مىڭ ئاتلىق ئۇيغۇر قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ چاۋشيەننىڭ پىگىراڭ شەھىرىگىچە بارغانلىقىغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى چاۋشيەنگە ھۇجۇم قىلىشتا، شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن پايدىلانغان. مىلادىنىڭ 651 - يىلى غەربىي تۈرك خاقانلىرىدىن ئۇلۇغ ئىشپارا خاقان — ئاسىنا ئالىپ (658 - 651) ئىبى شىخوي خاقانىنى مەغلۇپ قىلىپ غەربىي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئاشىنا ئالىپ مىلادىنىڭ 652 - يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ خەلقئارا سودا يولىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان بەش بالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدا) نى ئىگىلىۋالدى.

بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر — ئورخون خاقانلىقىنىڭ خاقانى بايان خاننىڭ ئەللىك مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن قىلغان ياردىمىنى ئاساس قىلىپ تاڭ سەركەردىسى لىياڭ جەنفاڭ قوماندانلىقىدىكى يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئەۋەتىپ ئاسىنا ئالىپ دىن بەش بالىقنى تارتىۋالدى. مانا مۇشۇ ئۇرۇشتا بايان خان ئۆزى قاتناشتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئا-

سىنا ئالىپ مىلادىنىڭ 657 قوشۇن تارتىپ كېلىپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلارنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىدى شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن تۈرك خاقانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدا، ئۇيغۇر خاقانى بايان خان ئەللىك مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، تاڭ قوشۇنى سەركەردىسى سۇدىڭ فاڭ قوماندانلىقىدىكى ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇنغا ماسلىشىپ، بورتالا دەرياسىنىڭ بويىدا ئاسىنا ئالىپ قوماندانلىقىدىكى يۈز مىڭ كىشىلىك تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئاسىنا ئالىپ مەغلۇب بولىدۇ. ئۇ بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربكە چېكىنىدۇ. بايانخان شاۋسىيە بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ ھازىرقى تاشكەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىيش دېگەن شەھەرگىچە باردى. شەھەرنىڭ بېگى ئىنال تارقان ئاسىنا ئالىپنى يالغاندىن قارشى ئالغان بولۇپ ئالدىغا چىقتى ۋە زىياپەت بېرىپ، شەھەرگە باشلاپ كىردى. خاقان شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئىنال تارقان ئۇنى بايان خانغا تۇتۇپ بەردى.

تاڭ سۇلالىسى 630 - يىلى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 640 - يىلىدىن باشلاپ 650 - يىلىغىچە غەربىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ تەركىبىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلىرىنى ئالدى. تاڭ سۇلالىسى 651 - يىلىدىن باشلاپ غەربىي تۈرك خاقانى ئاسىنا ئالىپقا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزۈپ 657 - يىلى غەربىي تۈركلەرنى مەغلۇب قىلدى. تاڭ سۇلالىسى تۈركلەر ئۈستىدىن قازانغان بىر قاتار غەلىبىلىرى ئاساسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا (شىنجاڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۆز مەمۇرىيىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ھەر خىل نامدىكى مەھكىمىلەرنى قۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە غەربىي تۈرك خاقانلىقى تېرىتورىيىسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزەلمىدى. بۇنىڭغا تىبەت خانلىقى (629 - 846)، مىلادىنىڭ 682 - يىلى قايتىدىن قۇرۇلغان شەرقىي تۈرك خاقانلىقى (قۇتلۇق ئىلتىرىش خاقانلىقى)، مىلادىنىڭ 651 - يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېيىلىپ كىرىشكە باشلىغان ئەرەبلەر يول قويمىدى. مىلادىنىڭ 670 - يىلى تىبەتلىكلەر قاراشەھەر، كۇچار، قەشقەر، خوتەننى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. مىلادىنىڭ 692 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قارا شەھەر، كۇچار، قەشقەر، خوتەننى تىبەتلىك قولىدىن تارتىۋالغان بولسىمۇ ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىۋالغان تىبەت خانلىقى مىلادىنىڭ 720 - يىللىرىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىنى تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۈزۈلمەي سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

مىلادىنىڭ 750 - يىللىرى كەلگەندە تارىم ۋادىسى ئورخون - ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 750 - يىلى قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا ئەرەبلەر بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش يۈزىسىدىن ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا سالىم ئىبنى زىيار قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋشەنزى قوماندانلىقىدىكى 60 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى. گاۋشەنزى ئاران ئۈچ مىڭ ئەسكىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. تالاس ئۇرۇشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسى تەسىرىنى سۇپۇرۇپ تاشلىدى.

مىلادىنىڭ 657 - يىلى غەربىي تۈركلەر تاڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئاسىنا ئالىپ ئەسىر چۈشتى، لېكىن غەربىي تۈركلەر كۆرۈنۈشىدىلا تاڭنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تەن ئالغان بولسىمۇ، ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

## 4. سۇلۇخان

غەربىي تۈركلەرنىڭ مەشھۇر خاقانى ئۇلۇغ ئىشپارا خاقان (ئاسىنا ئالىپ) مىلادىنىڭ 659 - يىلى چاڭئەندە (ھازىرقى شىئەندە) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىدى مىلادىنىڭ 634 - يىلى چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتكەن شەرقىي تۈرك خاقانى قارا خاننىڭ قەۋرىسى يېنىغا دەپنە قىلىندى. غەربىي تۈركلەرگە ئاسىنا ئالىپ (阿史那賀魯) دىن كېيىن چىنچۇ يابغۇ خاقان (653 — 659)، ئىچىنى تۇرچى خاقان (659 — 679)، ئىچىنى كۆرفورچور خاقان (679 - 682) ئىچىنى تويچا خاقان (682 — 700) قاتارلىق تۆت خاقان ھۆكۈمران بولدى.

مىلادىنىڭ 700 - يىلىغا كەلگەندە غەربىي تۈرك خاقانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى تۈركلەرنىڭ ئاسىنا جەمەتىدىن غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان تۈرگەشلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. غەربىي تۈرك خاقانى ئىچىنى تۈيچا خاقان (682 — 700) زالىم خاقان ئىدى. ئۇنىڭ دەھشەتلىك جازالاشلىرى ئەل ئىچىدە قاتتىق نارازىلىق تۇغدۇردى. شۇ چاغدا، باغا تارقان مەنسىپىدىكى ئۇچىلى (تۈرگەش قەبىلىسىدىن) خەلقنىڭ ئىچىنى تۈيچا خاقانغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۈرگەشلەردىن ئۇچىلى خاقان (700-706) سوگى خاقانلار (706 - 711) غەربىي تۈركلەرگە خاقان بولدى. بۇ ئىككى خاقاننىڭ ۋاقتىدا (700 - 711) شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى، مىلادىنىڭ 706 - يىلى ئۇچىلى خاقان ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سوگى خاقان بولدى. مىلادىنىڭ 709 - يىلى سوگى خاقان بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى غىنۇ ئارىسىدا جاڭجال چىقتى. غىنۇ شەرقىي تۈرك خاقانى قاپاغان خاقان (692 - 716) نىڭ قېشىغا قېچىپ كېلىپ سوگى خاقاننى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. قاپاغان خاقان كول تېكىن قوماندانلىقىدا سوگى خاقاننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ماڭدۇردى. كول تېكىن مىلادىنىڭ 711-يىلى سوگى خاقاننى تارمار قىلدى ۋە ئۇنى ئەسىر ئالدى.

سۇكى خاقاندىن كېيىن غەربىي تۈركلەرگە تۈرگەشلەردىن سۇلۇخان خاقان بول-
دى. ئۇ ناھايىتى باتۇر، ئۇرۇشقاق، تىنىمسىز، بەكمۇ غەيرەتلىك خاقان ئىدى. سۇ-
لۇخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 711 - يىلىدىن 738 - يىلىغىچە خاقان بولغان) شەر-
قىي تۈركلەرمۇ، تاڭ سۇلالىسىمۇ، تىبەت خانلىقىمۇ غەربىي تۈركلەر بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەتتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئىدى. سۇلۇخان شەرقىي تۈرك بىكەسى،
تىبەت ۋە تاڭ مەلىكىلىرىگە ئۆيلەنگەن ئىدى. سۇلۇخان ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ
ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى غەربىي تۈركلەرنىڭ
قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن سۇلۇخان بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇش-
لارنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشتىن بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشى
ھەققىدە بىر ئاز چۈشەنچە بېرىش لازىم.

ھەممىگە ئايان بولغاندەك دۇنيادىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇ-
ھەممەت ئەلەيھىسسالام (مىلادىنىڭ 570 - يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىنىڭ 632-يىلى ئالەم-
دىن ئۆتكەن) ئىسلام دىنىنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىپ، مىلادىنىڭ 630 - يىلىغا
كەلگەندە پۈتۈن ئەرەبلەرنى مۇسۇلمان قىلدى. بۇ دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى چوڭ
ۋەقە ئىدى. پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 632 - يىلى 63 يېشىدا ۋا-
پات بولدى. ئەرەبلەرنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ھەزرىتى ئابابەكرىنىڭ ۋاقتىدا (مىلا-
دىنىڭ 632 - يىلىدىن 634 - يىلىغىچە خەلىپە بولغان) ئىسلام دىنى ئەرەبىستان
يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۇزۇل - كېسىل ئومۇملاشتى. ھەزرىتى ئۆمەر-
نىڭ ئون يىللىق خەلىپىلىكى ۋاقتىدا (644 — 634) دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە
بولغان ئۇلۇغ ئەرەب مۇسۇلمان ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ
ئەقلى - پاراسىتى، غەيرىتى، ئۇنۇملۇك تەدبىرلىرى نەتىجىسىدە، ئەرەبلەر شەرقىي
روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پەلەستىن، ئىئوردانىيە، لوبنان، سۈرىيە، مىسىر قاتارلىق ئەڭ
مەشھۇر ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالدى.

مىلادىنىڭ 637 - يىلى سەئىت ئىبنى ئەبۇۋاققاس قوماندانلىقىدىكى ئەرەب
قوشۇنلىرى قاراشەھەر ئۇرۇشىدا ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. مىلادىنىڭ 638 -
يىلى ئەرەبلەر ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كىتفون (باغداد) نى ئالدى.
مىلادىنىڭ 642 - يىلى ئەرەبلەر نېھاۋەندى ئۇرۇشىدا، ئىران قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي
يوقاتتى. ئەرەبلەر تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئاجىزلىشىپ قالغان ئىراننى
ئاسانلا بويسۇندۇرۇۋالدى. نېھاۋەندى ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىران خەرىتىدىن ئۆچۈرۈل-
دى. مىلادىنىڭ 644 - يىلى ئىران شەھەنشاھى يەزدىگىر III مەرۋىگە قېچىپ كېلىپ

AltunOq

غەربىي تۈرك خاقانى ئەنى تولوخانغا سېغىندى. لېكىن ئىچكى ئۇرۇشلار بىلەن ئا-ۋارە بولۇپ قالغان غەربىي تۈركلەر يەزدىگىر III گە ياردەم بېرىپ ئەرەبلەرنى ئىراندىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئامال تاپالمىدى.

ھەزرىتى ئۆمەردىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان خەلىپىلىك قىلغان چاغدا (644-656) لىۋىيە، شەرقىي ئاناتول، جەنۇبىي كاۋكاز قاتارلىق جايلار بېسىۋېلىندى. مىلا-دىنىڭ 648 - يىلىدىن باشلاپ ئەرەب خەلىپىلىكىدە ئىچكى جاڭجاللار باشلاندى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ بەش يىللىق خىلاپىتىدە (656 - 661) ئىچكى جاڭجاللار تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. مىلادىنىڭ 661 - يىلى خەلىپىلىك ھوقۇقى ئۇمەۋىيلەردىن بولغان ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ئەرەب ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكى ۋاقتىدا، (661 - 750) ئەرەبلەر شىمالىي ئاف-رىقانى، ياۋروپادىكى لىبېرىيە يېرىم ئارىلىنى (ئىسپانىيە قاتارلىق جايلار)، شەرقتە ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، خارەزمى، سىند ۋە بەلوجىستاننى بېسىۋالدى. شۇ مەزگىلدە، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى مىلادىنىڭ 661 - يىلى-دىن باشلانغان بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 711 - يىلىغىچە، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە ياردەم قىلىپ، ئەرەبلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى نە-تىجىسىدە، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇزۇن - كېيىن بويسۇندۇرالمىغان ئىدى. شەرقىي تۈركلەرنىڭ قەھرىمانى كول تېكىننىڭ مىلادىنىڭ 707 - يىل ۋە مىلادىنىڭ 711 - يىل ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن تارتىپ كېلىپ، قوتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەن ئىككى قېتىم ئۇرۇشقانلىقىنى ئەسكە ئېلىش كېرەك. 704 - يىلىدىن 715 - يىلىغىچە ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىنىڭ خوراسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان باش ۋالىسى ۋە باش قوماندانى قوتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسى ئوبلاستلىرىنى مىلا-دىنىڭ 712 - يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. شۇندىن باشلاپ ئىسلام دىنىي ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى. خەلىپە ۋەلىد I (705 - 715) خەلىپە سۇلايمان (715 - 717) نىڭ ۋاقتىدا، ئوتتۇرا ئا-سىيانىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن سەمەرقەند، بۇخارانى ئاماس قىلغان مۇھىم جاي-لىرى ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، غەربىي تۈرك خاقانى سولوخان مىلادىنىڭ 711 - يىلىدىن 738 - يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە ھامىيلىق قىلىپ، ئەرەبلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. سولوخاقاننىڭ ئەرەبلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدىن ئىككى قېتىملىق ئۇ-رۇشنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك.

ئەرەبلەرنىڭ سىلىق سىياسىتىدىن نارازى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار، ئۆز

مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن غەربىي تۈرك خاقانى سولوخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەرەبلەرگە قارشى كەسكىن كورەشلەرنى ئېلىپ باردى. مىلادىنىڭ 728 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سولوخان باشچىلىقىدىكى بىرلەشكەن كوچلىرى ئەرەب قوشۇنلىرىنى ناھايىتى كۆپ جايلاردىن قوغلاپ چىقاردى. پەقەت سەمەرقەند قاتارلىق جايلار ئەرەبلەر قولىدا قالدى. لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەرەبلەر قولدىن كەتكەن جايلارنى يەنە بېسىۋالدى. شۇنداق بولسىمۇ كورەش توختىمىدى.

مىلادىنىڭ 737 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى كورىشى ناھايىتى كەسكىن ۋە كەڭ كۆلەمدە بولدى. مىلادىنىڭ 728 - يىلىدىكى ئۇرۇش كېيىش ئەتراپىدا بولغان بولسا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش خوتتالىيان (ھازىرقى تاجىكىستاندا) يېنىدا بولدى. شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەرەب قوشۇنلىرىغا خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە ئىككىنچى قېتىم باش ۋالى (نائىپ) بولغان ئەسەد ئىبنى ئابدۇللا يېتەكچىلىك قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بىرلەشكەن كوچلىرىگە سولوخان يېتەكچىلىك قىلدى. سولوخان يېتەكچىلىكىدىكى قوشۇندا، تۈرگەشلەر، قارلوقلار ۋە سوغدى، تاشكەنت، خوتتالىيانىڭ خانلىرى باشچىلىقىدىكى تۈركلەر بار ئىدى. باشتا سولوخان ئۈستۈن كەلدى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا ئەرەبلەر غالىپ كەلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشتا غەربىي تۈرك خاقانى سولوخاننىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ئەرەبلەرنىڭ تارىخچىلىرى سولوخاننى «ئۇسۇگەك» «سوقۇشقاق» دەپ يېزىشقان ئىدى.

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى بويسۇندۇرۇپ مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان (مىلادىنىڭ 651 - يىلىدىن 751 - يىلىغىچە توپ-توغرا يۈز يىل) ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئەرەبلەرنىڭ غالىپ كېلىشىگە، ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىكى ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارقاق تۇرۇپ ئىتتىپاقسىزلىقى سەۋەب بولدى. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كەلگەندە، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىمۇ، غەربىي تۈرك خاقانلىقىمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا قالغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقسىزلىقى، تاشقى جەھەتتىن ئالغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەر ئىچىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسىرلەر بويى توختىماي ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركلەرمۇ، غەربىي تۈركلەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەرەبلەرنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جىددىي ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا كۈچ چىقىرالمىدى.

مىلادىنىڭ 738 - يىلى سولوخاننىڭ ۋەزىرى باغاتارقان ئىسيان كۆتۈرۈپ سولوخاننى ئۆلتۈردى. سولوخاندىن كېيىن غەربىي تۈركلەرگە توقسىن خاقان (738-739) باغاتارقان خاقان (739 - 742) ئىل ئىتمىش قۇتلۇق بىلگە خاقان (742 — 753) تەڭرى بولمىش خاقان (753 - 766) قاتارلىق تۆت كىشى خاقان بولدى.

## 5. خۇلاسە

ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقى مىلادىنىڭ 552 - يىلىدىن 742 - يىلىغىچە (193 يىل) ھۆكۈم سۈردى. دۇنيا تارىخىدا بولۇپمۇ ئاسىيا تارىخىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر قالدۇرغان كۆك تۈرك خاقانلىقى موڭغۇلىيىدىكى قارا قورۇمنىڭ شىمالىدىن ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆتۈكەننى پايتەخت قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «كۆك تۈرك» («ئىلاھى تۈرك») دەپ ئاتىدى. كۆك تۈرك خاقانلىقىنى تۈركلەرنىڭ ئاسىنا ئۇرۇقى قۇرغان ئىدى. بۇ خۇددى، ئۇيغۇر — ئورخۇن خاقانلىقىنى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ياغلاقار قەبىلىسى قۇرغانغا ئوخشاش بىر تارىخىي ۋەقە ئىدى. ئاسىنا ئۇرۇقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خانلىرى، ئاپا بەگ، ئىل نىساتۇر، نۇر تۈرك، ئاسىنا بىلگەسار، ئۇلۇغ يابغۇ قاتارلىقلار ئىدى. بۇ خانلار ئىچىدىن ئۇلۇغ يابغۇنىڭ مىلادىنىڭ 535 - يىلى تۈركلەرنىڭ خانى ئىكەنلىكى تارىختا مەلۇم.

كۆك تۈرك خاقانلىقىنى ئۇلۇغ يابغۇنىڭ ئوغۇللىرى، ئاكا - ئۇكا تۈمەن خان بىلەن ئىستەمى خانلار قۇرغان ئىدى. بۇ، ئۇلۇغ سالجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى (1040-1157) سالجۇق بەگنىڭ نەۋرىلىرىدىن چاغرى بەگ بىلەن تۇغرۇلبەگلەر قۇرغانغا ئوخشايدۇ.

كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ 193 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (تۈپ - تۇغرا ئىككى ئەسىر) دەۋرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ 50 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ 50 يىل (مىلادىنىڭ 552 - يىلىدىن 600 - يىللىرىغىچە) كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ئاجايىپ سەلتەنەتلىك دەۋرى ئىدى. شۇ چاغدا كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە ساخالىن ئارىلىدىن تارتىپ غەربتە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە، شىمالدا بايكۆل (بايقال) بالقاش، ئارال كۆللىرىدىن تارتىپ جەنۇبتا ئىرانغىچە سوزۇلغان ئىدى. ئافغانىستان، كەشمىر، تىبەت، كەڭسۇ (گەنسۇ) مۇ خاقانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىدى. مانا شۇنداق ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنى ئاكا - ئۇكا تۈمەن خان بىلەن ئىستەمى خانلار قۇرغان بولسا، تۈرك خاقانلىقىنى تۈركلەرنىڭ ئاتىلاسى موقان خاقان (554 - 574) ئەڭ قۇدرەتلىك باسقۇچقا يەتكۈزگەن.

كۆك تۈرك تارىخىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، مىلادىنىڭ 600 - يىللىرى تۈرك خاقانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن تارتىپ باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكىچە بولغان 140 يىلنى (مىلادىنىڭ 600 - يىللىرىدىن 740 - يىلىغىچە) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقىي تۈركلەر مانا شۇ 140 يىل ئىچىدە

50 يىل قاراملىقتا ياشىدى. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، تاڭ سۇلالىسى مىلادىيەنىڭ 630 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن شەرقىي تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان قىسمى (يۈز مىڭ تۈرك تەسلىم بولغان ئىدى) مىلادىيەنىڭ 680 - يىللىرىغىچە تاڭ سۇلالىسىغا بېقىنغان خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان ئىدى. لېكىن تۈركلەر ئۇنداق خانلارنى تونۇمىدى. مىلادىيەنىڭ 682 - يىلى قۇتلۇق ئاتلىق تۈرك بەگزادىسى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈردى. مانا شۇ قۇتلۇق ئىلتېرىش ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرى (مىلادىيەنىڭ 682 - يىلىدىن 745 - يىلىغىچە) كۆك تۈرك تارىخىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچ 63 يىل داۋام قىلدى. غەربىي تۈرك خاقانلىقى مىلادىيەنىڭ 640 - يىللىرىدىن تارتىپ مىلادىيەنىڭ 658 - يىلىغىچە بولغان 18 يىل ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمىدىن ئايرىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، غەربىي تۈرك خاقانلىقى مىلادىيەنىڭ 600 - يىللىرىدىن تارتىپ مىلادىيەنىڭ 742 - يىلىغىچە مۇستەقىل ياشىدى.

نېمە ئۈچۈن تۈركلەر تاڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىدى؟ تۈركلەر مەغلۇبىيىتىنىڭ بىر قانچە سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب، تۈركلەرنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى ئىدى. ئەگەر بىر پۈتۈن كۆك تۈرك خاقانلىقى بۆلۈنمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ناتايىن ئىدى. جۇڭگو خانلىرىنىڭ (مەيلى سۈي سۇلالىسى مەيلى تاڭ سۇلالىسى خانلىرى بولسۇن) تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىشتا، ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشتىن كۆرە، تۈركلەرنى بۆلۈپ، بىر-بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئاجىزلىتىشقا، تۈركلەرنىڭ قولى بىلەن تۈركلەرنى يوقىتىشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ باش قاتۇرغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. بۇ توغرىدا، سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى جاڭسۇن شىڭنىڭ تۈركلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن مىلادىيەنىڭ 582 - يىلى سۈي ۋېندىغا كۆرسەتكەن تەدبىرىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك.

تۈركلەر بىلەن تاڭ ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، قارىسىغا ھۆكۈم چىقىرىش قىلچە توغرا بولمايدۇ. گاھىدا، تۈركلەر سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو تېررىتورىيەسىگە بېسىپ كىرىپ خەلققە ئېغىر بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن ۋەقەلەرمۇ كۆپ بولغان. مانا بۇنداق ئۇرۇشلارنى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى دېيىش كېرەك. گاھىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ، تۈركلەر تېررىتورىيەسىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇلارغا زەربە بېرىشنىلا كۆزلىمەي، تۈركلەرنىڭ تېررىتورىيەسىنى بېسىپ ئېلىشنى كۆزلىگەن ۋەقەلەرمۇ ئاز بولمىغان. مانا بۇنداق ئۇرۇشلارنى ئادالەتلىك ئۇرۇش دېگىلى بولامدۇ؟

قەدىمكى چاغلاردا، بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىرى بەزىدە ئىلاجىسىزلىقتىن تۇرالۇق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ، قارشى تەرەپ بىلەن ئۆز ئارا «ئىناقلىق»، «دوستلۇق» ئورنىتالىغىنى سەممىيەت ئاساسىدا تۇرۇلغان دېيىش ئەخمەقلىق بولىدۇ. بۇنىڭدا بىرلا مىسالنى كەلتۈرۈش يېتەرلىك. بىز باشتا ئېيتقانىدەك، مىلادىنىڭ 697 - يىلى شەرقىي تۈرك خاقانى قاپاغان خاقان (716 - 692) تاڭ سۇلالىسىنىڭ قىرالىچىسى (ئايال پادىشاھى) ئۇزېتيەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، جوڭگوغا ئەل بولۇپ كەتكەن بىر نەچچە مىڭ ئائىلە تۈركلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ۋە قىرىق مىڭ كۈرە ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، ئەللىك مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن، ئۈچ مىڭ دانە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، قىرىق مىڭ جىڭ تۆمۈر بېرىشنى ④تەلەپ قىلغان. ئۇزېتيەن، قاپاغان خاقاننىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، بۇ مۇئامىلىدە سەممىيەت بولمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قاپاغان خاقان مىلادىنىڭ 698 يىلى ئۇزېتيەنگە يوللىغان مەكتۇپىدا «بىرىنچى، ماڭا ئەۋەتىلگەن ئۇرۇقلۇق قورۇۋېتىلگەن، يەرگە تېرىغاندىن كېيىن بىر تالمۇ ئۈنمىدى. ئىككىنچى، ئەۋەتىلگەن ئالتۇن ۋە كۈمۈش سايمانلار جا ئىكەن... ئۈچىنچى، ئەۋەتىلگەن تاۋار - دۇردۇنلارنىڭ ھەممىسى قوپال، ناچار ئىكەن. تۆتىنچى،... ماڭا ياتلىق قىلىنىدىغان ئۇ جەمەتتىن بولغان مەلىكە قىز، مېنىڭ لايىقىم ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئۈستىمىزگە قوشۇن تارتىپ بارىمەن.» ⑤ دېگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتتا قارىغاندا، ئۇزېتيەندە سەممىيەت بولمىغان. قاپاغان خانغا ياتلىق قىلىنىدىغان مەلىكە قىز، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ لى فامىلىلىك خان جەمەتىدىن بولماي، ئۇ فامىلىلىكلەر جەمەتىدىن بولغان.

## تۈركلەرنىڭ دۆلەت تەشكىلى

### 1. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمى

تۈركلەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا، ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەجدادلىرى ئورناتقان دۆلەت تەشكىل - تۈزۈمىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت تەشكىلىنىڭ خېلى مۇكەممەل بولغان مەمۇرىي ۋە ھەربىي تۈزۈمىنى ئورناتقان.

تۈركلەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا: بەگلەر قۇرۇلتىيى ۋە خاقان(可汗) خاتون(可贺敦—敦)، يابغۇ(叶护)، شاد(设)، تېگىن(特勤)، تودون(吐屯) ئۇلۇغ ئەركىن(大俟斤)، ئۇلۇغ چور(大啜)، ئۇلۇغ ئىلتەبىر(大俟利发) تارقان قاتارلىق ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان.


AltunOq

## بەگلەر قۇرۇلتىيى

تۈركلەردە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران خاقان بولسىمۇ، ئۇ، بەگلەر كېڭىشى (بەگلەر قۇرۇلتىيى) نىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە، دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان جىددى ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالمايتتى. ئىچكى جەھەتتىن ئالغاندا خاقان سايلاش، قوشۇننىڭ باش قوماندانلىقىغا يابغۇ ياكى تېكىنلەردىن بىرەرسىنى تەيىنلەش، تۈركلەرنىڭ ناھايىتى چوڭ مەمۇرىي رايونلىرىنى باشقۇرىدىغان يابغۇلارنى تەيىنلەش قاتارلىق ئىشلار، بەگلەر كېڭىشىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتىشى لازىم ئىدى. تاشقى جەھەتتىن بولسا، بىرەر دۆلەت بىلەن دوستلىشىپ، بىرەر دۆلەتكە قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، تۈرلۈك مەزمۇندىكى بىتىملەرنى تۈزۈش، قۇدىلىشىش، سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش، دۆلەتلەر بىلەن چېگرا سىزىقلىرىنى ئايرىپ بېكىتىشكە ئوخشاش ناھايىتى چوڭ ئىشلارمۇ بەگلەر كېڭىشىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشاتتى.

تۈركلەرنىڭ بەگلەر كېڭىشى ھونلا دەۋرىدىكىدەك ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

## خاقان

تۈرك خاقانلىقىدا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران خاقان ئىدى. بىرەر كىشىنىڭ خاقان بولۇشىدا بىر قانچە شەرتلەر بولسىمۇ، ئەڭ ئاساسىي شەرت، ئۇنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولۇشى لازىم ئىدى. خاقانلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس بولسىمۇ، ھەر ھالدا ھونلار دەۋرىدىكىدەك بەگلەر كېڭىشىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتىشى ۋە خاقان بولغۇچى بەزىبىر رەسمىيەتلەرنى ئۆتىشى لازىم ئىدى. بەگلەر كېڭىشى خاقان بولغۇچىنى ناھايىتى قاتتىق تەكشۈرەتتى، ئەسلى جەھەتتىن سەل - پەل گۇمان تۇغۇلۇپ قالسا (قېنىغا ئازراق باشقا نەسەبدىكىلەرنىڭ قېنى ئارىلاشقان، دېگەن گۇمان تۇغۇلسا) ئۇنداق كىشى خاقان بولالمايتتى. خاقانلىققا شەرتى توشقان كىشى تەختكە چىقىدىغان چاغدا تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلەتتى. مەسىلەن: «خاقان تەختكە چىققاندا، ئۇ مەھرەملىرى ۋە مۇھىم ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە كىگىزدە ئولتۇرىدۇ. خاقان كۈنگە قاراپ تۇرۇپ، توققۇز قېتىم ئايلىنىدۇ، ھەر بىر قېتىم ئايلانغاندا خاقاننىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئاسمانغا قاراپ بىر قېتىم سەجدە قىلىدۇ. خاقان توققۇز قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويۇش ھەققىدە بۇيرۇق

بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىشلار ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بەگلەر خاقاننىڭ بويىنىنى شايى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە چىڭ باغلاپ بولغاندىن كېيىن يېشىۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن، «سەن قانچە يىل خاقان بولىسەن، دېگەن سوئال سورايدۇ. ئۇ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن روھىي ھالىتى قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، سوئالغا ئېنىق، مۇقىم بىر جاۋاپ بېرەلمەيدۇ. بەگلەر خاقاننىڭ سۆزىگە بىنائەن، ئۇنىڭ قانچە يىل خاقان بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىدۇ.»⑥ تۈركلەرنىڭ خاقان بولغۇچىنىڭ بويىنىنى شايى بىلەن چىڭ باغلاپ، ئۇنىڭ قانچە يىل خاقان بولۇشىنى ئۇقتۇرۇشقا قويۇشى، شەخسنىڭ ھاكىم مۇتلەق بولۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولسا كېرەك. تۈركلەر ھونلارغا ئوخشاش قامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. قامانىزم ئېتىقادى بويىچە، كۆكنى، ئايغا چوقۇنۇش ئىلاھىدە ئورۇندا تۇراتتى. ھون تەڭرىقۇتلىرى ئۆزلىرىنى «كۆك بىلەن يەر ھاياتلىق بەرگەن، كۈن بىلەن ئاي تەختكە چىقارغان، تەڭرىنىڭ مەغرۇر ئوغلى» دەپ ئاتىغاندەك، تۈرك خاقانلىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئىلاھىلاشتۇرۇپ «تەڭرىدىن بولمىش» دېگەن مۇقەددەس ئۇنۋانلار بىلەن ئاتىغان. مىلادىنىڭ 584 - يىلى تۈرك خاقانى ساۋارلى خاقاننىڭ سۈي سۇلالىسى (581 — 618) نىڭ پادىشاھى سۈي ۋېندىغا يازغان مەكتۇپىدىن مىسال ئالغاندا، تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئۆزىگە ئىلاھىي سۈپەت بەرگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مەكتۇپتا «تەڭرىدىن بولمىش ئۇلۇغ تۈركلەرنىڭ دۇنيادىكى مۇقەددەس دانىشمەن تەڭرىزادىسى، ئىل قۇلۇق شارباغا ساۋارلو خاقاننىڭ ئۇلۇغ سۈي سۇلالىسى پادىشاھىغا مەكتۇپى:»⑦ دېيىلگەن.

（原文：“从天生大突厥天下贤圣天子伊利居庐设莫何沙钵略可汗致书大隋皇帝”）

خاقاننىڭ بىكەسى (خانىشى) خاتۇن دەپ ئاتىلاتتى. خاتۇنلار تۈرك خاقانلىقىدا ئالىي ھوقۇقلۇق ھۆكۈمران ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى، مەرتىۋىسى خاقاندىن سەللا تۆۋەن تۇراتتى. تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ خان جەمەتلىرى ئۆز ئوغۇللىرىنى پەقەت ئاشىنادىر جەمەتىنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەندۈرەتتى. لېكىن سىياسىي جەھەتتىكى ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتقان تۈرك خاقانلىرى باشقا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن قۇدا - باجا بولۇشنىمۇ ئەپ كۆرگەن.

تۈرك خاقانلىقىدا خاقان ۋە خاتۇندىن باشقا يەنە يابغۇ، شاد، تېكىن، تۇدۇن قاتارلىق تۆت خىل ئۇنۋاندا ئاتىلىدىغان مۇھىم، ئاساسلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ خان جەمەتىدىنلا چىقاتتى، غەيرى فامىلىدىكى تۈركلەردىن ئەشۇنداق ئۇنۋانغا ئىگە ھۆكۈمرانلارنىڭ چىقىشى زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەر ئۆزلىرىنى غەيرى فامىلىلىك تۈركلەردىن ئۈستۈن ھېسابلايتتى.

ئۇلار خاقانلىقتىكى ھەربىي، مەمۇرىي، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى چوڭ ھوقۇقلارنى ئىگىلىۋالغان تۈركلەردە، يىگىرمە سەككىز خىل ئۇنۋاندا ئاتىلىدىغان ئەمەلدارلار بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە، خاقان ۋە خاتۇندىن قالسا، باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن يابغۇ، شاد، تېگىن، تۇدۇنلار ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

① يابغۇلار: تۈرك خاقانلىقىنىڭ مەلۇم تېررىتورىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تۇمەن خاننىڭ ئۇكىسى ئىستەمى خاقان، خاقانلىق تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى خاقان بولسىمۇ، قائىدە بويىچە ئىستەمى يابغۇ دەپ ئاتىلاتتى. يابغۇلۇققا خاقاننىڭ ئۇكىلىرى، ئوغۇللىرى تەيىنلىنەتتى. يابغۇ بولغان تۈرك خاقانلىرى كېيىن خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ ئۆز نامىنىڭ ئالدىدا «يابغۇ» دېگەن نامنى قوشۇپ ئاتىغان. مەسىلەن تون يابغۇ خاقان، سى يابغۇ خاقان دېگەنگە ئوخشاش. يابغۇلار، ئورخۇن سانلىق قوشۇنغا ئىگە ئىدى، ئۇلار، زۆرۈر تېپىلغاندا، دۆلەتنىڭ ناھايىتى چوڭ، جىددىي ئىشلىرىنى چوڭ خاقانغا ۋاكالىتەن (بەگلەر كېڭىشىنىڭ قارارى بويىچە) باشقۇراتتى. ئىستەمى يابغۇنىڭ ئۇلۇغ خاقان موقان خاقانغا ۋاكالىتەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرانغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

② شاد: بۇ ئادەتتىكى كىچىك خاقان بىلەن يابغۇدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى ئىدى. شادلار، مەلۇم ساندىكى ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ دۆلەت تېررىتورىيىسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى باشقۇراتتى. خاقانلىق تېررىتورىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىنى باشقۇرىدىغان شاد، تولىس شاد، غەرب تەرىپىنى باشقۇرىدىغان شاد- تاردۇ شاد، دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ناملارنىڭ جانلىق مەناسى ھەققىدە توختالغاندا، تولىس شاد، شەرقىي شاد، تاردۇ شاد — غەربىي شاد، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بەزى غەرب تارىخچىلىرى، «تۆرا» (铁勒) ئاتالغۇسىنى «تولىس» دەپ ئاتاپ، بەزىبىر قالايمىقانچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ھېلىغىچە ئۇيغۇر تارىخىنى تەدقىق قىلىشقا ھەۋەس قىلىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر تارىخى تەتقاتىدا پەيدا بولغان قالايمىقانچىلىقتىكى خاتالىقنى بايقىماي، «تورا» ئاتالغۇسىنى «تولىس» دەپ يېزىشماقتا.

③ تېگىن: خاقاننىڭ ئوغۇللىرىغا «تېگىن»، قىزلىرىغا- بەگلەرگە «قولچوي» نامى بېرىلەتتى. «يابغۇ»، «شاد» ئۇنۋانىنى ئالغان تېگىنلەر، باش ۋالىيلىق، باش قوماندانلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتى. شەرقىي تۈرك خاقانى ئىلتېرىش قۇتلۇقنىڭ ئوغلى كۆل تېگىن مىلادىنىڭ 701 - يىلىدىن 731 - يىلىغىچە شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىدا باش قوماندان بولغان ئىدى. تېگىنلەر ئاساسەن ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن

كېيىن خاقانلىق تەختىگە چىقاتتى.

④ تۇدون: تۈرك خاقانلىقى تەركىبىگە كىرگەن دۆلەتلەر ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇراتتى، تۈركلەر بۇنداق دۆلەتلەرنىڭ خانلىرىغا «تارقان» ئۇنۋانىنى بەرگەن ئىدى. لېكىن، تارقانلار، تۈرك خاقانى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن «تۇدون» (نازارەت قىلغۇچى ئەلچى) ئاتلىق بەگلەرنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقالمايتتى. «تۇدون» لەر ئۆزىنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى دۆلەتلەردىن سېلىق يىغىش، تۈرك قوشۇنلىرىغا مەلۇم ساندا جەڭچى ئېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

تۈرك خاقانلىقى شەرقتىكى قىتان، شىرۋى، مۇكرىت قاتارلىق خانلىقلارنى «تۇدون» لەر ئارقىلىق باشقۇرغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئافغانىستان، كەشمىر قاتارلىق رايونلاردىكى خانلىقلارنىمۇ «تۇدون» لەر ئارقىلىق باشقۇرغان.

ئاشىنا ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بولمىغان باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ خانلىرىغا «ئىلتەبىر»، «ئەركىن»، «چور» ئۇنۋانلىرى بېرىلگەن. بۇنداق ئۇنۋاننى ئالغان خانلارمۇ «تۇدون»لارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا ياشايتتى. تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئوردىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئالاھىدە قاراۋۇللار «بۆرى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق قاراۋۇللار ئاشىنا ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بولغان بەگزادىلەردىن تەشكىل قىلىناتتى.

تۈرك خاقانلىقىنىڭ دۆلەت بايرىقى تۆت چاسا كۆك شايى بايراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا شەرققە قاراپ تۇرغان بۆرى بېشى (زەر يۈگۈرتۈلگەن) چۈشۈرۈلگەن.

## 2. قوشۇن

قەدىمكى چاغدا ماكېدونىيە ۋە رىملىقلارنىڭ پىيادە قوشۇنلىرى دۇنيادىكى ناھايىتى جەڭگىۋار قوشۇن ھېسابلانغان بولسا، كۆك تۈرك قوشۇنلىرى ئاسىيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك قوشۇن ئىدى. تۈركلەر ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ئەنئەنىسى بويىچە ۋە قۇدرەتلىك قوشنىلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن نەچچە يۈز مىڭلىغان كىشىلىك قوشۇن تەشكىل قىلغان ئىدى. تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاتلىق بولۇپ ئازغىنا بىر قىسمى پىيادە ئىدى، قوشۇننى ئۆز زامانىسىغا يارىشا ياخشى قوراللاندۇرۇش ۋە تەمىنلەش ئۈچۈن، سۈپەتلىك ئۇرۇش قوراللىرى، مەشىقلەنگەن جەڭ ئاتلىرى، يېتەرلىك يەم - خەشەك بولمىسا زادى بولمايتتى.

قەدىمكى چاغدىن تارتىپ تۆمۈرچى خەلق نامىنى ئالغان تۈركلەر قوشۇنلىرىنى ياخشى قوراللاندۇرغان ئىدى. تۈرك ئاتلىقلىرى، ئۇزۇن، ئەگرى قىلىچ، نەيزە، ئۇستى قېيىش بىلەن قاپلانغان قالقان، ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئىدى. ئۇلار بېشىغا دۇلغا (دوبۇلغا — تۆمۈر قالپاق) ئۈستىگە ساۋۇت (زەنجىرلىك چاپان) كېيەتتى.

تۈرك ئاتلىقلىرى ئۇرۇشتا ماڭغاندا، قوشۇندىكى ھەر بىر جەڭچى ئۈچۈن ئىككىدىن زاپاس ئات ئېلىپ يۈرەتتى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تۈرك خاقانلىرى ھەربىي يۈرۈشكە كۆپ دېگەندە، 400 مىڭ، ئاز دېگەندە 200 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن ماڭغان ئىدى. شۇنداق بولغاندا، 400 مىڭ ئاتلىق قوشۇن ئۈچۈن 800 مىڭ، 200 مىڭ ئاتلىق قوشۇن ئۈچۈن 400 مىڭ زاپاس ئات تەييار قىلىناتتى.

تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى ئىچىگە ھەربىي يۈرۈشتە بوراندەك تېز سۈرئەت بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە بېسىپ بېرىش ۋە ئۇرۇشتا ئادەتتىن تاشقىرى جەڭگىۋارلىق كۆرسىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر كىرەتتى. تۈرك قوشۇنلىرى ھەربىي يۈرۈشكە چىققاندا، كېچە - كۈندۈز توختىماي ئۇچقۇر شامالدەك يول يۈرۈپ، ئاتلارنى يەڭگىشلەپ مىنىپ (زاپاس ئاتلاردىن) بىر كېچىدىلا نەچچە يۈز كىلومېتىر يول يۈرۈپ، دۈشمەن خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كېلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلاتتى. ئۇرۇشتا مۇنداق تاكتىكىنى قوللىنىش ئاساسەن تۈركلەرنىڭ قولىدىن كېلەتتى. قۇدرەتلىك قوشۇنلىرى، ئۇرۇش ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسىنى تۈركلەردىن ئۆگىنىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. تۈرك قوشۇنلىرى ئۇرۇشقا كىرىشتىن بۇرۇن دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى (بولۇپمۇ سان جەھەتتىكى نىسبەتنى) كۆزدە تۇتۇپ ياكى ئۇرۇشاتتى، ياكى چېكىنەتتى. ئەگەر، دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۆزىگە قارىغاندا، سان جەھەتتىن بەك كۆپ بولسا، دەرھال چېكىنىپ دۈشمەننى ئۆز ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ، ئېزىقتۇرۇپ، ھاردۇرۇپ، تۇيۇقسىز مۇھاسىرىگە ئېلىپ تارمار قىلاتتى. تۈرك قوشۇنلىرى، دۈشمەن كېچىسى بىخارامان ئۇخلاپ ياتقاندا تۇيۇقسىز بېسىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلاتتى. تۈركلەرنىڭ دۈشمەنلىرى، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇرۇش تاكتىكىسىدىن بەكمۇ قورقاتتى. تۈركلەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىق قىلىش، ئۇلاردا ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيانى نىشانغا تەككۈزۈش ماھارىتىنى، ھەرىكەتتە ناھايىتى چاققان بولۇشنى، قەيسەرلىكنى، جەڭگىۋارلىقنى ئۆستۈرۈپ كامالەتكە يەتكۈزگەن ئىدى. شۇڭا تۈركلەردە، «جەڭدە ئۆلۈش قىممەتلىك، كېسەللىكتىن ئۆلۈش نومۇس»⑧ دېيىدىغان ئادەت ئومۇملاشقان ئىدى. شۇ ئادەتكە كۆرە، تۈركلەردە، قورامىغا يەتكەن يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى جەڭچى بولۇشنى ۋە ئۇرۇشتا باتۇرلارچە جەڭ قىلىشنى خۇشاللىق، ئەڭ شەرەپلىك ئىش دەپ بىلەتتى. تۈرك قىزلىرىنىڭ بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشىنىڭ ئاساسىي شەرتىمۇ، يىگىتنىڭ باتۇر جەڭچىلىكىنى ئۆلچەم قىلاتتى. بۇنداق ئادەت تۈرك خەلقلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئىدى.

## ٩ . قانۇن

تۈركلەردە خېلى قاتتىق قانۇن-تۈزۈملەر بېكىتىلگەن ئىدى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدىكى مەلۇماتقا كۆرە، تۈرك قانۇنلىرىنىڭ بەزىبىر مەزمۇنلىرىنى بىلىشىمىز مۇمكىن.

AltunOq

1 - تۈركلەرنىڭ قانۇنىدا: ئات ئوغرىلىغانلار بىلەن خائىنلىق قىلغانلار ۋە قاتىللارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش[9] ۋە باشقىلارنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەنلەر زەخىملەنگۈچىگە ئات تۆلەپ بېرىش بەلگىلەنگەن.[10]

تۈركلەر قانۇنىدا، ئات ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنىڭ بەلگىلىنىشى، ئاتنىڭ تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2 - تۈركلەرنىڭ قانۇنى بويىچە، باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، پاھىشەۋازلىق قىلغانلارنىڭ تاناسىل ئەزاسىنى ياكى بېلىدىن تۆۋەن قىسمىنى كېسىۋېتىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغۇچىلاردىن يالغۇزلا كۆپ مال - مۈلۈك تۆلىتىۋېلىش ياكى قىزنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن.[11]

3 - تۈركلەرنىڭ قانۇنىدا ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىشى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمىلەر بار ئىدى. مەسىلەن، «قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغۇچى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قىزنىڭ تويلۇقى توغرىسىدا، قىزدا بولغۇچىلار بىر توختامغا كېلىش، ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى توختامغا خىلاپلىق قىلماسلىقى»45 تەكىتلەنگەن.

4 - تۈركلەر قانۇنىدا، «سوقۇشۇپ، باشقىلارنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرگۈچى، ئۆز قىزىنى زەخىملەنگۈچىگە بېرىش، قىزى يوقلار، قىز تويلۇقى قىممىتىگە باراۋەر كەلگۈدەك بايلىق تۆلەش» بەلگىلەنگەن، بۇنىڭغا قارىغاندا، تۈركلەردە ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا پەس ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئېنىق.

## تۈرك خاقانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتلىرى

### 1 . دېھقانچىلىق

تۈرك خاقانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ھەر خىل ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا (تارىم ئويمانلىقى بۇنىڭ ئىچىدە) ۋە خارەزمدىكى تۈركىي خەلقلەر، ئافغانىستان، خوراسان (ئىراننىڭ شەرقىي شىمال قىسمى) دىكى خەلقلەر قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتە، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان تۈرك خەلقلىرىگە قارىغاندا، ئىلغار بولۇپ، ئۇلار فېئوداللىق باسقۇچىغا بۇرۇنراق كىرگەن.

كۆك تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا، خارەزمى، ئافغانىستاندىكى ئولتۇراقلاشقان مەدەنىي ئاھالە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار، بۇغداي، ئارپا، شال، تېرىق تېرىيتتى. دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئاھالە باغ-

ۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى پاختا، بىدە، ئۈژمە دەرىخى ئۆستۈرۈش، پىلە بېقىش، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى.

دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا، خارەزمدە، يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىدا سۇغىرىش قاناللىرى قېزىلغان.

## 2. چارۋىچىلىق

كۆك تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە بولسا كۆچمەنچى تۈركلەر بىر جايدىن ئىككىنچى جايغا تۆت چاقلىق ھارۋىلاردا كۆچۈپ يۈرۈرەتتى، كۆچمەنچى چارۋىدار تۈركلەر ئاسا-سەن مۇڭغۇلىيىدە، جۇڭغارىيىدە، يەتتە سۇدا ياشايتتى. ئۇلار، ئۇرۇغ - قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەن ھالدا پاتىرىئارخاللىقنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنى ساقلىغان پېتى فېئودال-لىق تۈزۈمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ياشىغان ئىدى. چارۋىچى تۈركلەرنىڭ ئاساسى ئەركىن قىسمى «بودون» ياكى «قارا بودون» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇرۇغ-قەبىلىلەرنىڭ ۋەكىللىرى (قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇققانلىرى) «بەگ» دەپ ئاتىلاتتى. بەگلەر، قاتلىمى ئىچىدە ئاشنا ئۇرۇقىدىن چىققانلار، باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بەگلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇلار خاقانلىقتا ئاساسى ھۆكۈمران تەبىقە ئىدى. جەمئىيەت تۆپىسىدە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «بەگلەر كېڭىشى» («بەگلەر قۇرۇلتىيى») ۋە خاقان تۇراتتى.

تۈركلەر فېئوداللىق باسقۇچتا بولسىمۇ، قۇللۇق تۈزۈمنىڭ بەزىبىر ئالامەت-لىرىدىن خالى ئەمەس ئىدى. تۈركلەر ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەنلەرنى قۇل قاتارىدا ھېسابلاپ، ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى.

قەدىمكى چاغدا، جەڭ ئاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجنى تۈركلەردىن باشقا ھېچ قانداق بىر خەلق كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلالىغان ئەمەس. تۈركلەرجەڭ ئاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجنى ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان چار-ۋىچىلىق ئارقىلىق تولۇق ھەل قىلغان. تۈركلەردە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ناھايىتى تەرەققى قىلغان بولۇپ، شەرقتە قىدىرقان تاغلىرى (ھىنگان تاغلىرى) دىن تارتىپ غەربتە ئارال، كاسپىي دېڭىزلىرىنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان، «بوز قىر» دەپ ئا-تىلىدىغان چەكسىز كەتكەن تېرىتورىيىدىكى يايلاق، داللىدا نەچچە مىليونلىغان ئات-لار، نەچچە ئون مىليونلىغان قويلار، كالىلار يايلايتتى. تۈركلەر چارۋىچىلىق ئىگە-لىكىدە ئات ئۆستۈرۈشنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنى-مىزدەك، نەچچە يۈز مىڭلىغان تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرىدىكى ھەر بىر جەڭچى ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈشتە ئۆزى مىنگەن ئاتتىن تاشقىرى، ھەر بىر ئاتلىق جەڭچىگە ئىككىدىن زاپاس ئات ئېلىپ مېڭىلاتتى. شۇڭا تۈركلەرنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئۈچۈن كەم

دېگەندە. بىرەر مىليون ئات لازىم بولاتتى. ئاتنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى تۈركلەرنىڭ قانۇنلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. تۈرك قانۇنىدا «ئات ئوغۇرلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش» نىڭ بەلگىلەنگەنلىكىنى ئەسلەش يېتەرلىك.

تۈركلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. تارىم ئويمانلىقى تۈركلەرنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قامدايدىغان مۇھىم رايونلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، تۈركلەر بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئون كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر قانال قېزىپ ئىككى دەريا ۋادىسىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان. رۇس ئارخېئولوگلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، تۈركلەر شۇ جايلاردا، مىلادىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان.

دېھقانچىلىق ئىگىلىكى يالغۇزلا خەلقنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قامداشقىلا قارىتىلغان بولماستىن، تۈركلەرنىڭ جەڭ ئاتلىرىنىڭ يەم - خەشەككە بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر ئىدى.

تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان سوغدىلار بىلەن ئارىلاش - چىرماش بولۇپ كەتكەن. ئۇلار چارۋىدار تۈركلەرگە قارىغاندا مەدەنىيراق ئىدى.

## 3. تۆمۈرچىلىك

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ بىر نەچچە تۈرلىرى ئالاھىدە يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلدى. خەلقئارا سودىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈپ بارغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن يىپەكتىن خىلمۇ - خىل (كىمخاب، تەتتىلا، شايى ئەتلەس) ماللارنى توقۇش (ئاساسەن خوتەن، قەشقەر تۇرپاندا) پاختا يىپتىن گۈللۈك، گۈلسىز، رەڭلىك، رەڭسىز رەختلەرنى توقۇش (تۇرپان، كۇچار، قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردە) گىلەمچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى.

تۈركلەر دەۋرىدە تۆمۈرچىلىك ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى. تۈركلەر ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم ئىگىلىك قاتارىغا قويغان، جەڭگىۋار، ئۇرۇشقاق خەلق بولۇپ ئۇرۇش قوراللىرىغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلاردا تۆمۈر قوراللىرىنى ياساش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىدى.

ھىندىلارنىڭ مىلادىدىن مىڭ يىل بۇرۇن مەيدانغا چىققان داستانلىرىنىڭ بىرى «ماخابخاراتا» (مىلادىدىن بىر نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن)

ها، تۆمۈرنىڭ ھىندىستانغا شىمالدىن — ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەنلىكى ئېيتىلغان. ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرچىلىك مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن (ھازىرقى كۈندىن 4000 يىل بۇرۇن) تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئۇچۇقراق ئېيتقاندا ھازىرقى ھىندىلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئارىيانلار ياۋروپادىن ئاسىياغا كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركلەر تۆمۈردىن تۈرلۈك قوراللارنى (ئۇرۇش قوراللىرى ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوراللار) نى ئىشلەپچىقىراتتى.

دۇنيانىڭ قەدىمكى تارىخىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئارىيانلار مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ياۋروپادىن شەرققە قاراپ كۆچۈشتە كىچىك ئاسىيا ۋە كاۋكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كەلگەن. ئارىيانلار مىلادىدىن 1700 يىل ياكى 1500 يىل بۇرۇن كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىدىن كۆچۈپ، ھىندىستانغا كېلىپ يەرلەشكەن.

دەل شۇ چاغدا، يەنە بىر قىسىم ئارىيانلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمالىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ يەرلەشكەنلىكى مەلۇم. ئۇلار ياۋروپادىن كۆچۈپ كېلىشتە ئالدى ئاسىيا ۋە ئىران يولى بىلەن كەلگەن. مانا شۇلاردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ يەرلەشكەنلىرى يەر نامى بىلەن خارەزمىلىقلار، سوغدىلار دەپ ئاتالغان. خارەزمىلىقلار، مىلادىدىن 1292 يىل بۇرۇن قوللىنىشقا باشلىغان كالىندارنى جورجان (كاسپى تەرەپتە) تەرەپىدىن كەلگەن غەرب پادىشاھى (ئارىيانلارنىڭ خانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ ھازىرقى خارەزمىدە يەرلەشكەن ۋاقتىدا قوللانغان. شۇنداق بولغاندا، ياۋروپادىن ئاسىياغا كۆچكەن ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى مىلادىدىن 1300 يىل بۇرۇن خارەزمگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولىدۇ.

ئارىيانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتكە كۆرە، كەلگەن ئارىيانلار ھەربىي قوشۇندا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى (ئاساسەن ئاياللىرى) يوق ئىكەن. ئۇلار يەرلىك تۈركلەرنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەنگەن. دېمەك ئارىيانلار تۈركلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. خارەزمىلىقلار بىلەن سوغدىلارنىڭ مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا تۈركلىشىپ كەتكەنلىكى تاسادىپىي بولمىسا كېرەك.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگودا تۆمۈر قوراللىرىنى ئىشلەش مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇن (جۇ سۇلالىسى ۋاقتىدا) باشلانغان بولسا، تۈركلەردە مىلادىدىن 20 ئەسىر بۇرۇن باشلانغان ئىدى.

قەدىمكى چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ دۇنيادا قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرالىشى، ئۇلارنىڭ يىلقىچىلىقتا (ئات ئۆستۈرۈشتە) ۋە جەڭگىۋارلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى تۆمۈر-پولات قوراللىرىنى ياساشتا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىدە بولسا كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركلەر ئەڭ قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ تۆمۈرچى بىر خەلق ئىدى. ئۇلار تەڭرى تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، ئورال ۋە سايان تاغلىرىدا تۆمۈر مەدەن كانلىرىنى ئېچىپ، تۆمۈر - پولات ئىشلەپچىقارغان. كېيىنكى چاغلاردا سوۋېت ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن يەنىسەي ۋادىسىدا قەدىمكى چاغدا تۈركلەر تۆمۈر ئېرىتكەن ئوچاقلار تېپىلغان.

بولۇپمۇ تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 552 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 744 - يىلىغىچە) تۆمۈر - پولاتتىن ئىشلەنگەن ئۇرۇش قوراللىرىغا بولغان ئېھتىياج بەكمۇ كۈچەيدى. نەچچە يۈز مىڭلىغان تۈرك قوشۇنلىرىنى ئۇرۇش قوراللىرى (ئەگرى قىلىچ، ساۋۇت، دۇلغا — دوبۇلغا، نەيزە، خەنجەر، ئوقيا) بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا سۈپەتلىك تۆمۈر، مىس كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە، تۈركلەر ئالتاي ۋە سايان تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرى (يۇلدۇز ئەتراپىدىن) تۆمۈر مەدەنلىرى چىقىدىغان كانلارنى ئاچتى. مانا شۇ تاغلاردىن يۇقىرى سۈپەتلىك تۆمۈر مەدەنلىرى (رودىسى) چىقاتتى. پەرغانە بىلەن سوغدىيانلاردىمۇ ئالتۇن، مىس، تۆمۈر چىقىدىغان كانلا ئېچىلدى. ئىلاقدا (ھازىرقى تاشكەنتنىڭ شەرقىدىكى ئاھەنگەراندا) قوغۇشۇن، كۈمۈش چىقىدىغان كانلارمۇ ئېچىلدى.

تۈركلەر تۆمۈر، پولاتتىن ئۇرۇش قوراللىرىنى ياسىغاندىن تاشقىرى، ئوغاق، كەتمەن، گۈرجەك، چىش (ساپانىنىڭ چىشى) قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىمۇ ياساشقا ئۇستا ئىدى. بۇندىن تاشقىرى تۈركلەر ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى (ئالتۇن تاج، ئالتۇن ئوتوغات، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ئەينەك) ۋە تۇرمۇش بويۇملىرى (ئالتۇن قەدەھ، ئالتۇن تاۋاق، ئالتۇن، كۈمۈش چوگۈن، ئالتۇن تەخت قاتارلىق) لارنىمۇ ياساشتا دۇنياغا تونۇلغان ئىدى. تۈركلەر جەڭ ھارۋىلىرى ۋە كىگىز ئۆيلەرنىڭ كەرەگىلىرىنىمۇ ناھايىتى پۇختا، سۈپەتلىك ياسايتتى.

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە، ئىچكى ۋە خەلقئارا سودا ئىشلىرى ئاھالىنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ توغرىدا ئايرىم توختىلىمىز.

ئىزاھلار:

① «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» خەنزۇچە، 9 - 8 - بەتلەر.

② «چاۋشەن تارىخى» خەنزۇچە، 152 - بەت.

③④⑥ سىماگۇاڭ: «قامۇسنامە» خەنزۇچە، 14 - جىلد، 9316 -، 31 6 - ۋە 12 - جىلد 436 - بەتلەر.

⑤⑦ «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» خەنزۇچە، 50 - جىلد، «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»

⑨ «سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى» خەنزۇچە، 84 - جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

⑩⑪ «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى» خەنزۇچە، 99 - جىلد.



AltunOq

# قۇربانئەلى خالىد ۋە «تاۋارىخى خەمسە شەرقى»

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

قۇربانئەلى خالىد (1846 — 1913 - يىللار) شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە شائىر. ئۇ ئۆز ھاياتىدا كۆپلىگەن قىممەتلىك تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. تۆۋەندە ئۇنىڭ «تاۋارىخى خەمسە شەرقى» (شەرقنىڭ بەش تارىخى) ناملىق داڭلىق تارىخىي ئىلمىي ئەسىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىدىكى خەلقلەر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت زور ئىجتىمائىي داۋالغۇش دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بىر مۇنچىلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت تارىخشۇناسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى بۇ زور ئىجتىمائىي داۋالغۇشلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خېلى كۆپ تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى. بولۇپمۇ بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى ۋە شائىر موللا مۇسا سايرامى (1836 — 1917) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى ئەمىنىيە» ۋە بۇ ئەسەرنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلانغان نۇسخىسى «تارىخى ھەمىدى» دىن قالسا، موللا مۇسا سايرامى بىلەن ئوخشاش بىر دەۋردە ياشىغان تاتار تارىخشۇناسى قۇربانئەلى خالىد تەرىپىدىن يېزىلغان «تاۋارىخى خەمسە شەرقى» (شەرقنىڭ بەش تارىخى) ناملىق ئەسەر، ئەكس ئەتتۈرگەن ۋەقەلىكنىڭ چىنلىقى ۋە تەتقىقات قىممىتىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرىدىغان تارىخىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

تارىخشۇناسنىڭ تولۇق ئىسمى — ئىمام قۇربانئەلى ھاجى خالىدىن بولۇپ، مىلادى 1846 - يىلى، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چۆچەك ناھىيىسىدە بىر تاتار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياش ۋاقتىدا ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر بىلىم ئىگىلىگەن (ئۇنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە جۇغراپىيە بىلىملىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە مۇكەممەل ئىگىلىگەنلىكى، يازغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشىگە مەلۇم بولىدۇ)

بولۇپ، ئۇندىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا ياشىغۇچى ھەر قايسى تۈركى خەلقلەرنىڭ تىللىرىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئارىسىدا خېلى زور ئابرويغا ئىگە ئىدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر چۆچەكتە 36 يىل ئىمام بولغان ۋە ئىككى يىل قازىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. قۇربانئەلى خەلد ئاشۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى تولۇپ ئارىلاپ چىقىپ، بۇ جەرياندا ھەر قايسى رايونلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ يۇرت ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش داۋامىدا مول تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىغان ۋە بۇ ماتېرىياللارنى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «تاۋارىخى خەمسە شەرقى»نى يېزىپ چىقىشقا ئاساس ھازىرلىغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 21 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق مىلادى 1910 - يىلى تاتار تىلىدا «تاۋارىخى خەمسە شەرقى» ناملىق بۇ داڭلىق تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان.

«تاۋارىخى خەمسە شەرقى» ئالدى بىلەن 1910 - يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازان باسمىسىدا تاتار تىلىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. ئۇندىن كېيىنلا يەنە چاغاتايچە، موڭغۇلچە ۋە قازاقچە تەرجىمىلىرىمۇ نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ھەر خىل تىلدىكى نۇسخىلىرى ھازىرمۇ كىشىلەر قولىدا كەڭ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

«تاۋارىخى خەمسە شەرقى» ناملىق بۇ تارىخىي ئەسەردە، ئەڭ قەدىمدىن تارتىپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ تارىخى ھەم ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولغان تارىخىي ئەدەبىي ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلىكلەر تەپسىلىي ۋە ئەينەن بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تارىخى ھەم ئۆرپ - ئادەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىپلا قالماي، يەنە مۇڭغۇل، تىبەت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەھۋاللارمۇ بايان قىلىنغان. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ كىتاب تارىخىي ماتېرىياللار بىرقەدەر مول بولغان، بەزى تارىخىي پاكىتلارنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ خاتىرىلىگەن مۇكەممەل بىر تارىخنامىدۇر.

ئاز كەم سەككىز يۈز بەت ھەجىمدىكى بۇ كىتاب، توققۇز باپ ۋە بىر مۇنچە

پەسىل (كىچىك ماۋزۇ) لەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاساسى مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى بابىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە خانلىقىنىڭ ئالتۇن بۆشۈك خانلىرىدىن تارتىپ، تاكى خىزدا يارخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئومۇمىي ئەھۋال، خىزدا يارخانىنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چارروسىيىگە قوشۇۋېلىنىشىغا ئائىت بىر قاتار زور تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى باب، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنىڭ تارىخى بولۇپ، ئاپتور بۇ قىسىمدا ئالتە شەھەر خانلىرى ھاكىمىيىتى، بۇ خانلىقلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە يوقىلىشى، قاراخان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئىسلام دىنىنى پۈتۈن قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ھەمدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرى ۋە تۇغلۇق تۆمۈر خانغا قەدەر بولغان تارىخىي ۋەقەلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. بۇ بابتا يەنە ئاپپاق خوجىغا ئائىت ماتېرىياللار، خوجىلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرى، ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىشىغا قەدەر بولغان ۋەقەلەرنى تولۇق بايان قىلغان. ئاپتور ئۆزىنىڭ يۇقىرى قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن بۇ بابتا تىلغا ئېلىنغان ھەر بىر تارىخىي شەخسنىڭ قىياپىتىنى تولۇق تەسۋىرلىگەن. بولۇپمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ قىياپىتىنى ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەشكە تىرىشقان. ئۈچىنچى بابىنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر مول ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا ئاۋۋال قازاقلارنىڭ نەسلى ۋە تارىخى توغرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئاندىن مۇشۇ ماۋزۇلارغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، باشقىرت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە تارىخىي ھەققىدىمۇ بىر مۇنچە مەلۇمات بېرىدۇ. تۆتىنچى بابى مۇڭغۇللارنىڭ تارىخىنى بايان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە تىبەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارمۇ بار. بەشىنچى بابىدا شىمالىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇنىڭدا ئاۋۋال ئىلىدىكى تۇنگان، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ. بۇ بابتا يەنە تۇنگانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە «تۇنگان» دېگەن ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ئاخىرىدا قۇربانئەلى خالىد ئۆزىنىڭ چۆچەكلىك بولۇش ئېتىبارى بىلەن، چۆچەك تارىخى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئالتىنچى بابىدا قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار بېرىلگەن. يەتتىنچى بابى بىر قەدەر مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى مەشھۇر تاغ - دەريالار، جىلغىلار، بۇلاقلار ۋە ئىزلارنىڭ ناملىرى، ھەمـ

دە بۇ ناملارنىڭ كېلىش مەنبەسى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇندىن باشقا يىل، ئاي، ئىسىملەرى، يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرى ۋە بۇ يىل، ئاي ئىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، فارسچە، مۇڭغۇلچە، قازاقچە كالىندارلاردىكى ئاتىلىشلىرى ھەمدە قازاقلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت مەلۇماتلار بېرىلگەن. سەككىزىنچى بابى ئاساسەن ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ - كېلىشچە ئارىلىقتىكى سەپەر خاتىرىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ 1397 - يىلى فېۋرالدا ھاجى رەھىمخان ئەپەندى ۋە ھاجى ئىبراھىم تاشكەندى قاتارلىق ئىككى سەپەرداشى بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە بىللە چىقىپ، تاكى ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگىچە بولغان سەپەر ئۈستىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىدىن قالدۇرغان ئىزناسى ئىدى. بۇنىڭدا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ شەھەرلەر، مەسىلەن، ۋارشاۋا، ۋېنا، بۇداپېشت، بېلگىراد، سوفىيە، ئىستانبۇل، شام، قۇددۇس، (يېرۇسالېم) ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككە ۋە مەدىنە قاتارلىق مۇقەددەس شەھەرلەر توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلدۇ.

توققۇزىنچى بابتا، ئاپتور ئاۋۋال ئىزگىل، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قېدىمىكى تارىخى ئۈستىدە توختالغان. ئاندىن كېيىن باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدا يەنە ياپونىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە جۇڭگودا ئۆتكەن ھەر قايسى سۇلالىلار ھەققىدىمۇ خېلىلا كەڭ توختالغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا «تاۋارىخى خەمسە شەرقى» مەزمۇنىنىڭ موللىقى ۋە ساغلاملىقى، بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەرنىڭ چۈشىنىشلىك ھەمدە ئاممىباپلىقى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان. ئەسەردە نۇرغۇنلىغان شېئىر - نەزمىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ يالغۇز تارىخ يېزىشتىلا قابىلىيەتلىك بولۇپ قالماي، يەنە يېتىشكەن شائىر ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئەسەر شەرق ئەللىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىباھا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. يەنە شۇنىسى ئەسكەرتىش كېرەككى، «تاۋارىخى خەمسە شەرقى» خاس تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەر بولماستىن، بەلكى ئىنسانىي ئەخلاق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى روشەن، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نادىر ئەسەر.

ئاپتورنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان يۈكسەك مېھرى - مۇھەببىتى، ۋە «تاۋارىخى خەمسە شەرقى»نى يېزىشتىكى مەقسەت-مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ «ئىنسان تارىخ بىلەن ئاشنا بولسا، دۇنيادىكى ھەر تەبىقە كىشىلەرنى سۆزلەيدۇ... مەزكۇر ئالەمنىڭ تەركىبى قىسىملىرى، ئىنسان، ھەر تۈرلۈك ئىرق ۋە مىللەتلەرنى، ئەڭ ئاخىردا پادىشاھلار ۋە باشقىلارنىڭ قىلمىشى ۋە ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىۋېلىشنىڭ سىرتىدا، ئۆزىمىزغا قارىتا پىكىر يۈرگۈزۈپ دۇنيانىڭ تۇراقسىز ئىكەنلىكىگە، گۈزەل ھەرىكەتلەرنىڭ مەدھىيىگە ئىگە، ناچار ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇسالىق ۋە پەسكەشلىك ئىكەنلىكىگە تونۇشنى ئارتتۇرىدۇ ھەمدە (كېيىنكى) كىشىلەرنى ئۆتكەنلەر كۆزلۈك قىلىپ قويۇشقا، (ئۇلارنىڭ) ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشىگە يارىدەم بېرىدۇ» دېگەن بىر ئابزاس سۆزىدىن چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.

قۇربانئەلى خالىدىنىڭ «كىتاب تارىخى جەدىدە» (1889 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان) ناملىق يەنە بىر تارىخى ئەسىرى بار بولۇپ، بۇ كىتاب ئاساسەن ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت بولغان قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

«تاۋارىخى خەمسە شەرقى» گەرچە تەتقىقاتچىلارنى نەزەرىغۇزىلىغان قىممەتلىك تارىخى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بەزى نۇقسانلارمۇ يوق ئەمەس. چۈنكى قۇربانئەلى خالىدىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ زامانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمىغان. ئۇ ناھايىتى تەقۋادار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى تارىخى ۋەقەلىك ۋە شەخسلەرگە قارىتا ئىسلام دىنىنىڭ توپ ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن باھا بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا كىتابىنىڭ ئىككىنچى بابىدا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، يۈسۈپ قادىرخاننى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورى قىلىپ ھېسابلاپ بۇ ھەقتە ئىزاھات بەرگەن. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا «تاۋارىخى خەمسە شەرقى» يېزىقىمىزدىكى نۇسخىلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ھېلىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان تارىخى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(1987 - يىل نويابىر قەشقەر)

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

«تاۋارىخى خەمسە شەرقى»، 1910 - يىل قازان باسمىسى. تۈركچە.
«تاۋارىخى خەمسە شەرقى». ئۇيغۇرچە (قوليازما)
«شىنجاڭ كىتابلىرى كاتالوگى». شافىگراف نۇسخىسى
داۋۇت سايىم: «غەربىي رايون مىللەتلىرى تارىخىدىن ئىزاھلىق لۇغەت» (سىناق نۇسخە)
«شىنجاڭ تاتار ئەدەبىياتى». «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى» 1987 - يىل 2 - سان

# خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى

شەرىپ خۇشتار

خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە ئۇ باشچىلىق قىلغان قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن گەپنى قومۇل ۋاڭىدىن باشلىغان ياخشى.

I

## شاھ مەخسۇت ۋاڭ

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭ بوسۇغىسىدىكى تايانچىسى ۋە باش ۋەكىلى بولغان شاھ مەخسۇت ۋاڭ 1928- يىلىغىچە قومۇل خەلقىگە 33 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ........

شاھ مەخسۇت ۋاڭلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ھۆكۈمرانلىقى تازىمۇ قەبىھلەشكەن. ھۆكۈمرانلىق قىلىنىش دائىرىسى كېڭىيىپ شەرقتە شىڭشىڭشىياغىچە، غەربتە يەتتە قۇدۇققىچە، شىمالدا ئاراتۇرككىچە يەتكەن بولۇپ، شۇ دائىرىدىكى يەر، سۇ، چارۋا مال، يايلاق، ئورمان، ۋە كانلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىناتتى.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ بۇ جايلارنى 17 دورغىلىق، 5 قازىلىقتىن ئىبارەت 22 رايونغا بۆلۈپ ئىدارە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا سەككىز چارۋىچىلىق رايونى، 14 دېھقانچىلىق رايونى بار بولۇپ، شۇ دەۋردە ئاشۇ جايلاردىكى 6485 ئائىلىدىن ئىبارەت 33725 نوپۇس شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئىگىلەپ ئالغان يەر 35 مىڭ 400 مو بولۇپ، شۇ دائىرىدىكى ئۆستەڭ، بۇلاق سۈيى، ۋە 25 كارىزمۇ شاھ مەخسۇتنىڭ شەخسىي مۈلكى ئىدى. يەنە ئۇنىڭ 700 مو يەرنى ئىگىلىگەن 160 بېغى، 18 جايدا تۈگمەن، 200 قوتاندا جايلاشتۇرغان 150 مىڭ تۇياق قوي، 5500 ئات، 7200 كالا، 8000 تۆگىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەرمايىسى ئالتە مىليون بەش يۈز مىڭ سەر كۈمۈشكە يېتەتتى. (ئۇنىڭ خەزىنىسىگە توپلىغان ئالتۇن، كۈمۈشلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئېنىق سانى قالدۇرۇلمىغان)

شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئەلكىگە ئېلىۋالغان تارانچى كۆمۈر كېنىدىن (ۋاڭ ئائىلە

/

نەسەبنامىسىدىكى بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا) ھەر يىلى 67 مىڭ سەر كۆمۈش كىرىم قىلىنغان.
شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ 800 ئېغىز ئۆيلۈك ئوردىسى بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمىدا ۋاڭنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئولتۇراقلاشقان. ئاز بىر قىسمىنى بولسا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن.

شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا 23 ئورۇندا دېھقانچىلىق مەيدانى بار بولۇپ، ھەر بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا بىردىن دېھقان بېشى قويۇلغان. دېھقان بېشى شۇ يەردىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇ خىل باشقۇرۇشتا، دېھقانچىلىق مەزگىلىدە دېھقانلار نۆۋەتلىشىپ كېلىپ، ۋاڭنىڭ يېرىگە ھەقسىز ئىشلەيدۇ، ۋاڭنىڭ دېھقانچىلىقى تاماملانغاندىن كېيىن ئۆز يېرىگە ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ يېرىدىكى ئىشلار تېرىم مەزگىلىدىن كېيىن قېلىپ كەم ھوسۇل بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە كۈن ئېلىشنىڭ تەسلىكىدىن خانىۋەيران بولىدۇ. شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ چارۋىلىرى «تۆمۈر چارۋا»غا ئايلاندۇرۇلغان (ۋاڭنىڭ چارۋىسى ئۆلمەيدۇ، يوقالمايدۇ. ئۆلسە، يوقالسا باققۇچى تۆلەيدۇ.) بولۇپ، ئۇنىڭ چارۋىسىنى باققانلارنىڭ ھەممىسى ۋاڭنىڭ قۇلىغا ئايلانغان. قۇللۇق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقان. قۇللارنىڭ بالىلىرى 18 ياشقا توشۇپ ۋاڭ ئوردىسىغا تەزىملىك قىلغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا باقىدىغان «تۆمۈر چارۋا» بېرىلەتتى.

خوجىنىياز ھاجىم مانا شۇ ۋاڭنىڭ «تۆمۈر چارۋا»سىنى باقىدىغان، ئۈچ ئەۋلاد قۇل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

## 2

## قۇمۇل خەلقى ئۈستىدىكى قوش زۇلۇم

1878-يىلى چىڭ سۇلالىسى ياقۇپ بەگنى مەغلۇپ قىلىپ، 1884-يىلى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ بېكىتتى.

لىيۇ جىنتاڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاكىمىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. لېكىن قۇمۇلدا «بىۋاستە قاراشلىق نازارەت»، بارىكۆلدە «شەھەرلىك ھەربىي نازارەت» تەسىس قىلىنىپ، قۇمۇل ۋاڭنىڭ ھوقۇقى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل خەلقى ئۈستىدە ئىككى ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان غەيرىي سىياسىي تۈزۈم بارلىققا كەلدى. دەسلەپتە «بىۋاستە قاراشلىق نازارەت» بىلەن «شەھەرلىك ھەربىي نازارەت»نىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئايرىلغان بولۇپ، بۇلار ئۆز دائىرىسى ئىچىدىلا ھوقۇق يۈرگۈزەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، قۇمۇل نازارىتىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش دائىرىسى زورايدى.

چەك چېگرىلىرى بۇزۇلدى. زورلۇق-زومبۇلۇقى كۈچەيدى. ھەر ئىككى تەرەپ قولى يەتكەن يەرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم قوشلاندى. يەنى، ۋاڭ زۇلۇمى ئۈستىگە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى زۇلۇمى قوشۇلدى. دېمەك قومۇل خەلقى باشقا جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر ھەسسە ئارتۇق زۇلۇم ئاستىدا قالدى. بۇ ئىككى غەيرى-رەسمىي ھۆكۈمرانلىق ئۆز يېنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن خەلقتىن يىغىۋالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ھېسابلىمىغاندا، يەنى ھەر قايسى باج، سېلىق، ئالۋاڭ ياساقتىن تاشقىرى، چىڭ خاندانلىقىغا قىلىدىغان سوۋغا-سالام، خىزمەت پۇللىرىمۇ خەلقتىن يىغىۋېلىناتتى.

مەسىلەن: شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئون يىلدا بىر قېتىم نىزغىن ئالتۇن-كۈمۈش، دۇنيا-سالام بىلەن چىڭ خاندانلىقى ئالدىغا سالامغا بارسا، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم 40 ھارۋىغا ئالتۇن-كۈمۈش ۋە ئېسىل بويۇملارنى بېسىپ، چىڭ خاندانلىقىغا سوۋغا قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى خەلقتىن يىغىپ ئالغانلىرىنى يەپ-ئىچىپ ئەيشى-ئىشرەتكە ئىشلىتىپ، ئۆزىنى بېيىتقاندىن تاشقىرى، ئۆلكە ئەمىرگە ھەق تاپشۇراتتى، سوۋغا قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقتىن يىغىپ ئېلىناتتى. (بىز قومۇل خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇم، ئالۋاڭ-ياساقلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمىز.) زۇلۇم ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن خەلق بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى.

1907-يىلى «تۆرپاقلار قوزغىلىڭى»، 1912-يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلۇپ، 18 يىلدىن كېيىن ئالدىنقى ئىككى قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. خوجىنىياز ھاجىم ئۈچىنچى قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مۇنەۋۋەر رەھبىرىدۇر.

## 3

## شاھ مەخسۇت ۋە موڭغۇل قۇللار

1890-يىلى شاھ مەخسۇت ۋاڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان قومۇلدىكى 200 دىن ئارتۇق موڭغۇل قۇللار شاھ مەخسۇتقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. ئۇلار ئوقيا، سالغۇ، تاش، ئارقان، كالتەك-چوماق...... قاتارلىقلار بىلەن شاھ مەخسۇتقا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. لېكىن شاھ مەخسۇت ئەۋەتكەن چېرىكلەر قوزغىلاڭچىلار ئىستېھكاملىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، قوزغىلاڭچىلارنى ئۇجۇقتۇردى. شۇ چاغدا غەربىي تاغدا ۋاڭنىڭ

قويىنى باقىدىغان مۇڭغۇل قۇللار تاشقى مۇڭغۇلىيەگە، شەرقىي تاغدىكىلىرى بولسا كەنسۇ ئۆلكىسىگە قېچىپ كەتتى. شىنجاڭدىن كېيىن شاھ مەخسۇت ۋاڭ شەرقىي ۋە غەربىي تاغدا ئىزرۇشازىق مۇڭغۇل قۇللاردىن ئېردىن لاما بىلەن كۆك لامانى زىندانغا تاشلىدى. قوزغىلاڭچى قۇللارغا ھېسداشلىق قىلغان كۆپلىگەن نويىنزر، قازاق دېھقان، چارۋىچىلارنى تۇتۇپ كېلىپ، بەزىلىرىنى جادۇدا توغراپ ئۆلتۈردى. بەزىلىرىنى زىندانغا سالدى. كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆزىگە قۇل قىلىۋالدى. ئەنە شۇ چاغدا قىزمۇلنىڭ تاراتۇ تېغىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ۋاڭغا قۇل بولۇپ قالدى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئۇچىنچى بوۋىسى تاراتۇ تېغىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان بەھەرەم ئىمىنىياز بىلەن قىزىلپوتا سەييىتلار ۋاڭنىڭ قويىنى باقىدىغان، ئايىتىز موھەممەدنىياز يالقىسىنى باقىدىغان قۇلى بولۇپ قالىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قۇل ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىشىدىكى سەۋەب مۇشۇلاردۇر.

4

## خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بالىلىق دەۋرى

خوجىنىياز ھاجىم 1889-يىلى ئۈچ ئەۋلاد قۇللۇقتا ئۆتكەن قۇل دورغىسى ئىمىنىياز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن دادىسى ئىمىنىياز دورغا خوجىنىيازنى قۇللارنىڭ بىراق تۇتۇش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، قۇمۇل شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. (خوجىنىياز بۇ مەدرىستە شاھ مەخسۇتنىڭ نەۋرىسى بېشىر شاھزادە بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ.) خوجىنىياز كىچىكىدىن كەمسۆز، تىز ئاچچىقى كېلىدىغان. زېرەك، ئۇچرىغان ھادىسە، ۋەقەلەرنى تىز تەھلىل قىلىپ ئۇلگۇرەلەيدىغان. ئۆتكۈر كوچاۋاك ھەم چوڭ يۈرەك بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇڭا ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سۇئال-سوراپ ئوقۇيدىغان بولۇپ چىرڭ بولىدۇ......

ۋاڭلىق بەلگىلىمىدە، قۇللار بالىلىرىنى 18 ياشقا كىرگەندە ۋاڭنىڭ تىزىمىغا ئالدۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن تىزىمدا ئېلىنغان قۇلغا بېقىش ئۈچۈن چارۋا، تېرىش ئۈچۈن يەر بېرىلەتتى. ئىمىنىياز دورغا ئوغلىنىڭ قۇللار تىزىملىكىگە كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى 17 يېشىدىلا ساۋۇر ئاخۇن دېگەن بىر قۇلنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ، ئۆيىنى ئايرىپ قويىدۇ. 1907-يىلى 1-ئايدا ئىمىنىياز ئاخۇن ئائىلىسىگە شىنجاڭ شادىكى ھۆكۈمەت چىرىكلىرىگە ئوتۇن، سامان ئاپىرىپ بېرىش ئالۋىنى كېلىدۇ. ئىمىنىياز ئاخۇن بۇ ئالۋاڭغا ئوغلى خوجىنىيازنى ئەۋەتىدۇ......

خوجىنىيازلار سەپىنى تۈگىتىپ قايتىشىدا يولدا جىددىي بولۇپ قالىدۇ. سەپەر-

چەللەر يولىدىن ئېزىپ قېلىپ، كۆپلىگەن ئادەملەر ۋە ئات، ئېشەكلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئالاۋۇتقا مەسئۇل بولغان ئوردا بېگى ئىسھاق بىلەن خوجىنىياز قاتارلىق ئۈچ كىشى ھايات قالىدۇ. بۇلار ئاچچىقسۇ دىگەن يەردىكى چاززىغا كەلگەندە، كەينى تەرەپتىن ھارۋىدا كېلىۋاتقان ھارۋىكەش بىلەن 20 نەپەر چېرىكنىڭ توڭلاپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ چاززىدا تۇرغان چېرىك ئەمەلدارلار، بۇ ئۆلۈكنى كۆرۈپ: «يۇقىرىدىن نۇقتىرۇش كەلدى. بۇلارنىڭ يېنىدا ئىككى جىڭ ئەفيۇن، 50 سەرتەڭگە بار ئىكەن، لېكىن بىز بۇلارنىڭ يېنىنى تەكشۈرسەك يوق تۇرىدۇ. بۇنى سىلەر ئوغۇرلاپ كېتىپسىلەر» - دەپ خوجىنىياز باشلىق ئۈچ كىشىنى تەكشۈرىدۇ. نەتىجىدە خوجىنىيازنىڭ يېنىدىن دادىسى يولخىراجىتى ئۈچۈن بەرگەن بىر سەر تەڭگە پۇل چىقىدۇ. چېرىكلەر بۇنى كۆرگەندە، باشقىلارنى قويۇۋېتىپ، خوجىنىيازنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغان پۇللارنى تاپشۇرۇشقا قىستايدۇ ھەم بىر ئاي ئېغىر ئەمگەككە سالىدۇ. بىر كۈنى قىزىل تەرەپتىن كېلىپ بۇ چاززىدا چۈشكەن ھارۋىكەشلەر قومۇلدا «تۇرپاقلار قوزغىلىڭى» بولغانلىقىنى؛ بۇ قوزغىلاڭنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

خوجىنىياز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇ كېچىسى ھارۋىكەشلەرنىڭ بىر ئېتىنى ئېلىپ تاغ ئىچى-ئوغرى يولى بىلەن قېچىپ ئۆز يۇرتىغا بارماي، قوراي يېزىسىغا كېلىدۇ.

## 5

## خوجىنىياز ھاجىم تورپاقلار قوزغىلىڭىدا

خوجىنىياز قوراي يېزىسىغا بارغاندا، قورايدىكى خەلقلەردىن 300 دىن ئارتۇق كىشى توپلىشىپ قىزىل شەھەرگە- ۋاڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىدى. خوجىنىياز ھاجىم ماناشۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلىدۇ. خوجىنىيازنىڭ ياش، قابىللىقى، ئەقىل-پاراسىتى ۋە تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى، جۈملىدىن قوزغىلاڭ قىلىش ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلار خوجىنىيازنى قوشۇنغا ئالىدۇ. ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم ئادەملىرى قاتارىدا قويىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكىنى تاش-كېسەك بىلەن تاقايدۇ. بىراق ئۇلار كۈتۈلمىگەندە ئوردا ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولىدۇ. قوزغىلاڭ باستۇرۇلىدۇ. خوجىنىياز تاراتۇغا كېتىدۇ. شاھ مەخسۇت ۋاڭ قوزغىلاڭچىلار ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، خوجىنىيازنىڭ بۇ قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئىزلەيدۇ. خوجىنىيازنى تۇتالماي ئامالسىز قالغان ۋاڭ


AltunOq

ئۇنىڭ دادىسى ئىمىنىياز دورغىنى زىندانغا تاشلايدۇ. خوجىنىيازنى تۇتۇش توغرىسىدا مۇنداق ئېلان چىقىرىدۇ:

خوجىنىياز شارلا تېغى -تاراتوتېغىدىن ئىمىنىياز قىزلىنىڭ ئوغلى، ئۇشىنىڭ شىلى شا يېرلى ئاچچىق سۇ چازىسىدىن خۆكۈمەتنىڭ 50 سەر تەڭگە، ئىككى جىلق ئەپيون، بىر ئات ۋە جىزۋا...... قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ، قورايدىن چىققان تورپاقلار قوزغۇلىڭىدا قاتناشقان. ئۇنىڭ بويى پاكار، يۈزى يۇمىلاق، كۆزى يۇگىلەك، قاراقاش ئادەم، ئۇنى كۆردۈم دېگۈچىلەرگە ئۈچ يامبۇ، ياكى ئۈچ ئات، تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە ئۆن ئىككى يامبۇ ياكى ئون ئىككى ئات ئىنئام بېرىلىدۇ......» ئېلان چىقىرىلغاندىن كېيىن خوجىنىيازنى ئىزدىگۈچىلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ. خوجىنىياز ئانىسىنىڭ يارىسى بىلەن يوشۇرۇن ھالدا تۇرپانغا بېرىپ، ئەيساق دېگەن نام بىلەن بىر يىل ئاستانە مازىرىسىدە مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتلار بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ.

شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ خوجىنىيازنى تۇتۇش ھەرىكىتى تۇرپانغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭغا ئاراملىق بولمايدۇ. ئاخىرى ئۇنى ئانىسى ھەجىگە بارىدىغانلارغا قوشۇپ، ھەرەمگە يولغا سالىدۇ.

ئۇ ھەج قىلىپ بولۇپ، قايتىپ كېلىشكە پۇلى بولمىغاچقا شۇ جايدىكى بىر باينىڭ خورمىزارلىقىدا ئۈچ يىل ئىشلەپ، يول خىراجىتى ھازىرلاپ ئاندىن ۋەتەنگە قايتىدۇ. ئۇ، 1912-يىلى يىل بېشىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ.

6

## خوجىنىياز ھاجىم تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدا

1912-يىلى ئۆلكە ئەمرى يەڭ داخۇا ئۆلكە مەركىزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئىلى خەلق قوشۇنىنى توساش ئۈچۈن قۇمۇل ۋاڭغا 500 نەپەر ئەسكەر ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ ھېسابلىغان ئادەملەرنى ئەسكەرلىككە ئالىدۇ ۋە ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ. بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە تۆمۈر خەلپىمۇ بولۇپ، ئۇ يولدا ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇ قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، قورال ئۇچىنى قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتقا قارىتىدۇ. ئازاب چەككەن قۇمۇل خەلقى بۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. بۇ ۋاقىت خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىمۇ بۇ قوزغىلاڭغا پىدائىي بولىدۇ ھەم بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە جاسارەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، كۆزگە كۆرۈنىدۇ-دە تۆمۈر خەلپە قوشۇنىدىكى باتۇرلار سېپىگە

قوشۇلىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا قاتناشسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۆمۈر خەلپىگە مۇھىم مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تۆمۈر خەلپىگە مەسلىھەتچى بولىدۇ. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى «سولھى» بىلەن «تىنجىتىلغاندا» خوجىنىياز ھاجى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ھەتتا مىلتىق ئۇچىنى دۈشمەنگە قارىتىدۇ. 1913-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭى تۆمۈر خەلپىنىڭ قالمىش قىسىملىرىنى يوقىتىشقا قوشۇن ئەۋەتىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى تاغدىكى قوشۇنلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ بىر مەزگىل ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قورال ياراقنىڭ ناچار بولۇشى، سان جەھەتتىن ئاز بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلى، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلارنى تارقىتىۋېتىپ ئۆزىلا يەككە قالىدۇ.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ بارلىق چارە-تەدبىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنى ئىزتۇشقا كىرىشىدۇ.

7

## سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن 15 يىل

1913-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ ئىچ-ئىچىگە سىغماي قالغان شاھ مەخسۇت ۋاڭ قالمىش قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، 12 تاغ 5 شەھەرگە لەشكەر چىقىرىپ، تىنتىمىش ئېلىپ بېرىپ قوزغىلاڭ ئەزالىرىنى بېسىقتۇرۇشقا كىرىشتى. پۈتۈن قۇمۇل زېمىنىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ دەسسەشكە ئايىغى ئەمەس، بەلكى تىنىقى چىققۇدەكمۇ بوشلۇق قالمىدى......

خوجىنىياز ھاجىم بارىكۆل ئارقىلىق ئالتايغا بېرىپ، تاشقى مۇڭغۇلىيەگە بېرىشنى پىلانلىدى — ھە بارىكۆلگە بېرىش بىلەنلا ئىسمىنى يەنىلا ئىسھاق دەپ ئاتاپ، ئالتاي چىڭگىلدە ئاكام بار، شۇنى ئىزلەيمەن: دەپ يۈردى.

خوجىنىياز ھاجىم ئالتايغا قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن يولدا «قامزا» دېگەن بىر قازاق يىگىتى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ھەمرا بولدى. (قامزا ئەسلىدە بارىكۆل، ئالتاي ئارىلىقىدا ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھاڭدار ئوغرى ئىكەن.) يول ئۈستىدىكى بىر قونالغۇدا، قامزا، خوجىنىياز ھاجىم ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ياخشى ئېتىنى ئوغرىلاپ، ئۆزىنىڭ تۈزكۆر بايتال ئېتىنى تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كېتىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئامالسىز تېلىپ مائىلىپ، دېگەن ئوكوردەيىنىڭ ئاۋۇلىدا بىر يىل قوي باقىدۇ. ياڭزېڭشىنىڭ بىلەن شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۆز كېلىشىمى بويىچە، خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇش قارارىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ھەممە يەرگە

تەك ئېلانلار تارقىتىلدى. تاغلىقلار، «ئالىپ ئۇكۇر» دەيدىغان مالچىسى ئىسھاقتىدىنمۇ گۇمانلىنىدۇ. ھەتتا تۆت قازاق يىگىتى ھاجىمنى تۇتقىلى كېلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم بۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ قېلىپ «ئالىپ ئۇكۇرەي» نىڭ بىر ئېتىنى مىنىپ، ئۇ جايدىن كېتىپ قالىدۇ. بەختىگە قارشى ئات ئۆلۈپ قېلىپ پىيادە قالىدۇ. ئۇ بىر قانچە كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ چۆچەككە كېلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىم چۆچەكتە بولغان مەزگىللەردە ئىسمىنى «قامزا» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىم كېيىم-كېچەك، گەپ-سۆز جەھەتتىن قازاقلىشىپ بولغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجىم مامۇت باي دېگەن بىر ئۇيغۇر چارۋىچىنىڭ يىلقىنى باقىدۇ. مامۇت باي ئۆزىگە سادىق بولغان بۇ مالاي «قامزا» غا ئىشەنچ باغلايدۇ ــ دە قويلىرىنى بورتالانىڭ قىزىل يۇلتۇز دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ بېقىشنى تاپىلايدۇ. خوجىنىياز ھاجىم بورتالاغا بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن مامۇت باي قويلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بەرگەن قورال بىلەن ئوۋچىلىق قىلىدۇ. شۇ بانا بىلەن قارىغا ئېتىشنى مەشق قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئوۋلىغان ئۈچ دانە بورقاق (بۆكەك) مۈڭگۈزىنى مامۇت بايغا بېرىدۇ. مامۇت باي بۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولىدۇ ۋە خوجىنىياز ھاجىم ــ «قامزا» غا يېتەرلىك ئوق-دورا بېرىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ مالچىلىق كۈنلىرى ئوۋچىلىق قىلىش ۋە قارىغا ئېتىش بىلەن ئۆتىدۇ.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۆز شپايكىلىرىنى خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە يولغا سالغان ئىدى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىمنىڭ چۆچەكتە بارلىقىنى بىلىپ ۋاڭغا مەلۇم قىلىدۇ. شاھ مەخسۇت ۋاڭ توختۇنلۇق نىياز شەنزۇ(شەنزۇ يېرىم ھاكىم)نى خوجىنىياز ھاجىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ۋەتەندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ــ دە چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بارىدۇ.

## 8

## خوجىنىياز ھاجىم سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا

خوجىنىياز ھاجىم چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر رايونى-يار كەنتكە بارىدۇ. ۋە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بىر قىشلاقتا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ جايدىكى ئۇيغۇر، قازاق قېرىنداشلىرى بىلەن چىقىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ دوست بۇرادەرلىرى بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. خوجىنىياز ھاجىم چېگرىدىن ئۆتۈش ئالدىدا، بورتالادىن ئوۋلىغان بىر قانچە بورقاق (بۆكەن) مۈڭگۈزىنى مامۇت

بايغا بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي ئېلىۋالغان ئىدى. خوجىنىياز ھاجى ئېلىۋالغان بۇكەن موڭگۇزلىرىنى ياركەنت بازىرىدا غۇلجىلىق ۋەلى باي دېگەن ئاتاغلىق كىشىگە ساتىدۇ. ۋەلى باي مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خوجىنىياز ھاجى بىلەن تونۇشىدۇ ھەم ئۇنىڭ داۋاملىق ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرۇشىغا ئات، قاپقان، ياخشى قورال ۋە ئوق دورا بېرىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ شارائىتى ياخشىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوۋچىلىق ئىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قانچە چوڭ-كىچىك شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولىدۇ. يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاڭ سەۋىيىسى ئۆسىدۇ. جەمئىيەت ۋە ھاياتنى چۈشىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي-ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى سېلىشتۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىلغار تېخنىكىلىق قورال ياراقلارنى كۆرۈپ، 1907-يىلىدىكى «تۇرپان قوزغىلىڭى» ۋە 1912-يىلىدىكى «تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى» دا ئىشلەتكەن قارامىلتىق ۋە 9، 10، 11، 12 ئاتارمىلتىقلارنى ئەسكە ئېلىپ، «ھەتتەڭگەي: ئەگەر شۇ ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق قوراللار قولىمىزدا بولغان بولسا، تەقدىرىمىز ئاللىقاچان ھەل بولۇپ، زۇلۇمغا زاۋال ئاتا قىلغان بولاركەنمىز....... ھېلىمۇ خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلسا، خەلقىم بىلەن بىرلىكتە مەخسەتكە يېتەرمەن ...» - دەيدۇ.

## 9

## خوجىنىياز ھاجىم سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە

1917 — يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى خەلق ۋە مىللەتلەرنى ئويغاتقىنىدەك، بىر ئۆمۈر ئىنقىلاب ئارزۇسىدا چەت جايلاردا خاكسار تۇرمۇش كەچۈرۋاتقان خوجىنىياز ھاجىمنى ئويغاتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئۈمىت — ئارزۇلار بىلەن ياشاردى. ئۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا پرولېتارىيات تۇتقان قورالنى، ئۇلارنىڭ پېشانىسىدا يالتىراپ تۇرغان بەش يۇلتۇزنى كۆرگەندە ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يانغان ئىنقىلاب ئوتى ئۇنى قوراللار بىلەن تونۇشۇش، ئوقتىلىق ھەربىي تەلىم — تەربىيە ئېلىشقا ئۈندىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى پۈتۈن سو-

ۋېت گىراژدانلىرىغا ھەربىي تەلىم — تەربىيە ئېلىش لازىملىقى ھەققىدە مۇراجەتنامە
ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى ئۆز خوجايىنى ۋەلى بايغا مۇراجەت قىلىپ
ھەربىي تەلىم — تەربىيە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋەلى باي ھىممەت بىلدۈرۈپ،
خوجىنىياز ھاجىمنى ئۆز ئوغلى نامىدا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەربىي تەلىم —
تەربىيە ئېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. خوجىنىياز ھاجىم ھەربىي تەلىم — تەر-
بىيە جەريانىدا ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرى نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئىگىلىدى. بارلىق ئېت-
ىمر — يىنىك قوراللار، ھەر خىل چوڭ — كىچىك تىپتىكى توپ-
زەمبىرەكلەر ۋە پارتلاتقۇچ دورىلار بىلەن تونۇشتى. ھەتتا ئاددى زىنتقا قەدەر ئۇ ئۆ-
زىنىڭ كونا مەرگەنلىكى بىلەن قارىغا ئېتىش ماھىرى بولۇپ قالدى. تەلىم — تەر-
بىيەنى ئالى نەتىجە بىلەن ئاياقلاشتۇردى.

خوجىنىياز ھاجىم ھەربىي تەلىم — تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتى-
پاقىنىڭ بىر قانچە شەھەرلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. كونا ساۋاقدىشى
مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان «كالتە چاپانلار تەش-
كىلاتى»، «مەدەنىيەتپەرۋەرلەر تەشكىلاتى» ۋە «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئاساسلىق
رەھبەرلىرى ھەمدە 3 - ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئۇيغۇر ۋەكىلى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ
قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە سۆھبەتتە بولدى. بولۇپمۇ شىنجاڭلىق سودىگەر-
لەر كۆپرەك بولغان شەمەي، زەيسەن، توقماق، قاراقول ... قاتارلىق جايلارغا بېرىپ،
شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن تونۇشتى. كونا ساۋاقدىشى
مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلا بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى
ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ، بېرىپ شىنجاڭدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبە ساۋاق-
لىرى بويىچە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىشتى. لېكىن شارائىت ئۇلارنىڭ
ھەرىكەت قىلىشىغا يار بەرمەيتتى. خوجىنىياز ھاجى 1932 — يىلىغىچە سوۋېت ئىتتى-
پاقىدا بولۇپ، ئۇ بۇ مەزگىلدە ئۆتكۈر سىياسىي پىكىرلىك، يۈكسەك ھەربىي ماھارەتكە
ئىگە، ئەقىل، پاراسەتلىك بىر كىشى بولۇپ يېتىلدى.

1923 — يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن شىن-
جاڭلىق سودىگەرلەر ۋەتەنگە قايتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىمۇ ۋەلى
باي بىلەن ئىلىغا كەلدى. ئىلىدا تۇرغان مەزگىلدە ۋەلى باينىڭ تونۇشتۇرۇشى بى-
لەن ھۆسەنباي ھاجىم، ياقۇپ باي ۋە ھەكىم بەگ خوجىلار بىلەن ئۇچراشتى.

## 10

## خوجىنىياز ھاجىم ئۈرۈمچىدە

خوجىنىياز ھاجىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر
مەزگىل ئىلىدا تۇردى. كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە تۇردى. ئۈرۈم-
چىدە تۇرغان مەزگىلدە تەشكىللىنىش ۋە پىلانلىق ھالدا تەشكىللەش خىزمىتى بىلەن

AltunOq

شۇغۇللاندى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يۇرت كاتتىلىرى، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب قىلىش ئىشىنىڭ ئۇرۇشىغا ياردەم بەردى. خوجىنىياز ھاجىم خەلقنى ئويغۇتۇش ئىشلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىش بىلەن بولدى. (يېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولـ غان ئۆزگىرىشلەرنى پەقەت خوجىنىياز ھاجىم ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىقىنى، بۇرۇن بۇنـ داق سۆزلەرنىڭ ئۈرۈمچىدە يوقلۇقىنى ئېيتقان). ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، ئالتاي، ھەتتا خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆزىتەتتى. جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ.

1927 — يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلار بىلەن توختام تۈزۈپ، خوجىنىياز ھاجىم قۇمۇلدىن، مەخسۇت مۇھىتىلار تۇرپاندىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ.

1927 — يىلى يىل ئاخىرىدا خوجىنىياز ھاجىم دادىسىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىـ نى ئاڭلاپ، قۇمۇلغا باردى ھەمدە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى كۆزەتتى.

1928 — يىلى 5 — ئاينىڭ 16 — كۈنى شاھمەخسۇت ۋاڭ ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى نەزەر، ۋاڭ بولدى. 1928 — يىلى 7 — ئاينىڭ 7 — كۈنى ياڭ زېڭشىنىڭ فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى.

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر، قوزغىلاڭ ھازىرلىقىنىڭ جىددىي ئېلىپ بېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا «جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدە ۋاڭـ لىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭلىق دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس» — دەيدۇ. ئۆزىگە نۇرغۇن يېڭى سالالارنى ئېلىپ كەلگەن. نەزەر ۋاڭنى ئۈرۈمچىدە تۇتـ لاپ قېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نەزارىتى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

شىنجاڭدا ئىمپېرىيالىزملىك ھاكىملىق تۈزۈم ئورنىتىلىدۇ. قۇمۇل ئۈچ ناھىيەگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىنىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتىن كېيىن مەخسۇت مۇھىتى ۋە قاھىرىيەكلەر (1929 — يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار ئىنقىلاب تەجرىبىسى ۋە ئىلىم — پەن، مەدەنىيىتىنى تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، سودىگەرچىلىك باھانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، موسكۋا قاتارلىق جايلاردا بولىدۇ. ھەر ساھەلەردىن ئۆـ گىنىش ئېلىپ بارىدۇ.

× × ×

«بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلدۇم» — دېگەندەك، قۇمۇل ۋاڭنىڭ زۇلمىدىن

«قۇتۇلدۇق» — دەپ ئويلىغان خەلق، ھەلىگەر جاللات — جىلىڭ شىۋرىن ۋە ئۇنىڭ چېرىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا قالدۇ.

جىلىڭ شىۋرىن ۋە ئۇنىڭ قول چوماقچىلىرى ئاسانلا قولغا كېلىپ قالغان بۇ «تاجۇ — تەخت» نىڭ ئۇزۇن ئەۋر سۈرەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

شۇڭا ئۇلار بۇ ئامەتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئالمان — تالمان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالۋاڭ ياساقلارنى كۆپەيتتى، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنى ئازابلاش بەدىلىگە ئۆز چۆنتەكلىرىنى تولدۇرۇشتى. خەلق بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولۇشتى. شۇ ۋاقىتتا ئايرىم خەلقلەر ئىچىدە: «چىچەنگە ئۇنىماي، باچەنگە ئۇنىدۇقمۇ؟» بۇ قانداق يېڭى ھۆكۈمەت بولسۇن؟ بۇنداق ھۆكۈمەتتىن ۋاڭ ياخشى ئىكەنغۇ» دېگەن پاراڭلارمۇ بولدى. خەلقنىڭ بۇ ئىنكاسى بەزىلەر دېگەندەك بۇ ھەرگىز قۇمۇل خەلقىنىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى قايتا تىكلەشنى تەلەپ قىلىشى بولماستىن، ئەكسىچە جىلىڭ شىۋرىن ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا پۇرسەتتىن پايدىلانغان يولۋاس خەلقنىڭ بۇ خىل پىكىرىنىڭ ھىمايىچىسى بولىۋالدى — دە نەزەر ۋاڭ قۇمۇلدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەشىر شاھزادىنى (ئەينى ۋاقىتتا ئوردا ھەربىي ئىشلار نازارەتچىسى ئىدى) ۋاڭ قىلىپ تىكلەپ، ئۆزى ئوردا بېگى بولىۋالدى. قۇمۇل جىلىڭ شىۋرىن ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلدى. جىلىڭ شىۋرىن نەزەرنى ئۇلارغا نەسىھەتكە ئەۋەتتى. لېكىن بەشىر ۋە يولۋاسلار نەزەرنىڭ گېپىگە قولاق سالمايدۇ. نەزەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلىدۇ.

بەشىر شاھزادە ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، ئوردا قائىدىسى بويىچە تاغلىق يەلەڭ ۋاڭلارغا ئىلتىماس تارقىتىپ، بىرتال ئىلتىماس ئۈچۈن ئىككى دانىدىن بوغا مۈڭگۈزى تاپشۇرۇش ئادىتى قويىدى. بۇ قېتىم قاراتو تېغىغا قويۇلغان ئالۋانغا خوجىنىياز ھاجىمۇ قاتناشتى. خوجىنىياز ھاجىم ۋاڭ بەرگەن ئىككى دانە ئىلتىماسقا، مەخسەتلىك ھالدا ئالتە دانە بوغا مۈڭگۈزى تاپشۇردى. بەشىر ۋاڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران بولغان ھالدا ئەھۋالنى سورىغاندا، ھال تاپشۇرغانلار: «قاراتو تېغىدىن بىر مەرگەن چىقتى، ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدۇ. ئۇچار قۇشلارمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دەپ تەرىپلەيدۇ. ۋاڭ ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى سورىغاندا، بىز ئۇنى «پالۋان» دەپلا ئاتايمىز، ئاڭلىساق، «ئۆزلىرى بىلەن مەدرىستە بىللە ئوقۇغان كىشى ئىكەن» — دەيدۇ.

بەشىر ۋاڭ سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ كىشىنىڭ خوجىنىياز ھاجىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

# 11

## خوجىنىياز ھاجىم ۋاڭ ئوردىسىدا

بېشىر ۋاڭ خوجىنىياز ھاجىم بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتى، بولۇپمۇ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قابىل مەرگەنلىكىگە خۇشتار بولۇپ، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىدۇ. بېشىر ۋاڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىمنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىشىدىكى مەقسىتى ئۇنىڭ تالانتىدىن پايدىلىنىش ئىدى. خوجىنىياز ھاجىم ئوردا بەگلىرىدىن يۇسۇپ بەگ چىقىپ ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلغاندا ئاندىن ئوردىغا كىلىدۇ. بېشىر ۋاڭ ھاجىمنى ناھايىتى بەك ھۆرمەت قىلىدۇ.

بېشىر ۋاڭ ھاجىمنىڭ مەرگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزى ئوۋغا چىقىدۇ. ۋاڭ ئۇچرىغان جانلىقلارغا نىشانسىز ئوق ئاتىدۇ. ئوقنىڭ بىرەرسىمۇ تەگمەيدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئارقىدا تۇرۇپ، ئۇچرىغان جانلىقلارنى يىقىتىدۇ ۋە: «ۋاڭ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئاتقان ئوق دەل تەگدى» — دەيدۇ. ۋاڭ بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولىدۇ. بارا — بارا ۋاڭنىڭ ھاجىمغا بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىشكە باشلايدۇ. جۈملىدىن خوجىنىياز ھاجىم ئۈستىدىن تۆلىراق شىكايەت قىلىدىغان ھەسەتخور ئوردا بېگى يولۋاسنى ئوردا بەگلىكىدىن قالدۇرۇپ، بازار بېگى قىلىپ قويىدۇ. خوجىنىياز ھاجىمنى ئوردا بېگى ھەم ئوردا پالۋانلىرىنى تەربىيىلىگۈچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئوردا بېگى بولغان مەزگىللەردە راھەت، پاراغەت، ئەمەل، مەنسەپكە بېرىلمەي، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە ھەم ۋاڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلار ھەم توخسۇنلۇق توختى لويجاڭ (توختى ئېلى)، كۇچارلىق تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ)، ھادى ئەلەم قاتارلىقلار ھەم ھەر قايسى جايلاردىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، قوزغىلاڭ ھازىرلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دېمەك: شىمالدا ئالتايدىن جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ.

1929 — يىلى جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتى بېشىر ۋاڭغا قايتا — قايتا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆلكىگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بېشىر ۋاڭ ۋاڭلىقنى ساقلاش ئۈچۈن قۇمۇلغا قاراشلىق 12 تاغ ۋە بەش شەھەردىن مەرگەن تاللاپ ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىمنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم

بۇ يۇرتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇزۇن ئەمگەكچى تاغ ۋە بەش شەھەر[1] (5 شەھەر — سومقاغا، توغۇچى، لاپچۇق، ئاستانە، قارادۆۋە) دىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ. دېمەك خوجىنىياز ھاجىم 1929-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1931-يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇردا ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى كۆپ قوزغىلاڭ ھېيداشلىرىنى قولغا كەلتۈردى.

× ×

جىڭ شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىنىڭ دەۋرىدە قومۇلدا خىزمەت قىلغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئالماشتۇردى. ئۆزىنىڭ ئۇرۇق تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنى باج كىرىمى ئەڭ كۆپ بولغان ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى ئىقتىسادىي ئورۇنلارنى قامال قىلدى. جىڭ شۇرېننىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئاسان قولغا كەلگەن بۇ ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى بېيىتىش ئىدى.

1931 - يىلى جىڭ شۇرېن ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى جاڭ كۇخۋانى ئارا تۇرۇك داھىيەسىنىڭ سۇيول دېگەن يېرىدىكى چازىغا باج ئەمەلدارى قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ سەنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى مۇھىم جاي بولۇپ، باج كىرىمى ئەڭ ئۈستۈن ئىدى. جاڭگۇخۋا بۇ جايغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن بىر ئۇيغۇر قىزغا ئۆيلىنىمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

قىزنىڭ ئاتىسىغا ئادەم قويۇشتىن تاشقىرى، قورال ئېسىپ ئىشلىتىدۇ. زۇلۇم دەستىدىن جېنىدىن جاق تويغان خەلق قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ. خەلق قانچە ئېغىر بېسىقلىق قىلسا، جاڭگۇخۋا شۇنچە ھەددىدىن ئاشىدۇ.

ئۆزىنىڭ پاك قان ۋە نەسلىنى بولغاشقا يول قويمايدىغان ئۇيغۇر خەلقى جاڭگۇخۋاغا قارشى قوزغىلىدۇ.

خەلق بۇ قوزغىلاڭغا خوجىنىياز ھاجىمنى يېتەكچى دەپ تونۇيدۇ (بىز بۇ يەردە باشقا يۇرت كاتتىلىرى ئۈستىدە توختالمايمىز). خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇ قوزغىلاڭغا قاتنىشىشىنى ۋە رەھبەرلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپ خوجىنىياز ھاجىم ئۈچۈن ئۇلۇغ شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە قوزغىلاڭ جاڭگۇخۋا ئۈستىدىن باشلىنىدۇ.

## 12

## «توپە كۆزىدىكى شەلپە»

1931 — يىلى 2 — ئاينىڭ 18 — كۈنى ئابدۇنىياز مىراپ، سالىھ دورغا، خو-

جىننىياز ھاجىم ... قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى ئاچقان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلان يىغىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

1931 — يىلى 2 — ئاينىڭ 20 — كۈنى داقا — دۇمباق، داغرا — سۇنايلار بىلەن باشلانغان «توي» مۇراسىمى ھەممە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلدى. جاڭ‌گۇخۇا «قىزنى بەرسىمىز» دېگەن ۋەدە بويىچە 33 نەپەر قوراللىق ئەسكەر بىلەن توي مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ........

كەچتۇرۇن جاڭگۇخۇا قىز ھوجرىسىغا باشلاندى. جاڭگۇخۇا ھوجرىغا كىرىش بىلەنلا قىزچە ياسانغان يىگىت (ئىمىن ئىسمايىل) ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئىمىن جاڭگۇخۇانى قۇچاقلاپ ئالغان پېتى جايىدىلا ئۆچۈقتۇردى. بۇ چاغدا توي مەيدانىدىكى تەييار تۇرغان يىگىتلەر جاڭگۇخۇانىڭ 33 نەپەر ئەسكىرىنى يېسىقتۇردى. قورالغا ئىگە بولغان يىگىتلەر دەرھال جاڭگۇخۇا تۇرۇشلۇق قورغانغا قاراپ ئاتلاندى. قورغان ئەمەلدارى ئابدۇنىيازنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، قورغاندىكى يۈزدىن ئارتۇق چېرىك يوقىتىلدى.

ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان «توي» دىكى بۇ غەلىبە قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەشكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

يۇرت كاتتىلىرىدىن سالىخ دورغا، ئابدۇنىياز مىراپ، باقى نىياز دورغا خوجىنىياز ھاجىم، قاسىم پالۋان، يەھيا ئىمام، ئىبراھىم قۇرماللار يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭچى قوشۇن تەشكىللەندى. بۇ قوشۇنغا ئىز ئەتكى تاغ بەش شەھەردىكى ئۆرـقۇدلىغان كىشىلەر قاتنىشتى. خوجىنىياز ھاجىم بۇ قوشۇننىڭ ھەربىي قوماندانى بولدى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بۇ ئىشتىن ئىنتايىن بەك ئالاقزادە بولۇپ، ياڭ زېڭشىنىڭ تۆمۈرخەلپىگە ئىشلەتكەن كونا ھىلىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، سۈلھىگە ئادەم ئەۋەتتى. سۆھبەتتە خوجىنىياز ھاجىم: «قۇمۇلنىڭ ئاماللىقى قۇمۇل خەلقىگە تاپشۇرۇلىشى لازىم. ....» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. جىن شۇرېن ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ نەتىجىدە، كېلىشىم ئورنىدا ئۇرۇش بولدى.

## 13

## دەسلەپكى بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار

1931 — يىلى 2 — ئاينىڭ 20 — كۈنى «توي» مۇراسىمى بىلەن باشلانغان قوزغىلاڭ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. جىن شۇرېن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندانى (قۇمۇل سىجاڭسى) لىيۇشىزىڭگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوزغىلاڭنى باستۇرماقچى بولدى. لىيۇشىزىڭ يولۋاس باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتتى. يول—

Altunoq

ۋاس باشچىلىق قىلغان قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، بىر نەچچىسىلا ساق كېلەلىدى. تۆۋەندىكى قوشاقتىن ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

سايلار ئارا چىرىدەك چىقتى،
ئەلىمىزنى دىڭگايىتىپ،
چەنلەپ ئاتتۇق، دۈشمەن قاچتى،
مۇردىسىنى قىڭغايتىپ.

چىقىپ كەلگەن چېرىكلەر،
ئاردىلاپ ئاتتى تاك — تاكىنىا
تانچىلار يامان ئىكەن،
تارتىپ ئالدى جون چاكىنى

بىر قانچە قېتىم چىقىرىلغان ئەسكەرلەر قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن زەربە يېدى.

يولۋاس باشلاپ چىققان قىسىم زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، لىيۇشىزلىڭ باتاليون كوماندىرى جىڭ ئەن بىلەن بىر باتاليون ئەسكەر ئېلىپ كوشوتى داۋىنىغا چىقىدۇ. يەر شارائىتى بىلەن پەششىق تونۇش، ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ئۇستا بولغان خوجىنىياز ھاجىم ئۈچ ناھىيىنىڭ يولىنى كونترول قىلىدىغان بۇ ستراتېگىيىلىك جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ماسلىشىپ جەڭ قىلىدۇ. جىڭ ئەن باشچىلىقىدىكى بۇ بىر باتاليون دۈشمەن ئەسكىرى خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس يوقۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى مۇنۇ قوشاقتىن ئاڭلاڭ:

خويمۇ ئوبدان جەڭ بولدى،
كوشوتى دېگەن جايدا.
جىڭ ئەن باشلىق چېرىكلەر،
تامام ئۆلدى شۇ جەڭدە.

بىر قانچە قېتىملىق ئۇرۇشلارغا لىبىملىك ئېلىپ بېرىلىپ، دۈشمەن قىسىملىرى مەغلۇپ بولىدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلانغان يولۋاس دەرھال قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا بېرىپ قوشۇلۇۋالدى. مۇشۇ كۈنلەردە گەنسۇ، چىڭخەي ئەترابلىرىدا خەلقنى بۇلاپ-تالاپ، مابۇفاڭدىن قېچىپ يۈرگەن ماجۇڭيىڭ 200 دەك ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن قۇمۇلغا چىقىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن قۇمۇل شەھىرىنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، ماجۇڭيىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ جەڭ قىلىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ماجۇڭيىڭ خەلق تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدۇ. قوزغىلاڭچىلار «يېڭى شەھەر» ۋە «كونا شەھەر» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەھەرنى ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە قىلىپ ئالالمايدۇ. ماجۇڭيىڭ گەپ — سۆزسىزلا، قوشۇنلىرىنى بارىكۆلگە يۆتكەپ كېتىدۇ. كېيىن جىڭ شۇرېن ئەۋەتكەن لۇيجاڭ دوۋجېڭگو باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن لاۋدوڭ دېگەن جاينىڭ چىڭلۇچەن دېگەن يېرىدە سوقۇشۇپ، دوۋ لۇيجاڭ قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن تۆۋەندىكى قوشاقلار توقۇلىدۇ:

لازدۇڭدىكى سوقۇشتا،
يېيۋەنچەنگە ئات سالدۇق.
دولۇيجاڭنىڭ چېرىگىنى،
چېلەك لوچەندە قاق سالدۇق.

خوجىنىياز ھاجى باش بولۇپ،
بىزنى جەڭگە باشلىدى.
دولۇيجاڭنىڭ چېرىكى،
قوراللىرىنى تاشلىدى.

دولۇيجاڭ قوشۇنىنىڭ يوقىتىلغانلىقى ۋە قۇمۇلنىڭ مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى ئاڭلىغان جىن شۇرېن شېڭ زىخۇي (شېڭ شىسەي) نىڭ قوماندانلىقىدا بىر لوي ئاتلىق (موڭغۇل، شىبە، روس) ئەسكەرلىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتتى. خوجىنىياز ھاجى لودوڭدا شېڭ شىسەي قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشتى. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى 1 - سەپتە، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى 2 - سەپتە ئىدى. 3 كېچە-كۈندۈزلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن، شېڭ شىسەي قورشاپ ھۇجۇم قىلدى... ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ گەنسۇغا چېكىندى، خوجىنىياز ھاجىم ئۆز قىسىملىرىنى تاراتۇغا ئېلىپ كەتتى.

ماجۇڭيىڭ گەنسۇغا چېكىنىش ۋاقتىدا قۇمۇل خەلقىنى ئېغىر ھالدا بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇپ بەردى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىمنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى. خوجىنىياز ھاجىم سۆھبەتكە كەلدى. لېكىن 4 كۈنلۈك سۆھبەتتە خوجىنىياز ھاجىمنى ئۆز مەقسىتىگە بويسۇندۇرالمىغان ياۋۇز شېڭ شىسەي رەزىل ۋاستە قوللىنىپ ئۇنى تۇتۇپ قالدى. خوجىنىياز ھاجىم دەرھال ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرىنى ئالداپ تاققا ئېلىپ چىقتى. قوزغىلاڭچىلار بار جايغا كەلگەندە غايىپ بولدى ۋە شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەردى. بۇ زەربىدىن كېيىن شېڭ شىسەي بارلىق قوشۇنىنى توپلاپ تاراتۇغا چىقىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرماقچى بولدى. ئەمما ئۇرۇشقا ماھىر قوزغىلاڭچىلار شېڭ شىسەينىڭ 100دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى. بۇنى كۆرگەن شېڭ شىسەي تىكىۋەتتى.

## 14

## خوجىنىياز ھاجىم چېگرىدا

1931 - يىلى كەچ كۈزدە، خوجىنىياز ھاجىم ئۈرۈمچى ئەھۋالىنى كۈزەتكەندىن كېيىن، قىسىملارنى تەرتىپكە سالدى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنى باشلاپ شىنجاڭنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن تۇتىشىدىغان مىنگالاڭ دېگەن چېگراغا باردى. ئۇ يەردە ۋەكىللەر سۆزلىشىشى ئارقىلىق موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل

قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللايدۇ. خوجىنىياز ھاجىم ئۇسمانباي، ئىسمايىل ھاجى، سالىھ دورغا، ئوسمانشا، يولۋاس ۋە سەمەت ئاخۇن قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىدۇ. موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئاباي (قازاق) ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى تەن شىگلى (موڭغۇل)، شىرىپ ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى دىلنۇس، بەدىخوجا قاتار- لىق ۋەكىللەرنى خوجىنىياز ھاجىمغا ئەۋەتىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىلتىق (بەزىلەر 120 دانە دەيدۇ. يەنە بەزىلەر 70 دانە دەيدۇ.)، 29 نەچچە ساندۇق ئوق-دورا، 500 تور پاختىلىق كىيىم، 600 دانە چىگىردىن ئۆتۈك، 100 دانە يامغۇر- لۇق چاپان، 500 دانە جۇۋا...... قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ ھەم خوجىنىياز ھاجىم ئۆز قىسىملىرى ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ، ھەربىي شوپۇرلۇق قورال-ياراق رېمونت قىلىش، دوختۇرلۇق، ساتچى ۋە ھەربىي رازۋېت قاتارلىق سا- ھەلەرگە ئوقۇشقا كىشى ئەۋەتىدۇ.

[قىستۇرما سۆز: 1928- يىلى شىنجاڭدا زۇلۇم ھەددىدىن ئېشىپ، يۇرتىمىزدا تۇرۇشقا ئىمكانىيىتى قالمىغاندا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر- دىن 180 دىن ئارتۇق كىشى تاشقى موڭغۇلىيىگە بېرىپ، ئوقۇش، ھۈنەر ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. بۇلاردىن تۇردى ئاخۇن (تۇرپانلىق) ئابلا مەخسۇم (قەش- قەرلىك) مۇشۇر ئاخۇن ئەۋەيدۇل، خامى نىياز، ئاست ئاخۇن، جامال قارى، مەتنىياز ئاخۇن، ئىمىن ئەپەندى، يۇسۇپ موڭغۇل، ھاۋزىدىن ساۋۇت، (ھازىرمۇ ھايات بار)...... قاتارلىق كىشىلەر موڭغۇلىيىگە بارغاندىن كېيىن موڭغۇلىيىگە تارقالغان سوتسىيالىز- منىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇلار يېڭىلىق ئۆگەنگەن، بەزى كىشىلەر ئۈچىن- چى ئىنتېرناتسىئونالغا قاتناشقان كىشىلەردىن ئىكەن. خوجىنىياز ئەۋەتكەن كىشىلەردىن تالىپ ھاجى، سەمەت ئاخۇن ۋە تاشقى موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلاردىن بىرىنچىسى بولۇپ، ئۇلار شوپۇرلۇقنى ئۆگەنگەن. ھېۋىر ئاخۇن، مۇشۇر ئاخۇن قاتارلىق بىرقانچە كىشى تۇرۇۋقلۇق ئارمىيە ئونىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.]

خوجىنىياز ھاجىم قالغان قىسىملىرىنى داۋاملىق مەشىق قىلدۇرىدۇ. بىر تەرەپتىن ئالتايدىكى شېرىپخان تۆرە، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرپاندىكى مەخسۇت مۇھىتىلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، قوزغىلاڭ پىلانىنى رەسمىيلەشتۈرىدۇ. 1932- يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا خوجىنىياز ھاجىم قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۆز يۇرتى تاراتۇغا يۆتكىلىدۇ. خوجى- نىياز ھاجىمنىڭ چېگرىدا قانچىلىك ئۇزۇن تۇرغانلىقىغا مۇنۇ شېئىر گۇۋا بولالايدۇ:

ئالتە ئاي ياتتۇق مىڭگاگدا، بىزلەر ئۆلۈپ كەتسەكمۇ،
سوكسوك بىلەن ئوت قالاپ. ئەل يۇرتلار ئامان قالسۇن.
كۆزىنىڭ گەۋھىرى ئاقتى، بىزنى دېگەن يارانلار،
قومۇل يولىغا قاراپ. ئۆلمەستىن ئامان قالسۇن.

دېمەك: بۇلىڭدىن قارىغاندا، خوجىنىياز ھاجىم يېرىم يىلدەك ۋاقىت چېگرىدا تۇ-
رۇپ ئەسكەر تەربىيىلىگەن. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ مۇڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ھازىرلىقىغا
قارىغاندا قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى ٣-٤ يۈزدىن ئاشسا كېرەك.

خوجىنىياز ھاجىم چېگرىدىن قايتىپ يۇرتى قاراتۇغا كەلگەندىن كېيىن ئاز ۋا-
قىت ئەسكەرلەرنى دەم ئالدۇرۇپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، رەسمىي
ئۇرۇش باشلىدى. بۇ چاغدا تۇرپاندىن مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلار، توخسۇندىن
توختى ئېلى، (33- يىلى) كۇچاردىن تۆمۈر ئېلى، ھادى ئەلەم، باي سىجاڭ، ئالتاي-
دىن شېرىپخان تۆرە، خوتەندىن ئابدۇللا (شاھ مەنسۇر) قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن
قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىق قىلغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى
ھەنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. بۇ قوزغىلاڭ تەسىرىدىن لىڭشىپ قالغان جىن
شۇرېن ھاكىمىيىتى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىندى. شىڭ شىسەي ھاكىمى-
يىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن چەتئەللىك شىنجاڭدا ئۇرۇشلۇق ئىمتىيازلىق كىشى-
لەرنىڭ نىقابلانغان كېيىنلىكىدە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.
خوجىنىياز ھاجىمغا مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورۇن بېرىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى.
بۇ 1934- يىلى 8- ئايدا بولغان ئىش بولۇپ، 1937- يىلى 10 ئاينىڭ 12- كۈنى
خوجىنىياز ھاجىم قولغا ئېلىندى. 1939- يىلى 12 ئايدا ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە مەخپىي
ئۆلتۈرۈلدى...... 1947- يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى رەھبىرى ئەھمەت-
جان قاسىمى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئاتاقلىق داھىسى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ جەسىتىنى
شېرىپخان تۆرىنىڭ جەسىتى بىلەن كۆمۈلگەن يەردىن ئېلىپ چىقىپ، داغ- دۇغىلىق
ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ بېغولەك (شىمالى باغ) ھازىرقى رادىيو
ئىستانسىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى شەھىتلىككە ئاپىرىپ، دەپنە قىلىپ ھەيۋەتلىك گۈم-
بەز ياساتقان ئىدى. (ھازىر بۇ جاي «خوجىنىياز ھاجىم شەھىتلىكى» دەپ ئاتىلىدۇ).
زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن مەرھۇمنىڭ مەقبەرىسى خارابىغا ئايلىنىپ قالغان
بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەلق ئازاتلىقى ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشلىرى، ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھا-
ياتى خەلقىمىز قەلبىدە ئالتۇن مۇنارغا ئوخشاش جۇلالاپ تۇرماقتا.

1986- يىل ئىيۇل. ئۈرۈمچى

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتۈشتىكى بىر قانچە مۇھىم مەسىلىلەر ۋە ئۇسۇل چارىلار

ئابدۇسۈپۈر سەئىدى

مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر قاتارىدا تۈركىي خەلقلەر جەملىسىدىن ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەمگەكچان، پاراسەتلىك، باتۇر خەلق ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخى جەريانىدا ئىنسانلار قەلبىنى زور ھاياجانغا سالىدىغان نۇرغۇن نادىر مەنىۋى يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان. جاھان شۇمۇل ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان. بۈيۈك مۇتەپەككۇر پەيلاسوپلارنى، مۇختەرى ۋە ئاسترونوملارنى، ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابلىرىنى ۋە سەركەردىلەرنى، مەشھۇر مۇزىكانتلارنى، جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە مەڭگۈ ئۆچمەس نۇرلۇق يۇلتۇزدەك يالتىراپ تۇرىدىغان ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن يازغۇچى، شائىر، ئالىملارنى ئەمگەك سۆيەر، باتۇر، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرگەن.

ئەپسۇسكى سول گۇرۇھ شۇنداق ئۇلۇغ بىر خەلقنىڭ ئۆز تارىخىنى، مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى، ئالىم، يازغۇچى، شائىرلىرىنى ئەجدادلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قانداق تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى بىلىشكە يول قويمىدىلا ئەمەس بۇ شەرەپلىك تارىخ ۋە تەڭداشسىز مول مەزمۇنلۇق نەتىجىلەر ئۈستىدە ئازراق سۆزلىگەن ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنى ياۋۇزلارچە يېقىتتى، سۈرگۈن قىلدى، جىمىقتۇردى.

پەقەت ج ك پ 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا بۇ ساھەدىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتلەر ئىشىكى ئېچىلدى. ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە ئۆزىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تاللاپ كىرگۈزۈپ ئوقۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن 1981- يىلى تۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ تولۇق سىنىپلار 3- كىتابىغا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى، ئەلى شىرناۋايى ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلىك پارچىلار كىرگۈزۈلدى.

بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات سەپىدە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بۇ يېڭى ئىمكانىيەت ۋەزىيىتىگە ئوبدان ماسلىشىپ، تىرىشچانلىقىنى ھەسسىلەپ

AltunOq

ئاشۇرۇپ بىلىملىرىنى تولۇقلاپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن دەرس ئۆتۈشنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشنى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

مەن بۇ ماقالىدا كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن دەرس ئۆتۈشتىكى بىر قانچە مۇھىم مەسىلىلەر ۋە مېتودىك پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1- كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن بېرىلگەن تېكىستلەرنى ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى توغرا تونۇش ۋە ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىگە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى مىللەت سۆيەرلىك، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلەرگە باي بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ يېزىش ئۇسلۇبى جەھەتتىمۇ كۆركەم، نەپىس تىلىنى قوللىنىش جەھەتتىمۇ ئۆگىنىشكە، ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىز بۇ خىلدىكى ئەدەبىياتنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارغا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتتىن تەربىيە ۋە بىلىم بېرىش مۇمكىن.

1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تېخىمۇ كۈچەيتىش مۇمكىن. چۈنكى يېڭى تۈزۈلگەن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن كىلاسسىك ئەدەبىيات تېكىستلىرىدە خەلقىمىز ئۆزى ياشىغان ۋەتەننىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ياۋغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە جەڭلىرىنى، قانداق قىلغاندا يۇرتىنى ئاۋات، خەلقىنى خاتىرجەم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان مەزمۇنلار بار. مەسىلەن: تولۇق ئوتتۇرا 3-كىتابتا «ئوغۇزنامە»، «مەڭگۈ تاش» ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى، «دىۋان» دىن بېرىلگەن ئەمگەك، پەسىل، باتۇرلۇق قوشاقلىرى، «قۇتادغۇبىلىك» دىن بېرىلگەن ئىلىم-بىلىم ۋە ئادالەتلىك قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشقا ئائىت ئوبرازلىق مەزمۇنلار، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دىن بېرىلگەن ئىلىم ۋە مەرتلىك ھەققىدىكى مىسرالار ۋە XIII ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن مەشھۇر يازغۇچى شائىرلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق مەزمۇن، كۆركەم تىل بىلەن يازغان داستان لىرىكىلىرى ۋە باشقىلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

بىز دەرس ئۆتكەن چاغدا يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاستە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ قانخورلۇق تەبىئىتىنى ۋە ئاجىز نۇقتىلىرىنى تونۇۋېلىشىغا، باتۇرلىرىمىزنىڭ ئۆز خەلقىنى قانچىلىك ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتا باتۇرلارچە كۆرەش قىلغان ئىنقىلابىي روھىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. مەسىلەن: قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن مەشھۇر «چاستانى ئىلىكبەگ» قىسسىسىدىن مىسال ئالساق ئىلىك بەگ جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە تەلەتى قورقۇنۇشلۇق، بەت-بەشىرىسى ياۋۇز يەك (جىنلار) لەرنىڭ بەرگۈندا كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۈچەي باغىرلىرىنى پەھەنلىرىگە ئورىۋالغان ئاجايىپ قەبىھ جىنايى قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ-دە تەڭدىشى يوق قەھرىمانلىق جاسارەت بىلەن يەكلەرگە (جىنلارغا) ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ، ئۇ نۇرغۇن دۈشمەننى يوق قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزى ئورۇمقى دېگەن ياۋۇز جىنغا چۈشىدۇ. كۆككۈلىسىدىن قاتتىق

تۈگەۋېلىنغان، بوغۇزىغا خەنجەر قويۇلغان بوچىن (دۈشمەن) دىرىلدىر تىترەپ باتۇرەتتىن رەھىم-شەپقەت تىلەپ ئۆز دىنىنىڭ نۇرى، ئىككىنچىسى. ئارى چاغدا قاتارلىق مەككار ياۋۇز باشلىقلىرىنى پاش قىلىدۇ. چاستانى ئىلىك بەگ ئۇ مەلئۇنلارنى قوغلاپ تېپىپ، جەڭ بىلەن تەسلىم قىلىپ، شەھەرنى ئازات قىلىدۇ. ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك بالايى ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇپ تىنچ بەخت-پاراۋانلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. مانا بۇ قىسسىدىكى چاستانى ئىلىك بەگ بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىيەنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇشنىڭ يارقىن مىسالىدۇر.

كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن بېرىلگەن ماقالىلارنىڭ مەزمۇنى خىلمۇ-خىلدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە قەدىمكى ئاتا — بوۋىلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ياۋۇز كۈچلەر بىلەن كۆرەش قىلىشتىكى ئىز پۈككەيدىغان قەيسەر ئىرادىسى، كۆرەشچان روھى ئىپادىلەنگەن بولسا، بەزىلىرىدە شۇ سىنىپى جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى نارازىلىق ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئىلغار ئىدىيەلىرى ئىپادىلەنگەن؛ بەزىلىرىدە يامان ئادەم، يامان ئىش، يامان ئەخلاقلارغا قارشى كۆرەش قىلىش، ياخشى ئەخلاقى پەزىلەت ۋە پاك ئىنسانىي قەلب مەدھىيىلەنگەن بولسا، يەنە بەزىلىرىدە بىلىم ئىگىلەش، ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىملىك بولۇپ ئەل ئۈچۈن ئۆلمەس تۆھپە قوشۇش مەزمۇنى ئىپادىلەنگەن. يەنە بەزىلىرىدە قەدىمدە ئۆتكەن ئالىملىرىمىزنىڭ كەشپىيات-ئىجادىيەتلىرى، خەلق، ۋەتەن ئۈچۈن قالدۇرغان ئۆلۈغ تۆھپىلەر يارىتالىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. دېمەك بۇلار ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئەھۋاللارنى، قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىلىشى، قەدىمكىلەرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى چۈشىنىشىگە، ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى پارلاق مەدەنىيىتىنى كونكرېت ھېس قىلىشىغا، ئوقۇغۇچىلاردا ۋەتەننى، ئۆز خەلقىنى قىزغىن سۆيىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشكە كۆپ تەرەپتىن ياردەم بېرىدۇ.

2) ئارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە سىنىپىي نۇقتىئىنەزەرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زوردۇر. چۈنكى كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن بېرىلگەن تېكىستلەردە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىپادە قىلىنغاندۇر. مەسىلەن: بىز ئۇلۇغ ئالىم فارابىنىڭ شېئىرلىرىدىكى:

بۇ جاھان مەڭگۈ تۇرار ساڭا مەقام-جايىڭ ئەمەس،
زەربە قىسمەتتىن خالاس بولمايدۇ ھېچكىمنى يادا.

ۋە

شەيئىلەر مەۋجۇتلىقىدىن ھەم سەۋەبلىك كائىنات،
ھەم سەۋەبلىكنىڭ تۈپەيلى ياخشىلىق ئۇندىن نىجات،

دېگەن مىسرالاردىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراش بىلەن تەربىيىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز. ئۇلۇغ ئالىمنىڭ:

بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە،
تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا.

دېگەن مىسرالىرىدىن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسلىرىنى

چوڭقۇر چۈشۈنۈپلا قالماستىن، بەلكى چوڭ پۈتۈنلۈك ئىچىدە شەخسنىڭ رولىنىمۇ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

ئۇلۇغ تۈركولوگ مەھمۇت قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدىن بېرىلگەن خەلق ماقال-تەمسىللىرى، تەمگەك، جەڭ، پەسىل، بايرام، مۇھەببەت، كۈرەش ۋە باتۇرلۇق قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ كۈرەش تارىخىنى تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدە تونۇپ چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، يەنە لۇتفى، ناۋايى، خىرقىتى، زەلىلى، نازارى، موللا بىلاللارنىڭ تېكىستىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ جاھالەتكە، قۇللۇققا، يامانلىق ۋە زۇلمەتكە قارشى ئەرك سۆيەرلىك، خەلقچىللىق سادالىرىنى ياڭرىتقانلىقىنى، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زۇلۇمنىڭ، قارشىلىق ۋە نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى كونكرېت بىلدۈرۈشىمىز لازىم.

3) كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن دەرس ئۆتۈش جەريانىدا بىرىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى تەتبىق قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى كىلاسسىك ئەسەرلەر ئۆتمۈشتىكى سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەنلىكتىن ئۇ ھەرقانچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدا يەنە مېغىزى بىلەن شاكىلى، ياخشى بىلەن قىسمەن يامان، توغرا بىلەن ناتوغرا مەلۇم ھاللاردا ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مانا بۇنداق پەيتتە بىز تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەھلىل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئىلغارلىق تەرىپىنى چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، ئۇلارنىڭ تارىخىي ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۈپەيلى بەزى خاتالىقلارغا يول قويۇشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

شۇنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىمكى تارىخىي شەرت-شارائىتتىن پۈتۈنلەي مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ياكى ئۇنىڭدىن چەتلەپ كىلاسسىكلارغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويۇش خاتا بولۇپ ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

4) كىلاسسىك ئەسەرلەردىن دەرس ئۆتكەندە ئۇنىڭدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە گۈزەل تىلنى، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېزىش ئۇسۇلىنى، كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىنى، باي تەسەۋۋۇر كۈچىنى، ئۇلار ئىشلەتكەن تىلنىڭ جانلىق ۋە ئۆتكۈرلىكىنى، ئوبرازلىرىنىڭ روشەنلىكىنى، قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى، جۈملە تۈزۈلۈشلىرىنىڭ ئىخچاملىقىنى، مۇبالىغە، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇشقا ئوخشاش ئىستىلىستىك ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىشتىكى چېۋەرلىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. مەسىلەن «دىۋان»دىكى باھار قوشاقلىرىدا:

تۈرلۈك چېچەك ئېچىلدى،
بېشىل گىلەم سېلىندى،
ئەدەن جەننەت كۆرۈندى،

سوغۇق يەنە كەلمەسۇن.

دەپ باھارنىڭ كېلىشىگە ناھايىتى مۇناسىپ چۈشكەن سۈپەتلەش ۋە ئوخشۇتۇشلارنى بەرگەن بولسا، مۇھەببەت قوشاقلىرىدا ھىجران ئازاۋىدا ھەسرەت چېكىۋاتقان بىر قىزنىڭ ھالىتىنى مۇبالىغە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئىخچام ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن:

تاشلاپ مېنى كەتمەڭىز،
ۋەدىڭىزدىن يانمىڭىز.
ئاقار كۆزۈمدىن ياش دېڭىز،
ئەگىپ يۈرۈپ قۇش ئۇچار.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك»دىن بېرىلگەن پارچىلارنى ئۆتكەندە داستاندا بايان قىلىنغان كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈشتىن تاشقىرى داستاننىڭ تىلىنىڭ ساپلىقىنى، تىلىدىكى ئوبرازلىقنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى؛ شائىر ئۆزى بايان قىلماقچى بولغان مەقسەتنى ئەڭ خۇسۇسىيەتلىك ئوبرازلارغا جۈغلاپ، ئومۇمىي ئوقۇمنى ئىپادىلەشتە تەسەۋۋۇرنىڭ غايەت زور كۈچىگە تايىنىپ ئوبرازلاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈمىز. مەسىلەن:

تىل ئارسلان تۇرۇر، كۆر، ئىشىكتە ياتۇر،
ئايا ئەۋلىگە ئەر، ساق باشىڭنى يېيۇر.

بۇنىڭدا ئاپتور ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن «تىل يۈگۈرۈكى بېشىغا، پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا» دېگەن چوڭقۇر بىر مەزمۇننى ئىپادىلىگەن. لېكىن ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ كۆركەملىكى، ئوبرازلىقى ۋە ئىخچاملىقىدىن قاراپ بېقىڭ: تىلنى ئارسلان دەپ، ئېغىزنى ئۆي دەپ، ئادەمنى ئۆي ئىگىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ 3-شەخسكە قارىتا «تىلىڭگە ئىگە بولمىساڭ بېشىڭنى يەيسەن» دېگەن ئىدىيىنى قالدۇرغان. بولا ئەمەس، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنى ئالساق، شائىر ۋە ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ ئادالەت بىلەن ھەققانىيەتنى، سائادەت بىلەن ئامەتنى، ئېقىل- ئىدىرەك بىلەن پەم پاراسەتنى، سەۋرى تاقەت بىلەن ھايا نومۇسنى يەنى «تورت شۆھرەتلىك خۇسۇسىيەتنى» «كۈنتۇغدى» «ئايتولدى»، «ئۆگدۈلمىش»، «ئۆدغۇرمىش» دېگەنگە ئوخشاش جانلىق ئوبرازلارنىڭ دىئالوگ سۆھبەت مۇنازىرىلىرىدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ يەشكەن. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ياخشى تەھلىل قىلىپ بېرىپلا ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ بۇ جەۋھەرلىكىدىن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۆتكەن كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىدىن لۇتفى، ناۋايى، خىرقىتى، زەلىلىلەرنىڭ تىلدىن پايدىلىنىشتىكى چېۋەرلىكى، ئەسەر قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆتۈش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ئۆگىتىپ چۈشەندۈرمىز، ئۇلارنىڭ تىلدىن پايدىلىنىش ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرەپلىرىنى يېزىش مەشقىدە قوللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى: بىز تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇغۇچىلارغا-تىل- ئەدەبىياتتىن جۈملىدىن كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن دەرس بەرگەندە تىلىمىزنىڭ ساپلىقى ۋە چۈشۈنۈشلىكىگە دىققەت قىلىشىمىز، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەرەب، پارس ۋە باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا تۈركى تىلىنىڭ باي خەزىنىسى بولغان «دىۋان» دىن، «قۇتادغۇبىلىك» دىن قوبۇل قىلىشىمىز، تۈركى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تىلىدىن، دىئالېكتلاردىن قوبۇل قىلىشىمىز، بۇ ئىشقا ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ بېرىشىمىز لازىم. چۈنكى بۇ ناھايىتى چوڭ ئىش بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىمىزدۇر.

I- كىلاسسىك ئەسەرلەردىن دەرس ئۆتكەندە ئەسەرنىڭ دەۋرى ئارقا كۆرۈنۈشىنى، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم. چۈنكى كىلاسسىك ئەسەرلەر قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى ياكى شائىر ئىدىكى ئىنكاسىدۇر، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە شۇ ۋاقىتتىكى رېئاللىقنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىگەندۇر. شۇڭا ئەسەر مەزمۇنىنى توغرا تەھلىل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئەسەر مەيدانغا كەلگەن جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىنى، ئاپتورنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىدىيىۋى خاھىشلىرىنى ئۆزى چوڭقۇر بىلىشى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇشى لازىم. مەسىلەن جاھانغا مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزى ئۇيغۇر تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن «دىۋان» نى ئەرەپ تىلىدا يازدى؟ بۇنىڭ بىر قانچە دەۋرى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىممى ئالىم ئەرەپ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى باغدات شەھرىنىڭ دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئالدى ۋە مۇدەررىس بولۇپ بىلىم بەردى. قىسقىسى ئەرەبلەر ئىچىدە ياشىدى. ئۇ مۇشۇ جەريان ئىچىدە ئەرەپ يۇقىرى تەبىقىسىنىڭ ئەرەپ تىلىدىن باشقا تىلدا سۆزلىگۈچىلەرنى كەمسىتىپ «ئەجەملەر» يەنى گاچىلار دىگەن ھاقارەتلىرىنى ئاڭلىدى. مانا شۇنداق بىر پەيتتە ئۆزىنىڭ مىللى ئىپتىخارىغا قايتىپ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك غۇرۇرى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئانا تىلىنى ئۇلۇغلاپ بىلىپ ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى جاھان سەھنىسىدە ئەرەپ تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن بىر قاۋۇل ئات، قېنى ئەي ئەرەبلەر! كۆرۈپ بېقىڭلار! بۇ بەيگىدە قايسى تىل ئۈزۈپ چىقىدۇ؟ دىگەن مۇددىئاسى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنمۇ، ئۆز تىلىنىڭ ئاجايىپ بىر باي، گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈنمۇ «دىۋانى لۇغەتت تۈرك» نى ئەرەپ تىلىدا يېزىپ، ئۇلارنىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن جاھاننى قايىل قىلدى.

يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزگە ئوخشاش دەۋر، شارائىت ھەم ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنى كۆزدە تۇتۇپ چۈشەندۈرمىسەك بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتكەن دەرسىمىزدىن ئۈنۈم بولمايدۇ[1] ياكى ئېغىش كېلىپ چىقىدۇ.

لېكىن دەۋرى ئارقا كۆرۈنۈش، ئاپتور ھەققىدە سۆزلەشتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى، تېكىستنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىش، دائىرىنى كەڭ يېيىپ تارىخ ياكى ئەدەبىيات تارىخىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك (بۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاقتى بار)، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىدىن ھالقىپ چوڭقۇرلاپ كەتمەسلىك، ۋاقىتنى كۆپ


AltunOq

ئىگىلىۋېلىپ دەرسنىڭ رەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك لازىم، بەزى ئەسەرلەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئاپتورنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشى ئىلگىرى تونۇشتۇرۇلغان بولسا يەنە تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت رىغبەتلەندۈرۈش-ۋەھىيەتلەشتۈرۈشكە ئوخشاش ئوتتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆتكەنلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ، مۇشۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرساق ۋە ئۆستۈرسەك بولىدۇ.

III كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن بېرىلگەن ئەسەرلەرنى ماركسىزملىق ۋە دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر، مەيدان، ئۇسۇل ئارقىلىق تەھلىل قىلىش ۋە باھالاشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.

ۋ.ي. لېنىن«پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغانمۇ ئەمەس، ئەگەر شۇنداق دەپ قارىلىدىغان بولسا، بۇ پۈتۈنلەي بىمەنىلىك بولىدۇ. پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتى، بيۇروكراتلار جەمئىيىتى، پومېشچىكلار جەمئىيىتىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ياراتقان ھەممە بىلىملىرىنىڭ قانۇنىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك....»دەپ كۆرسەتكەن بولسا يەنە «....مەسىلەر ئۆزەكلار ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن بەلكى بۇ بىلىملەرنى تەنقىدىي پوزىتسىيەدە تۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك....» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك لېنىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پرولېتارىيات تارىختىكى مەدەنىي مىراسلارغا نىسبەتەن نىگىلىستىك ئۇسۇل قوللىنىپ ئۇنى ھەرگىز پۈتۈنلەي يوققا چىقارمايدۇ. شۇنىڭدەك تەنقىدىي كۆز ئەتمەي تۇرۇپ قارا-قويۇق قوبۇل قىلىۋەرمەيدۇ.

بۇ جايدا شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى: دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن كىلاسسىك ئەدەبىيات تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زىيالىيلىرى بولسىمۇ ئۇلار ئۆز سىنىپىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ مەلۇم ئىلغار ئەھمىيەتكە، دېموكراتىك تەندەنسىيەلەرگە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى يازغان. بۇلارنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق لازىمكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پاش قىلىشتىكى ئاخىرقى مەقسىتى ھۆكۈمران گورۇھقا ئېقىل ئۆگىتىپ ئۇلارنى ئادالەتكە چاقىرىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىپ كېلىشىنى ئالغا سۈرۈش، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنىڭ گۇمران بولۇشىنى كېچىكتۈرۈپ ئۇ تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ مۇنداق قارىشىنى، مەيدانىنى شۇ ۋاقىتنىڭ دەۋر چەكلىمىسى، دىنىي ئېتىقادى ھەم ئۇلارنىڭ سىنىپىي كېلىپ چىقىشى بەلگىلىگەن. دەرس ئۆتكەن چاغدا بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى سىنىپىي ئانالىز ئۇسۇلى بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ چەكلىمىلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش لازىم.

IV كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن دەرس ئۆتۈشتە ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئوقۇپ چۈشەندۈرۈش يەنى تېكىستنى جۈملىمۇ-جۈملە مىسرامۇ-مىسرا ۋە كوپلېتلارنى يېشىشتۈرۈش ئاساسىدا كونا تىل ۋە يېڭى تىلدىكى ئوقۇملارنى سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش مېتودىنى قوللىنىش لازىم. بولۇپمۇ مۇھىم نوقتىلارنى تىلدىكى

ئۆزگىچىلىك ۋە ئۆزگىرىش (فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر) لەرنى ئەنە شۇ نۇسخىلاردا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈش كېرەك.

بىزگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىن كىرگەن تېكىستلەر دەۋر ئېتىبارى بىلەن بىر قانچە خىلغا بۆلۈنگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، تىلى ۋە يېزىش ئۇسلۇبى شۇ دەۋرلەرگە قاراپ ھەر خىلدۇر. مەسىلەن مىلادىيە VI، VII ۋە VIII ئەسىرلەردە ئورنىتىلغان ھەككىلىك تاش يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مەزمۇنى، تىلى ۋە ئۇسلۇبى ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىككە بولغان بولسا قوچۇ تۇركلىرى دەۋرى (ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى) ۋە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىياتىنىڭمۇ مەزمۇنى، تىلى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئايرىملىقلار باردۇر. بولۇپمۇ XIII ئەسىردىن كېيىنكى چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (VII – XI ئەسىرلەردىكى ئەدەبىيات) نىڭ مەيلى مەزمۇنى، تىلى، يېزىش ئۇسلۇبى ۋە باشقا تەرەپلىرىدە خېلى چوڭ ئۆزگىچىلىك باردۇر. بىزنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىمىزغا ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ھەر قايسىسىدىن ئېلىنغان تېكىستلەر كىرگۈزۈلگەن ۋە بۇ تېكىستلارغا تەپسىلىي ئىزاھلار، تەرجىمە چۈشەندۈرۈشمۇ بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلار چۈشەندۈرۈشلەردىن پايدىلىنىپ تېكىستنى ئوقۇسىمۇ يەنىلا تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق تېكىستلەردىن دەرس ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا ئاپتورنى ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى تونۇشتۇرۇش، ئەسەرنى باھالاش قاتارلىقلار ئىخچام بولۇشى، مەزمۇنىنىڭ خۇلاسە تەھلىلى قىسقىچە ۋە ئېنىق بولۇشتىن باشقىرى كۆپرەك ۋاقىت تېكىستنى جۈملىمۇ-جۈملە سېلىشتۇرۇپ، چۈشەندۈرۈش بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. تېكىستنى جۈملىمۇ-جۈملە (مىسرامۇ-مىسرا) چۈشەندۈرۈش ۋاقتى ھېچ بولمىغاندا پۈتۈن ۋاقىتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەش كېرەك. تېكىستنى جۈملىمۇ-جۈملە چۈشەندۈرۈشكە قويۇلىدىغان تەلەپلەر تۆۋەندىكىچە بولسا بولىدۇ.

(1) ھەر خىل سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، ئەينى تېكىستنى راۋان ئوقۇشقا ئۆگىتىش لازىم. بۇ مەسىلىدە ئوقۇغۇچىلار قىينىلىدۇ. بىز ئوقۇغۇچىلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ بىر پارچە كىلاسسىك ئەسەر ئۆتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى چۈشىنىپ توغرا، راۋان ئوقۇيالايدىغان قىلىشىمىز زۆرۈر.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تېكىستنى جۈملىمۇ-جۈملە چۈشەندۈرگەندە ئوقۇغۇچىلارغا قەدىمكى سۆزلۈكلەرنى توغرا ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشۈنىشنى ئۆگىتىش لازىم.

ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ئۈچۈن يېڭى بولغان سۆزلەرنى، جۈملىلەرنى كۆپ ئوقۇش، ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئوقۇش تەس بولغان سۆز- جۈملىلەر، ئابزاسلارنى ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ باشلاپ ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئەسلى تېكىستنى راۋان ئوقۇيالايدىغان قىلىش كېرەك. بۇ تېكىست ئۆتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار تېكىستنى دۇدۇقلاپ بەزى سۆز جۈملىلەرنى خاتا ئوقۇسا، بۇ دەرس مۇۋەپپەقىيەتسىز ئۆتۈلگەن دەرس بولىدۇ.

(2) سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم. دەرس ئۆتكەندە بىرەر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئادەتتىكىچە ئىزاھلاپ قويماي، ئوقۇغۇچىلارغا بۇ

سۆزنىڭ شۇ ئالاھىدە مۇھىتىدىكى ئالاھىدە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن تولۇق ئوتتۇرا 3-قىسىم كىتابىتىن «ئوغۇزنامە» نىڭ تېكىستىدىن مىسال ئالايلى: «كەدە كۈنلەردەن بىر كۈن ئاي قاغاننىڭ كۆزو يارىپ بودادى...» بۇ جۈملىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئۆرۈپ باقايلى: «شۇنداق كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاي خاقاننىڭ كۆزى يورۇپ بوشاندى» بۇ ئىككى جۈملىنىڭ سۆز تەركىبىنى تەكشۈرسەك بەزى لوغەتلەردە مەسىلەن "كۈن"، "ئاي"، "بىر" دېگەن تۈپ سۆزلەردە ئۆزگىرىش يوق. لېكىن يەنە باشقا سۆزلەر مەسىلەن «قاغاننىڭ»— (خاقاننىڭ)، «كۆزو» (كۆزى) «يارىپ» (يورۇپ)، «بوداي» (بوشاندى) دېگەن سۆزلەردە زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاۋۇشلاردا مورفولوگىك ئۆزگىرىش، ھەتتا بىر سۆزدە لېكسىكىلىق ئۆزگىرىش بولغان. بۇنىڭدىن باشقا ئىزلىغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان» ىدىن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن تۆۋەندىكى مىسالغا قارايلى:

ئىشتا ئاتا—ئاناڭنىڭ ساۋلارنى قادىرما،
ئەگە كۆپ بولۇپ قۇۋازلىق قىلىپ يەنە قوتورما،

بىرىنچى مىسرادىكى «ئىشتا ئاتا—ئاناڭنىڭ» دېگەن ئۈچ سۆز مەيلى يېزىقتا مەيلى ئۆزىگە قوشۇمچە قوبۇل قىلىشتا بولسۇن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش: ئۇنىڭدىن كېيىنكى «ساۋلارنى» «قادىرما» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھازىرقى مەنىسى «سۆزلىرىنى» «قايتۇرما» دېگەن بولۇپ زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. ئىككىنچى مىسرادىكى «كۆپ بولۇپ» «قىلىپ يەنە» دېگەن سۆزلەر ھازىرقى تىلىمىز بىلەن ئوخشاش، لېكىن: «ئەگە» «قۇۋازلىق» «قوتورما» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى مەنىسى «ئەگ» ئىگىلىكنىڭ، بايلىقنىڭ ياكى مۈلكۈڭ دېگەن بولسا، «قۇۋازلىق» — تۇغرىلىق دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. «قوتورما» «قوتىراپ كەتمە» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئەمدى يېزىپ كۆرسەك:

ئىشتا ئاتا—ئاناڭنىڭ سۆزىنى قايتۇرمىغىن،
مۈلكۈڭ كۆپەيسىمۇ مەغرۇرلىنىپ قوترۇمىغىن.

دېگەن ئاجايىپ چوڭقۇر بىر نەسىھەت خاراكتېرلىك مەزمۇننى بېرىدۇ. كېيىنكى دەۋرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ سۆزلۈكلەرنى ئىشلىتىش، تىلنى قوللىنىش ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بار. بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئىسلامىيەتنىڭ كىرىشى بىلەن ئەرەب پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قەدىمكى تىلىمىزدىكى بىر ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك ۋە كۆركەم، راۋان بولغان سۆزلۈكلەرنىڭ ئورنىنى ئەرەب، پارس سۆزلىرى ئىگىلەپ قالدى. بۇلارنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم. كىلاسسىك تىلدا بىر سۆز كۆپ ھاللاردا بىر نەچچە خىل مەنىگە ئىگە بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ بىرەر مەنىسىنى بىلىپ ئىككىنچى مەنىسىنى بىلمىسە ئىككىنچى بىر ئورۇن—تىل مۇھىتىدا شۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى كۆپ ئىزدىنىپ، كۆپ تەييارلىق قىلىپ ۋە كۆپ ئۆگىنىپ دەرسنى ئەتراپلىق ئۆتۈپ ئوقۇغۇچىلارنى قەدىمكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

تىل جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ.
سۆزلەرنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى مەنىلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا ئۆزگىرىدۇ، ھەتتا پۈتۈن-
لەي ئوخشاش بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچى كىلاسسىك ئەسەرلەردىن دەرس ئۆتكەندە سېلىشتۇ-
رۇش ۋە باشقا ئۇسۇللارنى قوللانسا ئوقۇغۇچىلار سۆزلەرنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى
مەنىلىرىنى پەرق ئەتەلەيدىغان، چۈشىنەلەيدىغان بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ
لۇغەت فوندى بېيىسا، بىلىمى ئۇسۇپ قالىدىن راۋان پايدىلىنالايدىغان
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يېزىش قابىلىيىتى، تەھلىل قىلىش قابىلىيى-
تى ھەم تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

(3) سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئاساسىدا جۈملىلەرنىڭ مەنى-
سى ۋە ئۆزئارا باغلىنىشىنىمۇ ياخشى ئىگىلىيەلەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ. بۇ-
نىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى قەدىمكى تىلنىڭ جۈملە تۈزۈلىشىگە ئالاھىدە دىققەت
قىلدۇرۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچى قەدىمكى ۋە ھازىرقى گىراماتىكىنى سېلىشتۇرۇش
ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى جۈملىنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشىنىدىغان قىلىش بىلەن
قالماستىن، بەلكى كونا يازما ئەدەبىي تىل گىراماتىكىسىنىڭ بەزى قانۇنىيەتلى-
رىنىمۇ تەدرىجىي ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

تېكىستنى كوپلېتمۇ-كوپلېت ۋە جۈملىمۇ-جۈملە چۈشەندۈرگەندە ئوقۇتۇش
پروگراممىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مۇھىم نۇقتىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى دەرس
تەييارلىغاندا چۈشۈنۈش ۋە چۈشەندۈرۈش تەس بولغان جايلارنى قىيىن نۇقتا دەپ
ھېسابلاپ ئەسلى دەرستە ئىزاھلاردىن قوشۇمچە پايدىلىنىپ، بۇنداق ئورۇنلارنى جۈمە-
لىمۇ-جۈملە نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈش كېرەك.

تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار كۆپ ھاللاردا تېكىستنى تەھلىل قىلىش بىلەن
جۈملىمۇ-جۈملە چۈشەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوقۇ-
غۇچىلارنى سۆز، جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېكىستتىكى
ئىدىيىۋى مەزمۇن، يېقىملىق گۈزەل تىل، ئەسەر قۇرۇلۇشىدىكى چەۋەرلىكلەرنى ئوبدان
چۈشىنىش ۋە ئېغىزچە يا يان ھەم يېزىق مەشقىدە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

V كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن دەرس ئۆتكەندە كونۇكمىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە
مەشىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، كۆپرەك ئېغىزچە، يازمىچە تەرجىمە (كونا تىلنى ھازىر-
قى تىلغا ئۆرۈش) مەشقى ئېلىپ بېرىش ۋە يادلاشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.
ھەقىقىي بىلىم ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. كىشىلەر يۇنى تەكرار ئۆگىنىش ئارقىلىق
ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ ئەمەلىيەتتىن كېلىپ تەكرار — تەكرار تەجرىبە
سىناقلاردىن ئۆتۈپ يەكۈنلەنگەن بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئورنىدۇر. بۇ جايدا تەكرار
مەشىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش قانچە كۆپ بولسا، تېكىستتىكە بولغان چۈشەن-
چىسى شۇنچە چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچى قەدىمكى ئەسەرلەردىن دەرس ئۆتكەندە ئۇنى ئۆتۈپ بولۇپلا «ۋەزى-
پىنى ئادا قىلدىم» دەپ قارىماستىن، ئۆزى ئۇلگە كۆرسىتىپ تەجرىبە قىلغاندىن
تاشقىرى ئوقۇغۇچىلارغا قايتا-قايتا ئېغىزچە ۋە يازمىچە تەرجىمە مەشقى قىلدۇرۇشى لازىم.

پۈتۈن تېكىستنى تەرجىمە قىلمىسىمىز، بىرەر ئابزاس ياكى بىر نەچچە كۇپلېتنى تەرجىمە قىلسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق مەشق ئېلىپ بارغاندا مەقسەت ئېنىق بولۇش، ياخشى رىغبەتلەندۈرۈش ھەم قاتتىق تەلەپچان بولۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار تېكىستنىڭ مەنىسى تەرجىمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قىلىش ئاسان دەپ قاراپ دەرھال ئىشلىسىمۇ، لېكىن ئۆزى تولۇق چۈشۈنۈپ كەتمىگەندە سۆز-جۈملىلەرنى كۆپ ھاللاردا ئۆرۈمەي تاشلاپ كېتىدۇ، ياكى تەخمىنەن بىر نېمە دەپ قۇراشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق ھاللاردا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىپەرۋالىق قىلماي چوڭقۇر ئىزلىنىشىنى، سۆز جۈملىلەرنى توغرا تەرجىمە قىلىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتنى ياخشى ئوقۇش ئىقتىدارىنى تېزرەك ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلاردا ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ بىپەرۋالىق قىلماي ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلىش ئىستىلىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىشتە كۆپرەك ياد ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز ئۇدۇملۇق ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. مەسىلەن: تىكىن — شەھزادە، بەدۈك — بۈيۈك ئوران — بەلگە، ئادغىر — ئايغىر، قۇت — بەخت، ئادىق — ئېيىق، قاغان — پادىشاھ، بادرام — بايرام، بالىق — شەھەر، قادغۇ — قايغۇ، ئارۇن — دۇنيا ھەكەنگە ئوخشاش قەدىمكى — ھازىرقى سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى يادلاشقا بېرىش، ئىزاھلاردىكى ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنى مەنىسىگە قوشۇپ يادلاش، ھەر خىل پارچىلارنى، شېئىرلارنى يادلاش ناھايىتى مۇھىمدۇر. قەدىمكى ئەسەرلەرنى پىششىق ئوقۇغان ۋە ياد ئوقۇغاندا كىلاسسىك يازما ئەدەبىي تىل جۈملىلىرىنىڭ شەكلى بىلەن تەدرىجى تونۇشقىلى، سۆز مەنىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلىنىشىنى چۈشەنگىلى، قەدىمكى تىلنىڭ بەزى قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. بۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئۆگىنىش، ئوقۇشتىكى ياخشى تەجرىبىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش لازىم. نېمىنى يادلاش، قانچىلىك يادلاشنى ئۆتۈلىۋاتقان دەرس ۋە كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ئوقۇتقۇچى ئۆزى بەلگىلىشى، ھەرگىز زورمۇزور ھەممىگە بىردەك تەلەپ قويماسلىق كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل تېمىلىرىدىن دەرس ئۆتۈشتە بېرىدىغان مېتودىك مەسلىھەتلىرىمىزدۇر.

1986 - يىل ماي، قەشقەر

Altunoq

# بىزنىڭ ئالىملىرىمىز

فىلولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى شەرىپىدىن ئۆمەر

ئىزدىنىش



يېتەكلەش



شەرەپ



تۆھپە

مۇھەممەت تۇرسۇن فوتوسى



نۇرباي فوتوسى




مۇھەممەت تۇرسۇن فوتوسى


# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى

# 喀 什 师 范 学 院 学 报

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى

تەھرىر بۆلۈمى نەشىر قىلدى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى

يېزا ئىگىلىك 1- دىۋىزىيە مەتبەئەسىدە بېسىلدى

نومۇرى: CN65-1014/z　　باھاسى: 0.60 تىيىن